ISSN 1002-9044



# تارىم

1997 3


ISSN 1002-9044

9 771002 904009 03>

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم
رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچە-
لەر بىرلەشمىسى 5-قۇرۇلتىيى-
دىن كۆرۈنۈشلەر



يىغىن زالى



ۋاڭ لېچۈەن شۇجى سۆز قىلماقتا



رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت سۆز قىلماقتا



قېيۇم باھاۋۇدۇن ۋەكىللەر ئارىسىدا

# تارىم

ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

47-يىل نەشرى

3

1997


باش مۇھەررىر

مەھەممەت شاۋۇدۇن

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر

ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

تەھرىر ھەيئەتلەر

(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

ئابدۇسالام توختى، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر، ئابدۇراخمان ئەبەي، ئازاد سۇلتان، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن، زوردۇن سابىر، قەييۇم تۇردى، مەھەممەت زۇنۇن، مەمتىمىن ھوشۇر، مەھەممەت شاۋۇدۇن، ئوبۇل ئىسلام، ئېلى زاھىد، ئىدرىس بارات، ئىمىن تۇرسۇن.

# بۇ ساندا

## نەسري ئەسەرلەر


| | | |
|---|---|---|
| ئالمجان قادىر | سۇبھى نۇرىدا يورۇغان يول (ئەدەبي ئاخبارات) | 4 |
| ناله | مەڭگۈلۈك ھەسرەت (پوۋېست) | 22 |
| ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر | توي كۆلەڭگىسى (ھېكايە) | 63 |
| غۇنچەم سەمەت | ياشلىق خاتىرىلىرى (ھېكايە) | 72 |
| مەريەم تۇردى | بىرتامچە ياش (ھېكايە) | 77 |
| ئايگۈل مويدىن | يېرىلغان باش (ھېكايە) | 96 |
| غازى ئەھمەد | بالا باخشى (ئەسلىمە) | 106 |
| مەھەممەت تۇرسۇن باھاۋىدىن | يامغۇردىن كېيىن (نەسر) | 116 |
| ئوسمان قاۋۇل | قۇياش، دەريا، ۋەتەن (نەسر) | 118 |
| ئامىنەگۈل ھېكىم | تەسرات تامچىلىرى (نەسرلەر) | 124 |


## نەزمي ئەسەرلەر


| | | |
|---|---|---|
| تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن | سېنى دەپ ياشايمەن، ئەي يۈرەك پارەم | 56 |
| رەيھانگۈل نىزام | جان ئۇزاتتىڭ روھىمغا مېنىڭ | 59 |
| بېلىقىز سۇلايمان | ئائىلە قوشاقلىرى | 59 |
| تۇرسۇننسا ئوسمان | يىللار سەپەردە | 60 |
| ئامىنەم ئابدۇۋەلى | ھالقىش | 61 |
| روزىگۈل سادىر | سەھەر لىرىكىسى | 61 |
| ئامىنەم مىجىت كەۋسەر | كۆلكەڭ بىلەن رەڭلەنسۇن ئالەم | 62 |
| مۇھەممەت ئىمىن | كۆڭۈل ئاسمىنىدىكى چاقماقلار | 83 |
| ئابدۇللا ساۋۇت | ۋىسال ئارزۇسىدا | 86 |
| ئابلەت ئەخمەت | تىلەيمەن سىلەرگە خەيرلىك سەھەر | 88 |
| ئەركىن مۇھەممەت كامالى | ئۇلۇغ جان ئانا | 89 |
| ئۆمەرجان شاۋۇدۇن | ھايات قەدرى | 90 |
| مۇرات ناسىر | نورۇز ئىلھامى | 91 |
| نۇر مۇھەممەت ياسىن ئۆركىشى | ئون توققۇزىنچى باھار | 92 |

# بۇستاندا


ئەنۋەر قۇتلۇق نەزەرى...... سېنى ئىزدەپ كېتىپ بارىمەن........... 93
ئەخەت كەلپىن ئىنسانى.... ئۆلۈكلەر ناخشىسى.................... 94
ئەزىز روزى............... بىلدى........................... 94
غوجىمۇھەممەت مۇھەممەت...... ئىككى غەزەل..................... 95

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات‐سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 5‐قۇرۇلتىيىنى تەبرىكلەيمىز

ۋاڭ لېچۈەن............... ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 5-قۇرۇلتىيىدا سۆزلىگەن سۆز... 126
ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەرنىڭ كاتتا مەرىكىسى... 135

## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز

مۇھەممەت ئىمىن........... ھېسسىيات ۋە ئەدەبىيات............... 141
تۇرسۇن مۇھەممەت ئىمىن....... پىروزىچىلىقىمىزدىكى ساتىرىك ئەسەرلەرگە بىر نەزەر... 147

## ئالتۇن رۆجەك

ئىككى ھېكايە.................... 153

## ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار

قايغۇلۇق خەۋەر.................. 159
ئاپتورلارغا خەت.................. 160


* * *


رەسسام: پەرھات ئىبراھىم
مەسئۇل كوررېكتور: قەييۇم تۇرسۇن

ئالىمجان قادىر

# سۇبھى نۇرىدا يورۇغان يول

## (ئەدەبىي ئاخبارات)

### ئازابلىق خىياللار

شىنجاڭنىڭ «ناخشا-ئۇسسۇل ماكانى» دېگەن چىرايلىق نامى بار. ئۇيغۇرلار ھەقىقەتەن ناخشا-ئۇسسۇلغا ھېرىسمەن خەلق. شۇڭىمۇ كىچىك باللىرىنىڭ ناخشا ئېيتىشقان ياكى ئۇسسۇل ئويناشقانلىقىنى كۆرگەن ئاتا-ئانىلار چىن دىلىدىن سۆيۈنۈپ، ئەقىللىك قوزام، يارامىلىق ئادەم بولغۇدەكسەن! دېيىشىدۇ. پەخىرلىنىپ تىلغا ئالىدىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭمۇ ھەممىسى دېگۈدەك سەنئەتكار، شائىر ياكى يازغۇچى. بىز مانا مۇشۇنداق «ناخشىچى مىللەت»، «ئۇسسۇلچى مىللەت»، «شائىر مىللەت» بولساقمۇ ئىنسانىيەت ئاللىبۇرۇن ئۇچۇر دەۋرىگە قەدەم قويغان، چەكسىز ئالەمگە يۈرۈش قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە يەنىلا مىڭ يىل ئىلگىرى ياشىغان مەھمۇت قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپلارنىڭ نامى بىلەن ئۆزىمىزنى سۆيەتلەپ، «تۇغما ئەقىللىكمەن» دەپ ئۆزىمىزگە تەمەننا قويۇپ يۈرۈۋاتىمىز. 12 مۇقامدەك بۈيۈك سەنئەت بايلىقىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرەلىگەن بۇ مىللەتنىڭ بۈگۈنكىدەك تەرەققىي قىلغان دەۋردە ياشاۋاتقان ئەۋلادلىرى تېخىمۇ زور بايلىق ياراتماقتا يوق، مۇزىكىسىنى بىر مىللەتنىڭكىدىن، تېكىستىنى يەنە بىر مىللەتنىڭكىدىن كۆچۈرۈپ كېلىپ، تېرىپ، يىغىپ قېتىۋالغان «ناخشا»لارنى توۋلاپ يۈرىمىز......

ئىنسانىيەتنىڭ بۈگۈنكى تەرەققىياتى تەبىئىي پەن ۋە سانائەتنىڭ تەرەققىياتىدىن كەلگەنلىكى ھەممىيلەنگە ئېنىق بولغان ھەقىقەت. ئۇيغۇرلاردىن مەن نامىنى بىلىدىغان ۋە ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى ئەربابلار ئىدى. ئەجىبا، بىزنىڭ تەبىئىي پەن ئالىملىرىمىز، مۇتەخەسسىس، ئىنژېنېرلىرىمىز يوقمىكەن؟ مەن تاقەتسىزلىك بىلەن ئىزدىدىم. تەلىيىمگە بىر نەچچىسى چىقتى. ئەمما بۇلار تولىمۇ ئاز ئىدى!

تىببىي ئىلىم ئىنسانلارنىڭ ھاياتى بىلەن باغلىنىشلىق بولغان، كىشىلەرگە بىۋاستە مەنپەئەت يەتكۈزەلەيدىغان ئىلىم، شۇڭا ھەممىيلەن ئۇنىڭغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ.

بېرىدۇ. ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن تەبىئىي پەن ساھەسىدە مەيلى كۆلەم ياكى سەۋىيە جەھەتتىن بولسۇن، ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغىنى يەنىلا تىببىي ئىلىم بولسا كېرەك. بۇنىڭدىن 40 يىل مۇقەددەم ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، مەكتەپ يۇرغۇنلىغان تىببىي خادىملارنى تەربىيلەپ، شىنجاڭنىڭ سەھىيە-ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىدا تايانچلىق رولىنى جارىي قىلدۇرۇپ كەلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان بۇ ئىلمىدىكى ئورنى قانداق؟ قانچىلىك ئالىم-مۇتەخەسسىسلىرىمىز بار؟ ئۇلارنىڭ سەۋىيىسى قانچىلىك؟ مەن ئەسەرىمدە ئۇيغۇرلاردىن تىببىي ئىلمىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ۋەكىللىك قىلغۇچى روزى ھاجى مۇھەممەدى ۋە دوكتور ئادالەت ئەخمەتجاننىڭ ھايات يولى، ئېتىقادى، ئۈمىد-ئارزۇلىرى، شۇنداقلا تىببىي ئىلمىنىڭ ئۇچىقى بولغان شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇتىنىڭ پەن-تەتقىقات ئەھۋالى ئارقىلىق يۇقىرىقى سوئاللارغا يۈزەكى بولسىمۇ جاۋاب بەرمەكچىمەن.

## يۈرەكلەر ئۈچۈن سوققان يۈرەك

1953-يىل، ئاۋغۇست.

قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ سەييارە داۋالاش ئەترىتى دورا ساندۇقلىرىنى ئېشەكلەرگە ئارتىپ، ئوپال يېزىسى تەۋەسىدىكى بىر چىغىر يولدا كېتىپ باراتتى. تۈيۈقسىز يول بويىدىكى زارەتگاھلىق تەرەپتىن بىر ئايالنىڭ ئېچىنىشلىق نالىسى ئاڭلاندى. ئۇلار چۆچۈپ ھەم ئەجەبلىنىپ، ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ يۈرۈشتى. ئەسلى سەپەر ئۈستىدىكى بىر ئايالنىڭ تۇغۇتى قىستاپ قالغان بولۇپ، بۇ يەردىكى بىر تاشلاندۇق كەپىدە ئەزرائىل بىلەن ئېلىشماقتا ئىدى.

داۋالاش ئەترىتىدىكى خادىملار قولىدىن كېلىدىغان بارلىق چارىلەرنى ئىشقا سېلىپ، بىر سائەتتىن ئارتۇق تىرىشىپ، ئايالنى ساق-سالامەت تۇغدۇردى. بوۋاقنىڭ ئاچچىق يىغىسى بىلەن تەڭ پۈتۈن جىسمىنى سوغۇق تەر قاپلىغان، چىرايى تاتىرىپ كەتكەن ئانىنىڭ يۈزىدە شادلىق نۇرى جىلۋە قىلدى!

بۇ ۋاقىت داۋالاش ئەترىتىدىكى 17-18 ياشلاردىكى بىرياشقا — 1948-1949-يىللىرى قەشقەردە ئېچىلغان يېڭىچە تىببىي ئىلىم بويىچە دوختۇر تەربىيلەش كۇرسىدا ئوقۇپ، سىنىستېرالىق، فىلدىشىرلىق قىلىپ يۈرگەن روزى ھاجىغا چوڭقۇر تەسىر قىلدى. ئۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تۇغۇت ئۈستىدە داۋا تاپالماي ئۆلۈپ كەتكەن نۇرغۇن ياش ئانىلارنى، ھەرخىل كېسەللەر بىلەن ئازاب چېكىپ، دۇنيادىن بىمەھەل ئايرىلغان قانچىلىغان كىشىلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، ئۆزىنىڭ ئاتىسى، بىر ئىنىسىمۇ سىل كېسىلى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەنىدى. شۇڭا ئۇ كېسەللەرنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ، ئازابىنى

يېنىكلىتىش ئۈچۈن دوختۇر بولۇشنى كۆڭلىگە پۈككەن ئىدى. بۈگۈن ئۇ ئۆزى قىلىۋاتقان بۇ خىزمەتنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغلۇقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەندى. شۇنداقلا بىلىدىغانلىرىنىڭ تولىمۇ ئاز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ بويىنىغا ئېسىۋالغان تىڭشىغۇچقا قاراپ كۈلۈپ قويدى. بۇنى ئېسىۋالغان بىلەن قايسىسى ئورگانىزم چىقارغان نورمال ئاۋاز، قايسىسى كېسەللىك... ھېچنېمىسىنى پەرق قىلالمايدۇ. بۇ ئەھۋال بىلەن قانچىلىك كېسەل داۋالىيالىسۇن؟ ئۆز ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن چوقۇم تىببىي ئىلىمنى پۇختا ئىگىلىشى كېرەك!

كىشىلىك تۇرمۇشتا تۈپتۈز يول بولمايدۇ. ئۇ تۇرۇۋاتقان بۇ يەرنىڭ شەرت-شارائىتى تولىمۇ ناچار ئىدى. ياش روزى ھاجىنى يېتەكلەيدىغان، ئۇنىڭ ئۆگىنىش تەشناللىقىنى قاندۇرىدىغان ئۇستاز يوق دېيەرلىك ئىدى. ئەمما ئۇلۇغۋار غايىسىدىن كۈچ-قۇۋۋەتكە تولغان روزى ھاجى قىلچە بوشاشمىدى. تىببىي ئىلىمگە ئائىت تاپالىغانلىكى كىتابلارنى قېتىرقىنىپ ئۆگەندى. پېشقەدەم تېۋىپلاردىن تەلىم ئالدى.

1956-يىلى ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇتى قۇرۇلدى. روزى ھاجى دەسلەپكى تاللاش ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ، ئوتتەك قىزغىنلىق ۋە زور ئۈمىد بىلەن بۇ مەكتەپنىڭ تۇنجى قارار ئوقۇغۇچىسى بولۇپ ئوقۇشقا كىردى. ئەمما ئارزۇ بىلەن رېئاللىقنىڭ ھامان بىردەك بولۇشى ناتايىن. بۇ مەكتەپ ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەردىن يۆتكەپ كېلىنگەن ئوقۇتقۇچىلار بىلەن قۇرۇلغان بولۇپ، دەرسلەر ئاساسەن خەنزۇ تىلىدا ئۆتۈلەتتى، ئوقۇغۇچىلار بولسا چوقۇم خەنزۇ تىلى ئىگىلىشى زۆرۈر ئىدى. بىرەرمۇ خەنزۇچە خەت بىلمەيدىغان، ھەتتا ئوتتۇرا مەكتەپنىمۇ تولۇق ئوقۇيالمىغان روزى ھاجى ئۈچۈن بۇ تېخىمۇ چوڭ سىناق ئىدى. بىراق ئۇ بۇنىڭدىن قىلچە قورقۇپ قالمىدى. چۈنكى ئۆزى كىچىكىدىن كۆرۈپ كەلگەن نامراتلىق، نادانلىق ئىچىدە ياشاۋاتقان كىشىلەر، ئەجەل ئىلاھىنىڭ قولىدا دۇنيادىن ئارمان بىلەن كەتكەن دادىسى، ئىنىسى ۋە باشقا كىشىلەر كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى، ئوتتۇرا مەكتەپتىكى مەرىپەتپەرۋەر ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ چوڭقۇر ئىشەنچ بىلەن: «بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزدىن جاھان ئەھلىگە تونۇلغان نۇرغۇن ئالىملار يېتىشىپ چىققان. ئەۋلادلار چوقۇم ئەجدادى قىلغاننى قىلالايدۇ ۋە ئاشۇرۇۋېتەلەيدۇ. بىزنىڭ خەلقىمىز گەرچە نامراتلىق، نادانلىق ئىچىدە ياشاۋاتقان بولسىمۇ، بۇ كۈنلەر ئۇزۇنغا بارمايدۇ. سىلەر پەن-تېخنىكا تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىۋاتقان دۇنيادا ياشاۋاتىسىلەر. پەقەت جاپا-مۇشەققەتتىن قورقماي ئىزدىنىدىغانلا بولساڭلار، كەلگۈسىدە يارامىلىق كىشىلەردىن بولۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ، مىللىتىمىزنىڭ ھازىرقى قالاق ھالىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىپ بېرەلەيسىلەر» دېگەن سۆزلىرى قۇلاق تۈۋىدە ياڭراپ تۇراتتى.

مەن بىر جاپاكەش، دۇنيادىن بىخەۋەر قالغان مىللەتنىڭ ئەۋلادى، — دەپ

خىتاب قىلدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە ، — بۈگۈنكىدەك ئالىي مەكتەپكە كىرىش پۇرسىتى ئۇنچىلا ئاسان قولغا كەلمىدى. مەن بۇ ۋاقىتنى قەدىرلىشىم ، مەيلى قانداق قىيىنچىلىق بولسۇن ، چوقۇم يېڭىپ ، ئۆز ئارزۇيۇم ئۈچۈن ، يارامىلىق بىر تىببىي خادىم بولۇش ئۈچۈن تىرىشىشىم كېرەك!

ئۇ دېگىنىنى قىلدى. تاڭ يورۇماستىنا ئورنىدىن تۇرۇپ ، خەنزۇچە خەتلەرنى يادلاش ، جىنچىراغ ئاستىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ ، يېرىم كېچىگىچە مەشىق قىلىش ئارقىلىق تىل ئۆتكىلىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتۈپ ، ھەر خىل يەرلىك شىۋىدە سۆزلەيدىغان ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ دەرسىنى چۈشىنەلەيدىغان بولدى. ساۋاقداشلىرىنىڭ نەزەرىدە ئۇ بىر غەلىتە ئوقۇغۇچى ئىدى. بىرەر پەندە ئۈچ نومۇر ئالغۇدەك بولسا ، كېچە - كېچىلەپ ئۇخلىماي كىتاب كۆرەتتى ۋە قايتا ئىمتىھان بېرىشنى تەلەپ قىلىپ ، ئوقۇتقۇچىنىڭ كەينىگە كىرىۋالاتتى. بەش نومۇرغا ئېرىشمىگۈچە كۆڭلى ئەمىن تاپمايتتى... ئۇ مانا مۇشۇنداق ئەلا نەتىجىلىرى بىلەن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ، ئانا مەكتەپكە خىزمەتكە چىقتى.

تەكشۈرۈش ، داۋالاش ئەترىتى بىلەن تەگرى تېغىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىنى ئايلىنىپ كەلگەندىن كېيىن ، ئۇ مەكتەپتە ئۈگەنگەنلىرىنىڭ تېخى دەسلەپكى ئاساس ئىكەنلىكىنى ، ئۆز ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ، تىببىي ئىلىمگە ئىچكىرىلەپ كىرىش زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلدى. بولۇپمۇ يېتەكچى ئوستازى ، چېگرا رايونغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلگەن پروفېسسور خۇاڭ نەنچىڭنىڭ : « ھاجى ، سەن غەربچە تىببىي ئىلىم بويىچە يېتىشىپ چىققان تۇنجى ئەۋلاد ئۇيغۇر دوختۇرى ، بىمار ساقايتىشقا ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن ئالدىڭغا كېلىدۇ ۋە ھايات - ماماتىنى قولۇڭغا تاپشۇرىدۇ. ئەگەر سەن ئازراقلا بىپەرۋالىق قىلىدىغان بولساڭ ، ئۇلارنىڭ جېنى بارماقلىرىڭنىڭ ئارىسىدىن چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇنداقتا سەن ھەرگىزمۇ ياخشى دوختۇر بولالمايسەن! ھەقىقىي ياخشى دوختۇر بولۇش ئۈچۈن ، ھەر بىر بىمارنى ئۆز ئاتا - ئاناڭ كۆرۈشۈڭ ، ئۆزۈڭنىڭ شەخسىي مەنپەئەتى ، شادلىقى ۋە راھەت - پاراغىتىنى ئۇلارنىڭ ئازابىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن قۇربان قىلىشىڭ كېرەك. ئەنە شۇندىلا ، خەلقنىڭ ياخشى ئوغلى بولالايسەن » دېگەن سۆزلىرى ئۇنىڭ يارامىلىق بىر تىببىي خادىم بولۇش ئارزۇسىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى.

ئۇ ئىشنى ئۆزى كۆرگەن ھەر بىر كېسەلدىن تەپسىلىي خاتىرە قالدۇرۇشتىن باشلىدى. خاتىرىلىرىنى سېلىشتۇرۇپ ، ئوخشاشلىق ھەم ئوخشىماسلىقلارنى تېپىپ چىقتى ۋە بۇلارنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە ئىزدەندى.

1964 - يىلى ئۇ تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن تولى ناھىيىسىنىڭ چەت بىر يېزىسىغا بىر يىللىق نۆۋەتتە تۇرۇپ ئىشلەشكە باردى. ئۇ ئۆزىنىڭ جاپادىن قورقماسلىقى ، چىقىشقاقلىقى بىلەن بىرەرمۇ مۇنتىزىم تەربىيە ئالغان دوختۇر كۆرمىگەن قازاق خەلقىنىڭ ئىنجاتلىق پەرىشتىسى بولۇپ قالدى. قەيەردە بىرەر قىيىن تۇغۇت ، ئېغىر كېسەل ياكى

يۇقۇملۇق كېسەل بولسا، روزى هاجى شۇ يەردە پەيدا بولاتتى ۋە بىمارغا يېڭى هاياتلىق بەخش ئېتەتتى.

بىر قېتىم ئۇ بىر چارۋىچىنىڭ 18 ياشلىق يالغۇز قىزى نۇرىخاننىڭ كېسىلىنى كۆرۈشكە كەلدى ۋە تەپسىلىي تەكشۈرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ سىل كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقىنى بىلدى. ئۇنىڭ قوشۇمىلىرى مەهكەم تۈرۈلدى. مانا مۇشۇ سىل ئۇنىڭ دادىسىنى، ئىنىسىنى، كېيىن يەنە ئانىسىنى ئۇنىڭدىن ئايرىۋەتكەنىدى. مانا ئەمدى ئەمدىلا 18 گە كىرگەن بۇ قىزغا قارا قولىنى سوزۇپتۇ. ياق! بۇنىڭغا يول قويماسلىق كېرەك. بۇ قىزنى چوقۇم قۇتقۇزۇپ قېلىش كېرەك!

شەرت-شارائىت تولىمۇ ناچار ئىدى. دورىلار كەمچىل بولسىمۇ، روزى هاجى ئۇنى قېتىرقىنىپ داۋالاشقا كىرىشتى. ئىككى ئايدىن كېيىن سەللىمازا ساقايغان نۇرىخان، ئۇنىڭ دادىسى ۋە روزى هاجى بىردىن ئاتقا مىنىپ، يېزا بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مول هوسۇلنى قۇتلۇقلاش مەرىكىسىگە كەلدى.

نۇرىخان تىرىلىپتۇ! هاجى ئۇنى تىرىلدۈرۈپتۇ! — پۈتۈن مەيداندىكىلەر ئۇلارنى ئورىۋېلىشتى. هاياجان ياشلىرى ۋە شادلىققا چۆمگەن نۇرغۇنلىغان جۈپ-جۈپ كۆزلەر هاجىغا تىكىلدى.

ئۇنىڭ نۇقتىدا تۇرۇپ ئىشلەش ۋاقتى توشۇپ، ئۈرۈمچىگە قايتىدىغان كۈنى يېزىدىكىلەرنىڭ هەممىسى دېگۈدەك ئۇنىڭ ياتىقى ئالدىغا يىغىلىشتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن بىر خىل مەيۈسلۈك چىقىپ تۇراتتى. يېزا باشلىقى نەچچە رەت ئېيتقان سۆزىنى يەنە تەكرارلىماقتا ئىدى:

— هاجى، سىز بىزگە نىجادلىق ئېلىپ كەلدىڭىز، بىزنىڭ ئۆز ئادىمىمىز بولۇپ قالدىڭىز. بىزنىڭ يېنىمىزدا تۇرۇپ قالسىڭىز سىزنى ئەڭ ئەزىز مېهمان سۈپىتىدە كۆتەتتۇق. مەن ئۆزىمىزدىكى ئەڭ ياخشى كېگىز ئۆيدىن بىرنى تەقدىم قىلاتتىم!

روزى هاجى ئۇلارنىڭ يىغلىۋەتكۈدەك تۇرغان تۇرقىدىن، تىترەپ چىقىۋاتقان ئاۋازىدىن ئۇلارنىڭ قەلبىنى چۈشىنىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۆزىمۇ هاياجاندا نېمە دېيىشنى بىلەلمەي تۇرۇۋاتاتتى. شۇ چاغدا نۇرىخان ۋە دادىسى چىرايلىق ئىگەرلەنگەن بىر بايتالنى يېتىلەپ يېتىپ كەلدى.

— هاجى دوختۇر، — دېدى نۇرىخاننىڭ دادىسى، — بۇ، قىزىم ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان، كىچىكىدىن ئۆزى بېقىپ چوڭ قىلغان بايتال. سىز قىزىمنىڭ هاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالدىڭىز، ئۇ ئۆزىنىڭ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، بۇ تايىنى سىزگە سوۋغا قىلماقچى. بىزنىڭ كۆڭلىمىزنى يەردە قويمىغايسىز!

هاياجانغا تولغان كۆزلەر زور ئۈمىد بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلگەنىدى. ئاپتونوم رايوننىڭ بۇ يەرگە تەكشۈرۈشكە كەلگەن رەهبەرلىرىمۇ بۇ تەسىرلىك كۆرۈنۈشنى كۆرۈپ،

هاياجان بىلەن تۇرۇپ قېلىشتى. روزى هاجى بوۋاينىڭ قوللىرىنى قوش قوللاپ مەھكەم سىقتى ۋە تىترەپ تۇرغان ئاۋازى بىلەن ئۈزۈپ-ئۈزۈپ دېدى:

— كۆپ رەھمەت سىلەرگە! گەرچە ھېچنەرسە ئېلىپ كېتەلمەيدىغان بولساممۇ، لېكىن سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلار ماڭا يەتتى. سىلەرنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمەن. ھازىرچە سىلەرنىڭ ۋە سىلەرگە ئوخشاش نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ تېخىمۇ ساغلام، تېخىمۇ بەختلىك بولۇشى ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە قايتىپ، داۋاملىق ئۆگىنىمەن ۋە سىلەرنىڭ كۈتكىنىڭلاردەك بىر ھەقىقىي نىجادلىق پەرىشتىسى بولۇشقا تىرىشىمەن. سىلەرگە ئۆز ئەمەلىيىتىم بىلەن جاۋاب قايتۇرىمەن!

روزى هاجى ئەمگەكچان قازاق خەلقىنىڭ ساپ قەلبىنى، سەممىي ئۈمىدىنى ئېلىپ، ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى. تۇنجى ئەمگىكىنىڭ بۇ شېرىن مېۋىسى ئۇنىڭغا غايەت زور ئىلھام بەردى. ئەل ئۈچۈن تۆككەن ئەجرىنىڭ ھەرگىز بىكارغا كەتمەيدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشەندى. شۇڭا ئۆزىنىڭ ئايىغى تەگمىگەن يەرلەردىكى تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرگە ئاپتاپ يەتكۈزۈش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئۆگەنگەنلىرى ۋە كۆرگەنلىرى ئاساسىدا، ئىچكى-تاشقى كېسەللىكلەر بويىچە يەرلىكتە ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان بىر يۈرۈش قوللانما تۈزۈپ، ئاساسىي قاتلام دوختۇرلىرىنىڭ ئىشلىتىشى ئۈچۈن ئەۋەتىپ بەردى.

تەبىئىي شەرت-شارائىت ۋە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش ئادىتى، يېمەك-ئىچمەك جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى تۈپەيلىدىن شىنجاڭدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ بەدەن سۈپىتى بىر قەدەر ياخشى، ھەر خىل كېسەللەرگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى كۈچلۈك ئىدى. ئەمما يۈرەك، قان-تومۇر كېسەللىكلىرىنىڭ نىسبىتى بىرقەدەر يۇقىرى ئىدى. روزى هاجى خېلىدىن بېرى بۇ ئەھۋالغا دىققەت قىلغان، ناۋادا ئۇ ئۆزى يۈرەك كېسەللىكلىرى مۇتەخەسسىسى بولۇپ چىقسا، خەلققە تېخىمۇ كۆپ مەنپەئەت يەتكۈزەلەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە پۈتۈن زېھنىنى مۇشۇ ساھەگە مەركەزلەشتۈردى. مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى نوپۇزلۇق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان يۈرەك كېسەللىكلىرىگە ئائىت ماقالىلەرنى تەپسىلىي ئوقۇپ چىقتى. مۇھىم دەپ بەلگىلىگەنلىرىنى خاتىرىگە ئايرىم كۆچۈرۈۋالدى. يۈرەكنىڭ نورمال ھەرىكىتى ۋە ھەربىر ئۆزگىرىشىنى تەپسىلىي سېلىشتۇردى ۋە تەھلىل قىلدى.

گۈزەل ئارزۇ ۋە پۈتمەس-تۈگىمەس كۈچ-قۇۋۋەتكە تولغان روزى هاجى زور قىزغىنلىق بىلەن تىببىي ئىلىمگە يۈرۈش قىلىۋاتقان كۈنلەردە ئاپەتلىك يىللارنىڭ سىگنالى چېلىندى. ھاللىق ئائىلىدىن كېلىپ چىققان روزى هاجى كېسەل كۆرۈش، دەرس سۆزلەش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنىپ، سىياسىي ئۆگىنىش ۋە جىسمانىي ئەمگەك بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. ئۇنىڭ ئەڭ ھالقىلىق، ئەڭ قىممەتلىك بولغان ئۇن يىللىق ئۆمرى بىھۇدە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ھەسرەت، ئېچىنىش، تەشنالىق بىلەن

زار-زار بولۇپ كۆتكەن كۆڭۈللىرىگە قايتا ئېرىشكەندە 40 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالغانىدى. بىراق ئۇ ئۈمىدسىزلەنمەي ئۆز ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكەن ئاشۇ كۈنلىرىدىكى زىيانلىرىنىڭ ئورنىنى ئازراق بولسىمۇ تولدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن تېخىمۇ زور جاسارەت بىلەن كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، ھەممىنى باشتىن باشلىدى. 1975-يىلى گۇاڭجۇ يۈرەك، قان-تومۇر كېسەللىكلەر تەتقىقات ئورنىدا بىر يىل مەخسۇس بىلىم ئاشۇرغاندىن كېيىن، بۇ جەھەتتىكى بىلىمى تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى. ساناقسىز ئۇيقۇسىز ئۆتكەن كېچىلەر ۋە ھالال تەرىنىڭ بەدىلىگە ئۇ ئاخىرى ئاددىي تىڭشىغۇچقا تايىنىپ، توغرا دىئاگنوز قويالايدىغان ئىقتىدارىنى يېتىلدۈردى. داۋالاش ئىلمىگە ئائىت كىتاب، تەتقىقات ۋە پەننى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئائىت ماقالىلەرنى يېزىپ ئارقا-ئارقىدىن ئېلان قىلىشقا باشلىدى.

ئۇ كېسەل كۆرۈش، تىببىي ئىنستىتۇت ئوقۇغۇچىلىرىغا دەرس سۆزلەش، ماتېرىيال كۆرۈش، تەتقىقات ئېلىپ بېرىش، ئىلمىي ماقالە يېزىش ئۈچۈن كۈن بويى ئالدىراپلا يۈرەتتى. دائىم يېرىم كېچىلەرگىچە ئىشلەپ،پۈتۈن بەدەنلىرى سىرقىراپ ئاغرىپ كېتەتتى. بىراق، ئۇ تىببىي ئىلمىگە تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ كىرىش، دۇنياغا يۈزلىنىش ئۈچۈن، چەت ئەل تىلى ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلىپ، كۈنلۈكى يەنە ۋاقىت چىقىرىپ، ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشكە كىرىشتى. ئۇنىڭ بۇنداق تىز پۈكمەس جاسارىتى ۋە ئىزدىنىش روھى رەھبەرلىكنىڭ قوللىشى ۋە مەدەت بېرىشىگە ئېرىشتى. 1984-يىلى تىببىي ئىنستىتۇت ئۇنى ياپونىيىگە بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتتى. ياپونىيە ئۇنىڭ ئۈچۈن يىپيېڭى بىر دۇنيا ئىدى. تىل ۋە باشقا جەھەتلەردىكى قىيىنچىلىقلارمۇ كۆپ ئىدى. ئەمما ئۇ بېرىلىپ تەتقىق قىلىدىغان، جاپادىن قورقمايدىغان جاسارىتى بىلەن بۇ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ياپونىيە ئالىملىرىدىن كۆپرەك ئەمەلىي تېخنىكا ئۆگىنىۋېلىشقا تىرىشتى. ئۇنىڭ تېز ئىگىلەش ۋە ئەمەلىي ئىشلىتىش ئىقتىدارى ياپونلارنى ھەيران قالدۇرغان بولسا، شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، دۇنيا تىببىي ساھەسىدىكى ئىلغار تېخنىكا بولغان يۈرەكنى سايىلاندۇرۇپ داۋالاش، يۈرەككە كانايچە كىرگۈزۈپ داۋالاش ئۇسۇللىرىنى تۇنجى بولۇپ سىناق قىلىپ ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئومۇملاشتۇرۇپ، ئاجايىپ زىلزىلە پەيدا قىلدى.

روزى ھاجىنىڭ بۇ نەتىجىلىرى كەسپداشلىرىنى قايىل قىلدى. ئۇ بىمارلارنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە ئېرىشتى. ئەمما، ھەر بىر نەتىجىسنى كۆرگەندە تېخىمۇ جاسارەتكە تولىدىغان، ھەر بىر ئالقىشنى ئاڭلىغاندا ئەل-ۋەتەن ئالدىدىكى بۇرچۇم تېخىمۇ ئېغىرلاشتى دەيدىغان روھقا ئىگە روزى ھاجى ھامان ئالغا قاراپ ئىنتىلەتتى. ئۆزىگە تەلەپنى تېخىمۇ ئېغىر قوياتتى... مانا شۇ روھنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەر بىلەن دائىم تەجرىبە ئالماشتۇرۇپ تۇردى. پاكىستانغا ئىككى قېتىم چىقىپ، تىببىي

ساھەدىكىلەر بىلەن ئۇچراشتى... ئۇ ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئىقتىدارى ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن تىببىي ئىنستىتۇتتىكى مىللىيلاردىن تۇنجى بولۇپ مۇدىر ۋىراچ ۋە پروفېسسورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكىنىگە ئوخشاش، يەنە تۇنجى بولۇپ ماگىستىر يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلىق سالاھىيىتىگە ئېرىشىپ، تەتقىقاتچى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى.

* * *

ئامىنىخان ھەدە يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، نەچچە يىلغىچە دوختۇرخانا بىلەن ئۆيى ئارىلىقىدا سۆرۈلۈپ يۈرگەندىن كېيىن، ساقىيىشقا كۆزى يەتمەي، ئاخىرەتلىكلىرىنى تەييارلاپ قويۇپ، ئەزرائىلنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى. ئۇ دوختۇرخانىلاردا يۈرگىنىدە روزى ھاجى ئىسىملىك بىر دوختۇرنىڭ بارلىقىنى، ئۇنىڭغا كۆرۈنگەن ھەرقانداق بىمارنىڭ چوقۇم شىپاھ تاپىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، خىلمۇ خىل مىجەزلىك، قاپىقى يامان، سەپرا دوختۇرلارنى كۆپ ئۇچراتقاچقا، ناھىيە، ۋىلايەت، ھەتتا ئاپتونوم رايوننىڭ چوڭ-چوڭ باشلىقلىرى ئالاھىدە ھۆرمەتلەيدىغان بۇ دوختۇرنى ئىزدەشكە جۈرئەت قىلالمىغان ئىدى.

بىر كۈنى ئۇ ئۆيىگە تۇيۇقسىز كىرىپ كەلگەن ئېگىز بوي، بەستلىك، چىرايىدىن سەممىي كۈلكە چىقىپ تۇرىدىغان ناتونۇش مېھماننى كۆرۈپ، سەل تەمتىرەپ قالدى ۋە ئۇنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى نامىنى ئاڭلاپ كەلگەن روزى ھاجى ئىكەنلىكىنى بىلگەندە، ئۆز كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى. ئەسلى روزى ھاجى ئامىنىخان ھەدىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىپ، ئالايتەن ئۇنى يوقلاپ كەلگەن ئىدى. ئامىنىخان ھەدە نۇرغۇن يۈرەك سۆزلىرىنى قىلماقچى بولسىمۇ، بوغۇزىغا بىرنەرسە تۇرۇپ قالغاندەك ھېچنەرسە دېيەلمىدى. پەقەت ئىسسىق ياش بىلەن نەملەنگەن كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىككىنىچە ئۈنسىز تۇرۇپلا قالدى.

— يىغلىماڭ، — دېدى روزى ھاجى ئىككى ئايدىن ئارتۇق قېتىرقىنىپ داۋالاش ئارقىلىق سەللىمازا ساقىيىپ، يەنە كۆز يېشى قىلىۋاتقان ئامىنىخان ھەدىگە قاراپ،— مەن ۋەتەن، خەلق تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن دوختۇر، سىزگە ئوخشاش بىمارلارنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ، ئازابىنى يېنىكلىتىش ئەل ئالدىدىكى بۇرچۇم!

روزى ھاجى ئالدىغا قويۇلغان پۇلنى ئالماستىن ئۇلار بىلەن خوشلاشقاندا، ئامىنىخان ھەدە يەنە سۆزلىيەلمەي قالدى. بىراق ئۇنىڭ تارام-تارام ياش تۆكۈپ تۇرغان كۆزلىرى قەلبىنى روشەن ئىپادىلەپ تۇراتتى.

* * *

ئۇ بىر ئىقتىدارلىق دوختۇر، ئىجتىھاتلىق تەتقىقاتچى بولۇش بىلەن بىرگە يەنە كۆيۈمچان باغۋەن بولۇپ، كەسپداشلىرىغا، ياشلارغا، كېيىنكى ئەۋلادلارنى تەربىيلەشكىمۇ ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۆزىنىڭ داۋالاش، ئوقۇتۇش تەجرىبىلىرىنى ئايىماي سۆزلەپ بېرىدۇ. ئەمەلىيەت جەريانىدا يولۇققان قىيىن مەسىلىلەرنى سەۋرچانلىق بىلەن يېشىپ بېرىدۇ. ئۇ ئوقۇغۇچىلارغا دائىم مۇنداق دەيدۇ:

— سىلەر كىشىلەرنىڭ ئازابىنى يېنىكلىتىپ، ئۇلارغا يېڭى ھايات بەخش ئېتىدىغان بۇ ئۇلۇغ كەسپنى تاللىدىڭلار. تىببىي ئىلىم ئىنتايىن قىيىن ئىلىم. بىردەملىك قىزغىنلىق بىلەن ھېچبىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ. ئەجدادلىرىمىز «ئاتقا مىنگەشمە، مىنگەشسەڭ ۋايجان دېمە» دەپ ياخشى ئېيتقان. پەقەت باشتىن-ئاخىر بىر خىل يېڭىش روھى بولغاندىلا ئاندىن تىببىي ئىلىمنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقالايسىلەر! ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش — ھاياتىڭلاردىكى ئىنتايىن ھالقىلىق مەزگىل. خەنزۇ تىلىنى پۇختا ئىگىلەپ، تىل ئۆتكىلىدىن چوقۇم ئۆتۈشۈڭلار كېرەك. بىزنىڭ باشقا تاللىشىمىز يوق. ھازىرقى شارائىتتا ئەقلىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىپ، يۇقىرى پەللىگە چىقمەن، دېگەن ھەر بىر كىشى ئۈچۈن بۇ چوقۇم بېسىپ ئۆتۈش زۆرۈر بولغان تۇنجى قەدەم. ئەنە شۇندىلا ئۆزۈڭلارنىڭ دەسلەپكى ئاساسىنى تىكلىيەلەيسىلەر. بۇ ئاساستا تېخىمۇ يۇقىرى ئۆرلەش، دۇنياغا يۈزلىنىش ئۈچۈن يەنە چەت ئەل تىلىنى ئۆگىنىشىڭلار كېرەك. بىر خىل تىلنى ئارتۇق بىلگەندە بىر كۆز ئارتۇق بولىدۇ. تېخىمۇ كەڭ دۇنيانى كۆرگىلى، تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى چۈشەنگىلى، ئۆزىمىز بىلەن باشقىلارنىڭ پەرقى، ھازىرقى ئورنىمىز ھەققىدە تېخىمۇ روشەن تونۇش ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا ئۆزۈڭلارنىڭ نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى ئاڭلىق ھالدا تونۇپ يېتەلەيسىلەر! ھازىرقى شەرت-شارائىت ئىلگىرىكىدىن كۆپ ياخشى. ياشلاردا بىلىمگە ئىنتىلىش، ئۆزىنى بېغىشلاش روھى بارغانچە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈۋاتىدۇ. بۇ، يېڭى بىر ئەۋلادتىكى ئويغىنىشنىڭ ئىپادىسى. بىراق، ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتە ئارقىدا قالغان بۇ مىللىتىمىز تېخىمۇ كۆپ ياشلارنىڭ شۇنداق قىلىشىغا مۇھتاج. مانا مۇشۇنداق بىر ياكى بىرنەچچە ئەۋلادنىڭ ئۆزىنى بېغىشلاش روھى بولغاندىلا ئۆزىمىزنى ئۆزگەرتىپ، جاھان سەھنىسىدە ئورنىمىزنى تاپالايمىز!

* * *

ۋاقىت ھەممە ئادەمگە ئوخشاش. ئەمما بەزىلەر ئۇنىڭدىن ھېچبىر نەپ ئالالمايدۇ. ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئەسلىگەندە، ئەمدىلا ئويغىنىپ، ھازىرلا كۆرگەن چۈشىنى ئېيتىپ

بېرەلمىگەندەك، ئۆمۈر مۇساپىسىدىكى بىرەر ئەھمىيەتلىك ئىشنى ئېسىگە ئالالمايدۇ. پەقەت ۋاقىت بىلەن بەسلىشىپ ماڭغان كىشىلەرلا ئۆتكەن ھەر بىر مىنۇتلىرىدا ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان بولىدۇ. 40 يىلغا يېقىن ئۆمرىنى داۋالاش، ئوقۇتۇش، تەتقىقات بىلەن ئۆتكۈزگەن روزى ھاجى ئۆزىنىڭ ھايات مۇساپىسىدە مول تەجرىبىلەرنى ياراتتى. تەتقىقات، پەننى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئائىت 70 پارچىدىن ئارتۇق ماقالە، داۋالاش بىلىملىرى بويىچە سەككىز پارچە كىتاب يېزىپ نەشر قىلدۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە «جىددىي ئىچكى كېسەللەر قوللانمىسى»، «يۈرەك رېتىمسىزلىكىگە دىئاگنوز قويۇش ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش»، «يۈرەك كېسەللىكلىرى» دىن ئىبارەت ئۈچ كىتابى 1986-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىنىڭ «پەن-تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى» مۇكاپاتىغا، «ئۈرۈمچى رايونىدىكى رىماتىزملىق يۈرەك كېسەللىكلىرىنى تەكشۈرۈش توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسى، «تۇيۇقسىز ئۆلۈم» ناملىق ماقالىسى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن 1-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «يۈرەك مۇسكۇل تىقلىمىسى بىلەن A, B, O قان تىپىدىكىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى» ناملىق ماقالىسى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن «پەن-تېخنىكا نەمۇنىچىسى» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 1983-يىل ئۇ دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، ئەمگەك-كادىرلار مىنىستىرلىكى، جۇڭگو پەن-تېخنىكا جەمئىيىتى تەرىپىدىن «ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىكى مۇنەۋۋەر پەن-تېخنىكا خادىمى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى. 1985-1989-يىللىرى ئىنستىتۇت تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر پەن-تېخنىكا خادىمى»، «مۇنەۋۋەر مائارىپچى» بولۇپ باھالاندى، جۇڭگو پەننى ئومۇملاشتۇرۇش يازغۇچىلىرى جەمئىيىتىنىڭ شەرەپ گۇۋاھنامىسى ۋە ئەزالىق گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشتى. تىببىي ئىنستىتۇتتىكى مىللىيلار ئىچىدىن گوۋۇيۈەنىنىڭ ئالاھىدە تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولغۇچى بىردىنبىر مۇتەخەسسىس بولۇپ بېكىتىلدى.

* * *

غەربچە داۋالاش ئىلمى بويىچە تۇنجى ئەۋلاد ئۇيغۇر دوختۇرى، تىببىي ئىلمىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ۋەكىللىك قىلغۇچى مۇدىر ۋراچ، پروفېسسور روزى ھاجى مۇھەممىدى ئەمدىلىكتە 60 ياشلىق بوۋاي بولۇپ قالدى. بىراق ئۇ يەنىلا زور ئۈمىد بىلەن ئەتىگە قاراۋاتىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىقىغا سايلىنىپ، ھەقسىز داۋالاش، ئاساسىي قاتلام دوختۇرلىرىنى تەربىيىلەش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرغاندىن سىرت، پۈتۈن زېھنى بىلەن ياشانغانلاردىكى يۈرەك-قان تومۇر قېتىشىش كېسەللىكلىرىنىڭ داۋالاش ئۇنۇمىنى ئۆستۈرۈش، ئۇيغۇرلاردىكى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنىڭ سىرىنى ئېچىش ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزى ئاللىبۇرۇن ئۇنتۇپ كەتكەن

بىمارلاردىن كەلگەن ساناقسىز تەشەككۇر خەتلىرىدىن خەلقنىڭ ئۆزىدىن تېخىمۇ زور ئۈمىد كۈتۈۋاتقانلىقىنى چۈشىنىدۇ. قايسىدۇر بىمارلارنىڭ خاتىرىگە يېزىپ قالدۇرغان نەزمىلىرىدىن خەلق ئۈچۈن تۆككەن قان-تەرىنىڭ ھەرگىز بىكار كەتمەيدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىدۇ!

كۈزدىكى ياپراق كەبى خازان بولۇپ،
دېگۈدەك قالغان ئىدىم نىمجان بولۇپ.
بەلكى ئەزرائىلمۇ ئەگىيتتى مېنى،
گاھىدا ئاشكارا، گاھىدا پىنھان بولۇپ.
قىلدى ئالاھىدە سەۋەب لوقمان ھېكىم،
ناتىۋان جانىم بىلەن بىر جان بولۇپ.
سەرپ ئەتكەن ھەر ماڭلاي تامچىسى
رەڭگى روھىمغا يۈگۈردى قان بولۇپ.
كەلدى ئىككىنچى باھارىم جانىم ئارا،
كۈلدى ئۈمرۈم ياشىرىپ، رەيھان بولۇپ.
قالدى ھۆر-پەرىشتىلەرنىڭ مېھنىتى،
قەلبى گاھىدا يورۇق چولپان بولۇپ...

بۇ بىمارلارنىڭ يۈرەك سۆزى، خەلقنىڭ تۆھپىكار ئوغلانىغا بەرگەن ھەقىقىي باھاسى. شۇنداق، خەلق ئۆزىنىڭ تۆھپىكار ئوغلانىنى ھەرگىز ئۇنتۇمايدۇ!

## ئۇ ئەخمەتجاننىڭ قىزى

شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇتى ئېغىز بوشلۇقى كېسەللىكلىرى بۆلۈمىنىڭ دوختۇرى ئادالەت ئەخمەتجان موسكۋادىكى روسىيە ئۆسمە كېسەللىكلەر تەتقىقات مەركىزىدە دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ، دۆلىتىمىز ۋە مىللىتىمىزگە شان-شەرەپ كەلتۈردى. بۇ مەرھۇم ئىنقىلابىي رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمى ئەپەندىنىڭ قىزى...

ئادالەت گېزىت-ژۇرناللارغا كەينى-كەينىدىن چىققان مۇشۇنداق ماقالىلەرگە قارىغىنىچە خىيالغا چۆمدى. توغرا، ئۇ ئەخمەتجان ئەپەندىنىڭ قىزى، گەرچە دادىسىنى ئەسلىيەلمىسىمۇ، ئىسمىنى بىلىشكە باشلىغاندىن تارتىپ، كىشىلەرنىڭ ئاپىسى ۋە ئۆزىگە قىلغان سەممىي غەمخورلۇقىنى، دادىسىنى چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، دادىسىنىڭ كىشىلەر قەلبىدە ھۆرمىتى بار ئادەم ئىكەنلىكىنى

بىلگەن، شۇنداق بىر دادىسىنىڭ بولغانلىقىدىن پەخىرلەنگەن، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۆزلىرىنى بالدۇرلا تاشلاپ كەتكەنلىكىدىن ئۆكۈنگەنىدى. يېشىنىڭ چوڭىيىشى بىلەن ئۇنىڭدا، ئەينى يىللاردا دادام شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ھاياتىنى تەقدىم قىلغانىكەن. مەن چوقۇم دادامنىڭ بارلىقىنى خەلققە بېغىشلاشتەك ئۇلۇغۋار روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ھالال مېھنىتىم بىلەن كىشىلەرگە مېھرى-شەپقەت يەتكۈزىمەن، دەيدىغان غايە پەيدا بولدى.

گۈزەل غايە ۋە قەتئىي تىز پۈكمەس ئىرادە كىشىنى كۆكتە پەرۋاز قىلدۇرىدىغان ئالماس قانات. ئادالەت ئەنە شۇ غايىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، تىرىشىپ ئۆگەنىدى ۋە ئۆز ئارزۇسى بويىچە شاڭخەي ئىككىنچى تىببىي پەنلەر داشۆسىگە ئوقۇشقا كىردى. بۇ يەردە ئۇ تىببىي ئىلىمگە ئائىت دەرسلەرنى پۇختا ئۆگەنگەندىن سىرت، يەنە شۇ ئۇلۇغۋار غايىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن تېخىمۇ يىراقلارغا پەرۋاز قىلىش ئۈچۈن، ئىنگلىز، رۇس تىللىرىنى ئۆگىنىشكە كىرىشتى.

ئۇ شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇتى ئېغىز بوشلۇقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىگە كەلگەندىن كېيىن، خەلقنىڭ ساغلاملىقى ۋە بەخت-سائادىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئۆزىنىڭ كۈرەش نىشانى قىلىپ، بىر تەرەپتىن، تىببىي داۋالاش، ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنى قېتىرقىنىپ ئىشلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن، مول ئەمەلىي تەجرىبە ئارقىلىق ماتېرىيال توپلاپ، كېيىنكى تەتقىقاتى ئۈچۈن ئاساس تەييارلىدى.

بىر قېتىم ئۇ بالنىستتا كېسەل كۆرۈۋاتقاندا، چەت-ياقا رايوندىن كەلگەن ئېغىز بوشلۇقى راكىغا گىرىپتار بولغان بىر بىمارنى ئۇچراتتى. ئۇ ئەمدىلا 30 ياشقا كىرگەن چارۋىچى بولۇپ، ئوڭ تەرەپ يۈزىنىڭ تېرىسى ئېغىر دەرىجىدە جاراھەتلىنىپ، پۈتۈنلەي بۇزۇلغانىدى. ئىقتىسادىي ۋە باشقا تۇرمۇش شەرت-شارائىتى بىر قەدەر ناچار بولغان شىنجاڭدا بۇ خىل كېسەلنىڭ ئاز ئەمەسلىكىنى ئويلىغاندا، ئادالەت ئىچ-ئىچىدىن ئازابلاندى ۋە قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن بۇ خىل كېسەلنى تىزگىنلەش نىيىتىگە كەلدى.

1984-يىلى ئۇ چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇيدىغانلار قاتارىدا ئىمتىھانغا قاتنىشىپ، ئەلا نەتىجە بىلەن ئۆتتى. 1986-يىلى موسكۋادىكى روسىيە ئۆسمە كېسەللىكلەر تەتقىقات مەركىزىدىن چاقىرىق كەلدى. بۇ چاغدا بەزى كەسىپداشلىرى ئۇنىڭغا: «ھازىر دۇنياۋى يېڭى تېخنىكا ئامېرىكا بىلەن ياپونىيەدىن چىقىۋاتسا، سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ نېمە قىلىسىز؟ ئېغىز بوشلۇقى راكىدەك بۇ ساقايماس كېسەلنىڭ تەتقىق قىلغۇدەك نېمىسى بار؟» دېيىشتى. ئۇ قەتئىيلىك بىلەن: «مېنىڭ چەت ئەلدە ئوقۇپ قانداقتۇر شەخسىي نام-ئاتاققا ئېرىشىش نىيىتىم يوق. دوختۇرنىڭ مەسئۇلىيىتى — بىمارنى كېسەللىك ئازابىدىن خالاس قىلىش. ئىلىم-پەننىڭ مىللەت، دۆلەت ئايرىمىسى بولمايدۇ. ماڭا كېرەكلىك نەرسە قەيەردە بولىدىكەن، مەن شۇ يەرگە بارىمەن» دەپ

جاۋاب بەردى. بىر رەھبىرىي كادىرمۇ: «ئادالەت، سىز ھازىر كەسپتە پىشىپ يېتىلدىڭىز، نەتىجىلىرىڭىزمۇ بار. يېقىندا سىزنى دوتسېنتلىققا ئۆستۈرمەكچى بولۇۋاتىمىز. تۇرمۇشلۇق، بالىلىق بولۇپ قالغاندا يەنە ئوقۇيمەن دەپ جاپا چېكىپ يۈرۈشنىڭ نېمە ھاجىتى؟» دېگەندە، ئۇ چوڭقۇر ئىشەنچ بىلەن: «ياخشى كۆڭۈللىرىڭگە رەھمەت. مەن گەرچە ئالاھىدە ئەقىللىك بولمىسامۇ، ھەرگىز قانائەت قىلىشنى خالىمايمەن. باشقىلار قىلغاننى ئۆزۈمنىڭمۇ قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن!» دېدى.

روسىيە ئۆسمە كېسەللىكلەر تەتقىقات مەركىزى دۇنيادىكى تۆت چوڭ ئۆسمە كېسەللىكلەر تەتقىقات مەركىزىنىڭ بىرى بولۇپ، تەتقىقات تېمىلىرى تەرەققىي قىلغان ئەللەرنىڭ سەۋىيىسىگە ماس كېلەتتى. ئادالەتنى بىۋاستە يېتەكلەيدىغان پروفېسسور پەن-مەدەنىيەت، مائارىپ جەھەتتە ئارقىدا تۇرىدىغان جۇڭگودىن، يەنە كېلىپ جۇڭگونىڭ نامرات رايونى بولغان شىنجاڭدىن كەلگەن بىر ئوقۇغۇچىغا گۇمان بىلەن قارىغان بولسىمۇ، بىرنەچچە قېتىملىق سىناقتىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئىشلىشىگە قوشۇلدى.

تەتقىقات خىزمىتى رەسمىي باشلانغاندىن كېيىن، ئۇ شارائىتى شىنجاڭ بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئالمۇتىغا بېرىپ، ئېغىز بوشلۇقى راكىغا گىرىپتار بولغان نۇرغۇن بىمارلار بىلەن ئۇچراشتى. داۋالاش ئۈنۈمى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان دورا ۋە داۋالاش ئۇسۇللىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە يەكۈنلەپ، تەتقىقات ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى. تىببىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇنىڭ بىرىنچى قول ماتېرىيالىغا ئىنتايىن قايىل بولدى ۋە ۋەتىنىگە قايتىپ، كېلىنكا ئەمەلىيىتىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن قايتىدىن موسكۋاغا كېلىپ، نەزەرىيە جەھەتتىن ئىسپاتلىشىغا قوشۇلدى.

1987-يىلى ئۇ شىنجاڭغا قايتىپ كەلدى. ئېغىز بوشلۇقى راكىنى نۇر بىلەن داۋالاش مەملىكەت ئىچىدە تېخى تەتقىق قىلىنمىغان، ئىنتايىن قىيىن، ئەستايىدىل ۋە ئىنچىكىلىك بىلەن ئىشلەشنى تەلەپ قىلىدىغان تېما بولغاچقا، ئۇ قاتمۇ قات قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى. شۇنداقتىمۇ تەتقىقات خىراجىتى، تەجرىبىخانا، تەجرىبە ئەسۋابلىرى جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلارنى يەڭگەندىن كېيىن، دورا تەييارلاشتىن تارتىپ ئوكۇل ئۇرۇشقىچە بولغان خىزمەتلەرنى ئۆزى قول سېلىپ ئىشلىدى. ئادەتتىكىدەك كېسەل كۆرۈش، داۋالاش، ئوپېراتسىيە قىلىش خىزمەتلىرىنى ئەستايىدىل ئورۇنلىغان ئاساستا تەتقىقات خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلىدى.

1990-يىلى ئېغىز بوشلۇقى راكىغا گىرىپتار بولغان 50 نەپەر بىمارغا ئائىت بىرىنچى قول داۋالاش ماتېرىيالىنى ئېلىپ موسكۋاغا باردى. ماتېياكىن ئۇ ئېلىپ بارغان ماتېرىيالنى كۆرۈپ، ئىنتايىن ھاياجانلانغان ھالدا: «قالتىسكەن! سىز مەن ئۇچراتقان ئوقۇغۇچىلار

ئارىسىدا ئەمەلىي ئىشلەش روھىغا ئەڭ باي ئوقۇغۇچى ئىكەنسىز! » دېدى.

ئادالەت ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئىلمىي ئاساستا يەكۈنلەپ، ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىلمىي ماقالىسى يېزىشقا كىرىشتى. ئۇ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا نۇرغۇن ماتېرىيال كۆرۈپ، ئون نەچچە قېتىم تۈزىتىش ئارقىلىق 50 مىڭ خەتلىك ماقالىنى پۈتتۈردى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە 14 نوپۇزلۇق ھەيئەتتىن تەركىپ تاپقان باھالاش ئۆمىكى ئۇنىڭ ماقالىسىنى كۆرۈپ چىقىپ: « تالىلغان تېمىسى يېڭى، ئىنتايىن يۇقىرى ئەمەلىي ئىشلىتىش قىممىتىگە ئىگە، ئىلغار تېخنىكىلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، ئىنچىكىلىك بىلەن لايىھىلىگەن. سانلىق مەلۇماتلىرى ئىشەنچلىك، ئوتتۇرىغا قويغان نەزەرىيىسى ئاخىرقى باسقۇچقا يەتكەن ئېغىز بوشلۇقى راكىنى داۋالاشقا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان » دەپ يۇقىرى باھا بەردى ھەمدە شۇ مەيداندىلا ئادالەتنىڭ تىببىي پەلسەپە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەنلىكىنى جاكارلىدى.

ئادالەت چەكسىز ھاياجانلاندى. كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش كەلدى.

ئىچكى كېسەللىكلەر تەتقىقات مەركىزى ۋە باشقا تەتقىقات ئورۇنلىرى يۇقىرى مائاش ۋە ئەۋزەل ئىمكانىيەت شەرتى بىلەن ئۇنى داۋاملىق ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئىشلەشكە تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، ئادالەت: « مېنىڭ يۇرتۇمدىمۇ نۇرغۇن بىمارلار داۋالىنىشقا مۇھتاج! » دەپ ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلدى ۋە ئېغىز راكىنى خىمىيىلىك ئۇسۇلدا داۋالاش تەتقىقات تېمىسىنى ئېلىپ، شەرەپ بىلەن ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى.

1992 - يىلى 6 - ئايدا لېنىنگرادتا ئېچىلغان خەلقئارا 17 - نۆۋەتلىك يۈز - كۆز فروپېسى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا « ئېغىز - يۈز ئۆسمىلىرىنى داۋالاشنىڭ يېڭى ئۇسۇلى ھەققىدە ئىزدىنىش » ناملىق ماقالىنى ئوقۇپ، خەلقئارادىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

شۇنداق، مەن ئەخمەتجاننىڭ قىزى، — دەپ پىچىرلىدى ئۇ خىيالدىن باش كۆتۈرۈپ، — دادام جېنىنى قۇربان قىلىپ ئۆزىنىڭ ھايات قىممىتىنى ياراتتى ۋە خەلق قەلبىدە مەڭگۈلۈك ئورۇنغا ئېرىشتى. مەن تېخى ھايات يولۇمدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك تۇنجى قەدەمنى باستىم. خەلقىمگە ئاشۇ ھۆرمەتلىك ئاتىنىڭ پەرزەنتىگە لايىق بىرەر ئىش قىلىپ بېرەرلەرمەنمۇ؟!

* * *

ئۇ تەكلىپ بىلەن ھەرقايسى دوختۇرخانىلارغا ئوپېراتسىيە ئىشلەشكە بېرىپ تۇراتتى. بۇ قېتىم يىراقتىكى خوتەنگە كەلدى. بۇيەردە ئۇنى باشقا جايلاردىكىگە

ئوخشاش بىر تالاي زىيابەت، چاي-مەشرەپ دېگەندەك ئايغى ئۈزۈلمەس مېھماندارچىلىقلار كۈتۈپ تۇراتتى. ئەمما ئۇ كۆرۈشۈشكە كەلگەنلەر بىلەن قىسقىلا ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن، دەرھاللا ئوپېراتسىيىگە كىرىشىپ كەتتى. ئۈچ كۈن ئىچىدە توققۇز ئوپېراتسىيىنى ئىشلەپ، ئۇلارنى رازى قىلدى. بىراق، نېمىشقىدۇر كۆڭلى يېرىم بولۇپ قالدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى باشقىلار كۆرمىگەننى كۆرەتتى. تۇرمۇش شارائىتىنىڭ ناچارلىقى، خەلقنىڭ نامراتلىقى، ئوقۇشسىز قالغان بالىلارنىڭ كۆپلىكى ئۇنى ئازابلايتتى. بىر كۈنى كوچىدا تويۇقسىز كۆرۈپ قالغان كىچىككىنە بىر ئىش ئۇنىڭغا ئىنتايىن تەسىر قىلدى.

گەزمال دۇكىنىدا ئولتۇرغان 9-8 ياشلاردىكى ئوغۇل بالا سىرتتىن كىرىپ كەلگەن دادىسىغا:

— دادا، نېمىشقا بالدۇرراق كەلمەيسەن، ھازىرلا بىر ئادەم رەخت ئالماقچى بولغانتتى، مېترلاپ بېرەي دېسەم گەزگە قولۇم يەتمىدى، — دېدى.

ھەمراھلىرى بۇ گەپنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، قىلچە ھەيران قالمىدى ھەم ئەجەبلىنىپمۇ كەتمىدى. ئەمما ئادالەت ئىچ-ئىچىدىن ئەپسۇسلاندى.

گەزگە قولۇڭ يەتمەي تۇرۇپ تىجارەت قىلىۋاتقان بالا سىنىپتا ئولتۇرۇپ ئوقۇۋالغان بولساڭ، كەلگۈسىدە رەختنى ئاپتوماتىك مېترلايدىغان ماشىنىدىن بىرنى ياساشقا قولۇڭ يەتمەسمىدى!؟

ئۇ خىزمىتىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، كىشلەرنىڭ قايتا-قايتا تۇتۇشىغا قارىماي، خوتەن بىلەن خوشلاشتى. ئۇ ئۇلارنىڭ قەلبىنى چۈشىنەتتى. بىراق تېخىمۇ كۆپ بىمارلارنىڭ بەختى ئۈچۈن ئالدىراشقا توغرا كېلەتتى.

ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ ۋە بۆلۈمدىكى باشقا دوختۇرلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، نامرات خوتەن خەلقىگە دورا ئەۋەتىپ بەردى.

* * *

ئۇ ئۆيدە بىرنەچچە نوپۇزلۇق زىيالىي بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندا، تەتىل قىلىۋاتقان ئارزۇلۇق كىچىك قىزى ھارغىن ھالەتتە كىرىپ كەلدى.

— نەدىن كېلىۋاتىسىز، قىزىم، — دەپ سورىدى ئۇنىڭ بىر سۆھبەتدىشى.

— ئۇنى بىر ئايلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانىدىم. ئىشتىن قايتىپ كەلدى، — دېدى ئادالەت كۈلۈپ تۇرۇپ، — تەتىلدە بىكار يۈرگەندىن رېستورانىدا قاچا-قۇچا يۇيۇشۇپ بەرسىمۇ ياخشىراق.

— قارىڭا سىزنى، ئادالەت، — دېدى ئۇنىڭ سۆھبەتدىشى نارازى بولۇپ، — چوڭ ئوغلىڭىزنىڭمۇ ئۇنىۋان ئالمىساق كەلمە، دەپ، يولىنى توسۇپ قويدىڭىز. ئەمدى

بۇ ئارزۇلىقىڭىزنى ئاران كەلگەن تەتىلدە ئوينىغىلى قويماي... بولدى! ئۇنىڭ ئىشلەپ تاپىدىغان پۇلىنى مەن بېرەي، ئەتىدىن باشلاپ ئىشقا بارمىسۇن!

— ياق! — دېدى ئادالەت قەتئىيلىك بىلەن، — ئۆزىنىڭ كۈنىنى ئۆزى ئېلىشنى ئۆگەنسۇن!

ئۇنىڭ سۆھبەتدىشى قايتا گەپ قىلمىدى. ئۇ بىر ژۇرنالدىن ئامېرىكا زۇڭتۇڭى رىگاننىڭ ئوغلىغا ئوقۇش پۇلى بەرگەندىن باشقا بىر تىيىنمۇ بەرمەي، ئۆيدىن چىقىرىۋەتكەنلىكىنى ئوقۇپ، بۇ چەت ئەللىك دېگەننىڭ قىلمايدىغان ئىشى يوق، دەپ ئويلىغانىدى. بۈگۈن كۆز ئالدىدىكى ئۆزى ئەڭ ھەۋەس قىلىدىغان ۋە ھۆرمەتلەيدىغان مۇنۇ ئايالنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزەلمەيۋاتاتتى.

ئۇنىڭ قىزىمۇ سەل خاپىدەك كۆرۈنەتتى. ئاپىسىنىڭ ئۆزىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلسىمۇ، بۇ ئىشتىن رەنجىگۈسى كېلەتتى. تۇرۇپ بىر نەرسىنى چۈشەنگەندەكمۇ قىلاتتى.

ئادالەت قىزىغا مېھرىبانلىق بىلەن قاراپ قالغانىدى. تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپمۇ قالدى، ئۇ قىزىغا ئىنتايىن ئامراق بولغانلىقى ۋە كۆيۈنگەنلىكى ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىۋاتاتتى!

* * *

ئۇرۇمچىدىكىلەرنىڭ ئۆي جابدۇشلىرىمۇ مودا قوغلىشىشنىڭ نەتىجىسىدە ھەممىسى دېگۈدەك قېلىپلىشىپ كەتتى. ئىمكانىيىتى يار بەرگەنلەر تاملىرىغا ئالىي دەرىجىلىك ئوتقاشتەك گىلەملەرنى تارتىپ، ئۆينى ھەرخىل سافا ۋە باشقا ئائىلە جابدۇقلىرى بىلەن تۇشقۇزىۋېتىدۇ. باشقىلارمۇ ئىمكانىيىتى يار بەرگەن دائىرىدە تاملىرىغا ھەرخىل مەنزىرە سۈرەتلەرنى چاپلاپ، مېھمانلارغا لايىق سافالىرىنى تىزىشىپ قويىدۇ. ئەمما، دوكتور ئادالەت ئەخمەتجاننىڭ ئۆيى باشقىچە، مېھمانخانا ئۆيىنىڭ چوڭ تېمى ئالدىدا پۈتۈن تامنى توسۇپ تۇرىدىغان چوڭ كىتاب ئىشكاپى تىزىپ قويۇلغان. ئۇنىڭدا ئىنگلىزچە، رۇسچە، خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە ھەرخىل لۇغەت، كىتاب، ژۇرناللار سىغماي تۇراتتى. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا چاققانغىنە بىر ئۈستەل قويۇلغان، ئىشىك كەينىدە بىرنەچچە قاتلىما ئورۇندۇق يىغىپ قويۇلغانىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆي جاھازلىرى شۇلارلا ئىدى.

ئۇنىڭ مېھمانلىرى ئىنتايىن كۆپ ئىدى. ئاتا-ئانىسى ئۇرۇمچىدىكى پېشقەدەملەر، تەڭ دېمەتلىك دوست-يارەنلىرى، ياشلار، ئوقۇغۇچىلار... دائىم ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشىشقا، مەسلىھەت سوراشقا كېلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭدىن ياردەم سوراپ كېلىدىغانلارمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسى كەڭ، ئويلايدىغانلىرى ئىنتايىن كۆپ ئىدى. شۇڭا ھەرقانداق

كىشى بىلەن ئاسانلا چىقىشىپ كېتەتتى. خۇش خۇي، ئۇچۇق-يورۇق مىجەزى باشقىلاردىكى قورۇنۇش، ئىززا تارتىشنى تېزلا چىقىرىپ تاشلاپ، ئارىدا يېقىنچىلىق پەيدا قىلاتتى. شۇڭىمۇ ياشلار، ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىشنى، ئۆزىنىڭ تۇرمۇش قارىشى، غايىسى، يولۇققان قىيىن مەسىلىلىرى ھەققىدە مەسلىھەت ئېلىشنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى.

— مۇئەللىم، كىتابلىرىڭىز نېمە دېگەن كۆپ! — دېدى ئۇنىڭ ئۆيىگە تۇنجى قېتىم كىرگەن بىر ئوقۇغۇچى ھاياجان ھەم ھەيرانلىق بىلەن.

— بۇ كىتابلىرىمنىڭ بىر قىسمى، — دېدى ئادالەت كۈلۈپ تۇرۇپ، — بىز زىيالىيلارنىڭ كىتابتىن باشقا نېمە بايلىقىمىز بولسۇن؟!

ئۇ ئوقۇغۇچىلاردىن بىر-بىرلەپ ئەھۋال سوراپ چىقتى. ئۆگىنىش-تۇرمۇش ئەھۋالى، قىيىنچىلىقلىرىنى تەپسىلىي ئاڭلىدى.

— جاپاغا چىدىشىڭلار كېرەك، — دېدى ئۇ چوڭقۇر ئويلانغان ھالدا، — سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلارنى چۈشىنىمەن. كۈنلۈكى بىر قېتىم ئىسسىق تاماق يېيەلىسەڭلار يەيسىلەر، بولمىسا قۇرۇق نان بىلەن چاي، بىراق ئۆتمۈشكە، چەت ياقىدىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا قارىغاندا يەنىلا ياخشى. سىلەرنىڭ ئالىي مەكتەپكە كىرىپ، ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشىشىڭلار ئۇنچىلا ئاسان ئەمەس، سىلەر مىللەتنىڭ ئۈمىدى، بۇ زېمىننىڭ گۈللەندۈرگۈچىسى. نادانلىق، نامراتلىق ئىچىدە تۇرۇۋاتقان كىشىلەرنى يېتەكلەيدىغان سەردارلار! شۇڭا بۇ پۇرسەتنى چوقۇم قەدىرلىشىڭلار، تىرىشىپ ئۆگىنىشىڭلار كېرەك!

تۇيۇقسىز تېلېفون جىرىڭلاپ قالدى. ئوقۇغۇچىلار جىمجىت ئولتۇرۇپ ئۇنى كۈتسىمۇ، كەلگۈسى غايە، ئۆگىنىش، كۈرەش نىشانى ھەققىدە خىيالغا چۆمگەچكە، پاراڭنىڭ نەگە كېلىپ، نەدە توختىغانلىقىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇشقان ئىدى. ئەمما، ئادالەت ئۇنتۇمىغان ئىدى. بىر سائەتلىك سۆھبەت داۋامىدا ئۈچ-تۆت قېتىم تېلېفون كېلىپ، ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋەتكەن بولسىمۇ، قىلچە ئازماي، گېپىنى دەل كەلگەن يېرىدىن باشلىدى.

— سىلەر چوڭ-چوڭ نەرسىلەرگە ئېرىشىشنى ياخشى كۆرىسىلەر، — دېدى ئۇ بىر ئوقۇغۇچىنىڭ يۈرەك، قان تومۇر كېسەللىكلىرى ئاسپىرانتلىقىغا ئىمتىھان بەرمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، — ئەلۋەتتە، ئىچكى كېسەل ياكى تاشقى كېسەلدە ئوقۇساڭلار خەلققە بىۋاسىتە، نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىپ بېرەلەيسىلەر. بىراق ئويلاپ كۆردۈڭلارمۇ؟ بىر ئىلىمنى مۇكەممەل راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ھەرقايسى ساھەلەردە يارىملىق كىشىلىرىمىز بولۇشى كېرەكقۇ؟ ھازىرقى ئىلغار تەكشۈرۈش ئۇسۇلى بولغان ماگنىتلىق تەكشۈرۈپ دىئاگنوز قويۇش، CT تەكشۈرۈپ دىئاگنوز قويۇشنى ئېيتساق، ئالدىنقى قاتاردىكى دوختۇرخانا بولغان ئىنستىتۇتىمىزدا بۇ كەسىپتە ئىشلەۋاتقان مىللىيلاردىن

قانچىسى بار؟ شىنجاڭلىقلارنىڭ بەدەن سۇپىتى ياخشى. كېسەلگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى كۈچلۈك دەپ كەلدۇق. شىنجاڭ دۇنيادىكى تۆت چوڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش رايونىنىڭ بىرى. بۇ قايسى ئامىللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك؟ سەۋەبى نېمە؛ مەيلى باققالنىڭ ئالدىغا بارماڭ ياكى ماگىزىندا بولسۇن، قولىمىزغا ئەڭ ئەرزان، ئەڭ قولاي بولغان سۇلياۋ خالتىدىن بېرىۋاتىدۇ. بىزمۇ ئىشلىتىپ بولۇپ خالىغانچە تاشلاۋاتىمىز. سۇلياۋ نەچچە يىلدىمۇ چىرىمەيدىغان نەرسە. ئۇ كەلگۈسى مۇھىتقا، ئەۋلادلارنىڭ سالامەتلىكىگە نېمىلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى سىلەرگە ئوخشاش تىببىي ئىلىم ئۆگىنىۋاتقانلار كۆڭۈل بۆلۈشكە، ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە. بۇنىڭدىن دەرھال ئۈنۈم كۆرۈلمەسلىكى مۇمكىن. ئەمما، مۇشۇنداق ھەر تەرەپلىمە ئىزدىنىش بولغاندىلا، ئاندىن ئومۇمىي سۈپەتنى ئۆستۈرگىلى، ئۆزىمىزلا تەرەققىي قىلىپ قالماي، ئەۋلادلىرىمىز ئۈچۈن گۈزەل مۇھىت يارىتىپ بەرگىلى بولىدۇ. تۇپراق مۇنبەت بولسا، كۆچەت شۇنچە تېز ئۈنىدۇ. ئەمما، ئۇ يەنە بىرنەچچە ئەۋلادنىڭ تىرىشىشىغا، ئۆزىنى بېغىشلىشىغا مۇھتاج! ئەنە شۇندىلا كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىز بىزدىن چوقۇم مىننەتدار بولىدۇ!

ئۇنىڭ چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدىن چوڭقۇر ئىشەنچ، ئۈمىد نۇرلىرى چىقىپ تۇراتتى. پۈتۈن زېھنى بىلەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆز ئالدى يورۇماقتا، نىشانى ئايدىڭلاشماقتا ئىدى. جىسمىدا يېڭىچە بىر خىل كۈچ، قەلبىدە يۈكسەك بىر ئىرادە پەيدا بولماقتا ئىدى!

مەسئۇل مۇھەررىر: ئالىمجان ئىسمائىل



# مەڭگۈلۈك ھەسرەت

(پوۋېست)

— كېسەل ئاخىرقى باسقۇچقا يېتىپتۇ. بىزدە باشقا ئامال يوق، پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن تىرىشتۇق. ياخشىسى ئەمدى ئەپچىقىپ كېتىپ بىرنەچچە كۈن ئۆيدە ئوبدان كۈتۈۋېلىڭلار.

قورقىنىمدىن ئاغزىمنى ئېچىپ تۇرۇپلا قالدىم. نېمە دېگەن دەھشەتلىك خەۋەر بۇ! يۈرىكىم سىقىلىپ، پۈتۈن بەدىنىم بوشىشىپلا كەتتى. ئاھ، بىچارە، بەختسىز دوستۇم، تەكشۈرۈشنىڭ بۇ نەتىجىسىنى ساڭا قايسى تىلىم بىلەن يەتكۈزەرمەن!

كۆزلىرىمدىكى ياش، ۋۇجۇدىكى تىترەكنى زورىغا بېسىپ، ئۇنىڭ كارىۋىتى يېنىغا كەلدىم. ئۇ ئاپئاق يوتقان ئىچىدە ئەركىن سوزۇلۇپ شۇنداق چىرايلىق ئۇخلاپ يېتىپتۇ. سولغۇن، ئەمما گۈزەللىكىنى يوقاتمىغان بىغۇبار چىرايى يەنىلا شۇنداق ئوماق، شۇنداق يېقىملىق، يېرىم يۇمۇلغان لەۋلىرى، سەل-پەل يىمىرىلگەن قوشۇمىسى ئۇنىڭغا ئاجايىپ بىر جەزبە، لاتاپەت قوشۇپ تۇراتتى.

ياپ-ياشلا بىر غۇنچە، شۇنچىلىك گۈزەل، شۇنچىلىك خۇش پۇراق بىرغۇنچە-ھە! ئىچىم سىيرىلىپ ئىختىيارسىز ئېسەدەپ ساپتىمەن.

— كېسىلىم خەتەرلىك، شۇنداقمۇ نادىيە؟

— ھە ...؟! سەن ئويغاقمىدىڭ؟ ياق، نەدىكى گەپلەرنى قىلىۋاتىسەن. دوختۇر سېنى كېسىلى ئېغىر ئەمەس، بالنىستىن چىقسا بولىدۇ دەيدۇ.

— بولدى مېنى بەزلىمەيلا قوي، قېنى ئېيتە، قاچان كېتىمىز؟

— ئەتە، — ئۈنۈم ئارانلا چىقتى.

ئۇ بايا مەن كىرگەن ۋاقىتتىكىدەك كۆزلىرىنى مەھكەم يۇمۇپ ياتاتتى. قارىغاندا ئۇ ھەممىنى بىلىپ بولغاندەك قىلاتتى. لېكىن، چىرايىدا تەبىئىي گۈزەللىك، خاتىرجەملىكتىن باشقا ھېچقانداق ئىپادە كۆرۈنمەيتتى. كۆزۈم توساتتىن تومپۇچكا ئۈستىدە تۇرغان «چالىقۇشى»غا چۈشتى. ئۇ بۇ رومانىنى بەك ياخشى كۆرەتتى. نەچچە قېتىم قايتۇرۇپ ئوقۇغانىدى. ئوقۇۋېتىپ بەزىدە ھاياجاندىن كۆزلىرى ياشلىناتتى. بەزىدە ھۇزۇرلىنىپ

سۆزلەپ كېتەتتى: « مۇنداق ئېسىل كىتاب دۇنياغا كەمدىن-كەم كېلىدۇ، نادىيە، ئۇنىڭدىكى ھېسسىيات، ئۇنىڭدىكى چىنلىق، ئۇنىڭدىكى تىل... تۇۋا، پۈتۈنلا يۇتۇۋەتكۈم، قۇرمۇ قۇر يادلىۋالغۇم كېلىدۇ. ئوقۇغانسېرى يېڭىچە مەنە، يېڭىچە گۈزەللىكلەرنى بايقايسەن» دەيتتى ئۇ. دوختۇرخانىدا ھوشىنى بىلگۈدەك بولغاندىن بۇيان ماڭا ھەركۈنى ئوقۇتۇپ ئاڭلاشنى ئادەت قىلىۋالغانىدى. مەنمۇ ئۇنى بىردەملىككە بولسىمۇ ئۈمىدسىز خىياللارنىڭ ئىسكەنجىسىدىن نېرى قىلىش ئۈچۈن كىتابنى ئوقۇپ بېرىشكە ئالدىرايتتىم. ھازىرمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بېرىدىغان بىردىن بىر ئۇسۇل شۇ ئىدى. مەن ئاۋازىمنى ئىمكان بار ئەركىن چىقىرىپ:

— رومانىنىڭ داۋامىنى ئوقۇمدۇق؟ — دەپ سورىدىم. ئۇ بېشى بوشقىنا لىڭشىتتى.

مەن ئەنسىز دۈپۈلدەۋاتقان يۈرىكىمنى مەھكەم بېسىپ، ئالدىنقى كۈنى قاتلاپ قويغان جايىنى ئاچتىم، ئۆزۈمنى شۇنچە تۇتۇۋالاي دېسەممۇ ئاۋازىم ئۆزۈمنىڭ ئەمەستەكلا چىقاتتى:

... تاغلاردا مەن ئىسمىنى بىلمەيدىغان بىر خىل ئوت ئۆسىدۇ فەرىدە، ئادەم دائىم ئۇنى پۇرىسا بارا-بارا پۇرىقىنى سەزمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭ داۋاسى مەلۇم مەزگىل ئۇنىڭدىن يىراقلىشىش. ھەتتا بەزىدە شۇ خۇش بۇي تونۇش پۇراقنى سېغىنىش ھەۋىسى بىلەن ھەرقانداق باشقا بىر پۇراقنى، يەنى مەنىسىز سېرىق گۈلنى پۇراپ سالىدۇ.

بۇ ئوت خۇش بۇي پۇرىقى تۈپەيلىدىن بەزىدە بەختسىزلىككىمۇ ئۇچرايدۇ، ئادەملەر ئۈزۈۋېلىپ سولاشتۇرىدۇ. قوللىرىدا تىتىۋېتىدۇ. مەن سېنى قوللاردا ئەزگەنسېرى خۇش پۇراق چاچىدىغان گۈللەرگە ئوخشىتىمەن. گېپىمنى چۈشىنىۋاتامسەن؟

فەرىدە ئۇيقۇغا ھازىرلانغان كىچىك بالىدەك كىرپىكلىرىدە ياش تامچىلىرى پارقىرىغان كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى. بۇ ھاياجانلىق ھېرىشلاردىن مادارى قېچىپ تىزلىرى پۈكۈلدى. پۈتۈن ئېغىرلىقىنى كامرانىنىڭ قوللىرىغا تاشلىدى. خۇددى چۈشىدىكىدەك پەقەت لەۋلىرىنى قىمىرلىتىپ:

— ئۆتۈنەي، دېمەيلا قوي. شۇ چاغدا كېتىپ قالغىنىم ئۈچۈن مېنى پۇشايمان قىلمىدى دەپ ئويلامسەن؟ — دەپ پىچىرلىدى. تېخىچە كامرانىنىڭ كۆكسىدە تۇرغان بېشىنى سەل كەينىگە تاشلاپ، يۈزىنى ئۇنىڭغا قاراتتى. قىسقا، بوغۇق نەپەس ئېلىشتىن تىترىگەن بويۇن تومۇرلىرى كۆكىرىپ باراتتى. يۈزىدە، كۆزىدە ئۇچقۇنلار چاقنايتتى. ياش يىگىت بېشىنى تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇپ، خۇددى شۇنداق پەس ئاۋازدا دېدى:

— گۈلبەشىكەر، پەقەت مېنىڭلا گۈلبەشىكىرىم.

فەرىدە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تىترەپ، پۈتىنىڭ ئۇچىدا تۇردى ۋە يىگىتنىڭ مۈرىسىدىن قۇچاقلىدى. تومۇرلىرىدىكى بارلىق قېنى لەۋلىرىگە يىغىلغاندەك ئىدى. ئۇ بويىنىنى سوزدى...

كىتابتىن بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىدىم. لەۋلىرى پەرياد چېكىۋاتقاندەك تىترەپ، چىرايىدا ئادەم چىدىغۇسىز بىر مۇڭ، پىغان ئۇرلەپ كېتىپتۇ.

بىچارە دوستۇم، شۇ قاپىتا ئۇچرىشىش بەختى ساڭىمۇ بىر نېسىپ بولغان بولسا ـ ھە؟! بەلكىم ئېچىلماي توزىغان غۇنچىدەك ۋاقىتسىز ئاخىرلىشىۋاتقان ھاياتىڭ دۇنيا بىلەن ئارمانسىز خوشلىشار ئىدى. ئىچىمگە ئوت كەتكەندەك بولدى. ئۇنىڭ مۇنداق ھالەتتە يېتىشى مېنى تېخىمۇ قاتتىق ئازابلايتتى. بىر چاغدا ئۇ تولىمۇ ئېغىر بىر ئۇھ تارتتى. ئاندىن پەس ئاۋازدا چاقىردى:

— نادىيە.

— ھە.

— بېرى كەل.

مەن ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىنراق سىلجىدىم.

— ياستۇقۇمنىڭ ئاستىدا بىر خاتىرە دەپتەر بار، ئۇنى ئال.

مەن ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە قىلدىم، قولۇمغا قاتتىق مۇقاۋىلىق ئېسىل بىر خاتىرە چىقتى.

— بۇ نېمە؟

— مېنىڭ ئۆتمۈشۈم.

— ئۇنى ساڭا ئوقۇپ بېرەمدىم؟

— ياق، كۆيدۈرۈۋەت!

— نېمىشقا ئەمدى؟

— مەندىن ئايرىلسا ئۇنىڭ كېرىكى قالمايدۇ.

— ئۇنى ماڭا بەرگىن سۇبھى! مەن ئۇنى سېنى كۆرگەن كۆزدە كۆرىمەن. سېنى سېغىنغاندا... — گېپىمنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋالدىم. چۈنكى ئۆزۈمنىڭ ناھايىتى ئەخمىقانە سۆزلەپ سالغىنىمنى تۇيۇپ قالغانىدىم.

— بولدى قىل، نادىيە، ئۇنىڭ تالاشقۇچىلىكى يوق. ئۇنى ئۆزۈمدىن بۆلەك ھېچقانداق ئادەم كۆرۈپ باقمىغان. ھېلھەم مەن بىلەن بىرگە تۈگىسۇن. ئۇنىڭدا قايغۇدىن بۆلەك ساڭا قالدۇرۇپ كەتكۈدەك ھېچنەرسە يوق. ياخشىسى، مېنىڭ دېگىنىمدەك قىل.

كۆڭنە سىلىككە نېمە ھەققىم. يەنە كېلىپ، ھازىر ئۇنىڭ ھەر بىر ئېغىز سۆزىمۇ مەن ئۈچۈن مۇقەددەس بۇيرۇق. ئۇنى خاپا قىلىپ، كۆڭلىنى كىچىككىنە چىگىپ قويۇشمۇ كەچۈرگۈسىز گۇناھ. قاچانلاردىن مۇنچە مۇلايىم، ئېھتىياتچان بولۇپ قالغىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. مەن قولۇم تىترىگەن ھالدا قوشنا ياتاقتىن تېپىپ كىرگەن سەرەڭگىنى تەسلىكتە يېقىپ، خاتىرە دەپتەرگە تۇتتۇم. ئوت دەپتەرگە ئەمەس، بارماقلىرىمغا تۇتاشقاندەك قوللىرىم كۆيۈشۈپ كەتتى. سەرەڭگىنىڭ يېقىلغان ئاۋازىدىنمۇ ياكى

ئىسنىڭ ئاچچىق ھىدىدىنمۇ سۇبھى ئەندىككەندەك لەپپىدە كۆزىنى ئاچتى. ئۇ قولۇمدا تۇتۇنۇپ كۆيۈۋاتقان ئاچچىق كەچمىشلىرىگە بىر سېكۇنت مەيۈس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن شاپپىدە بېشىنى بۇراپ، كۆزىنى يۇمۇۋالدى، ئۇ قىيالمايۋاتاتتى. شۇ تاپتا بۇرنۇمغا پۇرىغىنى ئۇنىڭ بۇتۇنۇۋاتقان يۈرىكىدىن چىققان ئىستەك، قولۇمنى قىزدۇرغىنى ئۇنىڭ كۆيۈۋاتقان ۋۇجۇدىنىڭ يالقۇنىدەك بىلىندى. مەن زادىلا چىدىيالمىدىم. ئەجىبا، پۈتۈن بىر ھاياتلىقنىڭ سىرى ئۇنىڭ بىلەن تەڭلا يوق بولسۇنمۇ؟! خىيالىمغا نەدىن كەلدىكىن يېنىمدىلا تۇرغان بايىقى «چالىقۇشى» نى تويدۇرماستىن ئېلىپ، خاتىرە ئۇچقۇندىسىۋاتقان ئوتقا تۇتاشتۇرۇۋالدىم-دە، دەپتەرنىڭ كۆيۈۋاتقان بۇرجىكىنى چاققانلىق بىلەن كارىۋات ئاستىدا تۇرغان داستىكى سۇغا چىلاپ ئۆچۈرۈۋالدىم. بۇ ئىشلارنى شۇنچىلىك تېز، ئەپچىل تۇگەتتىمكى، كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىۋاتقان ئۆمۈر بەتلىرىنىڭ ئازابىدا بىچارە دوستۇم ھېچنېمىنى سەزمىدى. مەن ئىشنى پۈتتۈرۈپ، ئورنۇمدىن تۇردۇم-دە، ئاستا ئۇنىڭغا ئېگىشتىم:

— مەن ئۆيگە بېرىپ ساڭا تاماق ئەپكېلەي سۇبھى، ھازىرلا كېلىمەن.

— ياق، بىرنەرسە يېگۈم يوق.

— ئەتىگەنمۇ تۈزۈك ناشتا قىلمىدىڭ. مۇنداق يېتىۋەرسەڭ بولمايدۇ. مېنى توسما. ھايال قالمايمەن.

— بولىدۇ، ئەمسە ئاۋۋال پوچتىخانىغا كىرىپ، ئۇنىڭغا تېلېگرامما سېلىۋەتكىن.

— كىمگە؟

ئۇ كۆزىنى مەندىن قاچۇرۇپ، يەردىكى ئاللىقاچان كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان خاتىرىگە تىكتى.

— كىمنى دەۋاتقىنىمنى بىلسەن، نادىيە، مېنى چۈشەنگىن. مېنىڭ يەنە نەچچە كۈنلىكىملا قالدى. يۈرىكىم بۇنى تۇيۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. لەۋزىمنى ياندۇرما، جېنىم دوستۇم،— ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇرالمىدى. ئىچ-ئىچىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ئېغىر ئۆكسۈش كۈچەپ چىشلىۋالغان لەۋلىرىنىمۇ تىترىتەتتى. يۈرىكىم ئېزىلىپ كەتتى. ئۆزۈمنى تەسلىكتە تۇتۇۋېلىپ:

— بولىدۇ سۇبھى، ھازىرلا باراي، — دېدىم.

3-كۈنى جاۋاب تېلېگرامما كەلدى.

— ئۇ بۈگۈن يولغا چىقىپتۇ، سۇبھى، ئايروپىلان سائەت بىر يېرىمدا كېلىدىكەن. ماشىنا بىلەن ناھىيىگە ئۈچ سائەتتە كېلىدۇ. مەن شۇ چاققا ئۈلگۈرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا باراي.

مەن ئۇنىڭ مۇشۇ جاۋابنى كۈتۈپ قانچىلىك بىتاقەت بولۇۋاتقىنىنى بىلەتتىم. ئۇ كۆزۈمگە باشقىچە روھلىنىپ قالغاندەك كۆرۈندى.

— ئېسىڭدە بولسۇن، نادىيە، بۇ ئىشلارنى پۈتۈنلەي ئۆزۈڭ ئورۇنلاشتۇرغان بول.

— ھەم، بىلمەن.

بىكە تىكە كېلىپلا ئۆزۈمنىڭ چوڭ بىر ئىشنى چالا قىلغانلىقىمنى سەزدىم. ئۇياقنىڭ بىرەر پارچە سۈرىتىنىمۇ كۆرۈپ باقمىغان تۇرسام، قانداق قىلارمەن؟ بۇگۈن يەكشەنبە بولغاچقا شەھەرگە كىرىپ-چىقىۋاتقان يولۇچىلارنىڭ كۆپلىكىدىن بىكەت ئادەتتىكىدىنمۇ بەك ماللىماتاڭ ئىدى. بىر سائەتكە يېقىن ساقلىدىم. ئارىدا كېلىپ-كەتكەن ئىككى ماشىنا ئادەمنى بىر-بىرلەپ كۆز ئوڭۈمدىن ئۆتكۈزۈپ بولدۇم. كەچ كىرىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ تېخىچە تەپتى كەتمىگەن تومۇز ئىسسىقى جىنىمغا تەگكىلى تۇردى. ئەستا! تونۇمىغان، يەنە كېلىپ شۇنچە ئۈچ كۆرىدىغان بىر ئادەمنى مۇنچىمۇ كۈتكەن بارمۇ؟ سۇبھىمۇزە... شۇ ئەسنادا سىرتتىن چاڭ كۆتۈرۈپ، يەنە بىر ئاپتوبۇس بىكەتكە كىرىپ كەلدى. ئورنۇمدىن قوزغالماستىن ئاپتوبۇستىن چۈشۈۋاتقانلارغا سىنچى كۆزلىرىم بىلەن بىر-بىرلەپ قاراپ چىقتىم... ھېچقايسىسى ئەمەس. ھەي، ياق، ئەنە، چوقۇم شۇ! پارقىراق ئاياغ، قارا كۆك شىم، ئاپئاق كۆڭلەك ئۈستىگە گالستۇك تاقاپ، ئەپچىلگىنە سەپەر سومكىسى كۆتۈرۈۋالغان قامەتلىك گەۋدە. تۇرقىدىن ھېچبىر يول يۈرگەندەك، توپا-چاڭغا يولۇققاندەك ئەمەس. ئۇنىڭدىن ئەركەكلەرگە خاس جۇشقۇنلۇقمۇ، مۇلايىم نازۇكلۇقمۇ يېغىپ تۇرۇپتۇ. نېمىشقىدۇر ئۆزۈمنى ئىنتايىن چارىسىز ئەھۋالدا قالغاندەك ھېس قىلدىم. ئۇنىڭدىكى ئاجايىپ بىر جەلپ قىلىش كۈچىنى راستتىنلا ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايتتىم. دەماللىققا گاڭگىراپ، ئۇنىڭ ئالدىمدىلا توختاپ قالغىنىنى سەزمەپتىمەن.

— كەچۈرسىز، دوختۇرخانىغا قايسى يول بىلەن بارىدۇ؟

ئۇنىڭ ئاۋازىدىمۇ ئاجايىپ بىر سېھرىي كۈچ بار ئىدى. ھەققىڭ باركەن، سۇبھى، ئۇنى ياخشى كۆرمەي مۇمكىنمۇ؟ دېگۈم كەلدى.

— سىز خالىۋەرمۇ؟ — دېدىم مەن.

— ھە ئە. سىز...

— مەن بىلەن يۈرۈڭ، — مەن شۇنداق دەپلا ئۇنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ماڭدىم. قەلبىمدىكى نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئورناپ كەتكەن ئاچچىق بۇ قېتىمقى تاسادىپىي گاڭگىراشتىن غالىپ كېلىۋاتاتتى. سەكراتتا ياتقان سۇبھى زادىلا كۆز ئالدىمدىن كەتمەيتتى.

— سىز نادىيەكەنسىزدە؟ ماڭا تېلېگراممىنى سىز سالغانمۇ؟ — ئۇ ماڭا يېتىشىۋالماقچى بولۇپ، قەدىمىنى تېزلەتكەنچە سورىدى.

— ھەم، — ئۆزۈڭ ھەم سوغۇق جاۋاب ئۇنى ئوجۇقتۇردى بولغاي، قەدىمى ئەسلىدىكى سۈرئەتكە چۈشۈپ قالدى، ئۇ بەلكىم كۆڭلىدە ھەممىنى چۈشەنگەندۇ. قوپاللىقىمنىڭ سەۋەبىنى ئۆزى بىلىدۇ. سۇبھىدەك ئېسىل قىزنى ۋەيران قىلغان نامەردكە بۇمۇ ئاز تېخى! شۇنىڭدىن كېيىن ھەر ئىككىمىزلا زۇۋان سۈرمىدۇق.

مەن ئۇنىڭ ئارقامدىن كېلىۋېتىپ بىرنەچچە قېتىم ئېغىر خورسىنغىنىنى ئاڭلىدىم. كىم بىلىدۇ قىلىۋاتقانلىرىنىڭ ھەممىسى بۇ قاقباشنىڭ خۇپسەنلىكلىرىمۇ تېخى. بىز سۇبھىنىڭ كارىۋىتى يېنىغا كەلگەندە ئۇ يېڭىلا ئۇيقۇغا كەتكەنىكەن. بىچارە دوستۇم تەلمۈرۈپ زارىققان كۆزلىرىنى شۇنچە كۈنلەردىن بېرى تۇنجى قېتىم ئارمانسىز، خاتىرجەم يۇمۇۋاتسا كېرەك. مەن ئۇنىڭ بۇ شېرىن ئۇيقۇسىنى بىمەھەل بۇزۇشنى خالىماي، قانداق قىلىمىز؟ دېگەندەك ياندىكى بۇرادىرىمگە قارىدىم. ئۇمۇ مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى چۈشەندى بولغاي:

— ئويغاتمايلى، — دېدى ئارانلا ئاڭلانغۇدەك ئاۋازدا، — ئۇ... ئۇ نېمە كېسەلكەن، دوختۇر نېمە دېدى؟ — كارىدوردا بىر پەس جىمجىت تۇرغاندىن كېيىن سورىدى ئۇ يىغلامسىرىغان ئاۋازدا.

— يۈرۈڭ، ئاشخانىغا كىرىپ كەچلىك تاماق يېگەچ پاراڭلىشايلى. سىزگە كۆرسىتىدىغان مۇھىم بىر نەرسە بار، — دېدىم مەن ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەيلا.

— تاماق يېگۈم يوق. مۇشۇ يەردىلا كۆرسەم بولمامدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، سۇبھى ئويغىنىپ قالسا... — ئۇ ياتاق تەرەپكە ئايانچلىق كۆزلىرى بىلەن قىيالمىغاندەك قاراپ قويدى.

— ياق، بۇ يەردە بولمايدۇ. يۈرۈڭ!

بىز ئاستىنقى قەۋەتتىكى كۈتۈش ئۆيىگە كىردۇق. ئۆي خالىي ئىدى. مەن چەت-چۆرىلىرى كۆيۈپ، سارغىيىپ كەتكەن ھېلىقى پۇچۇق خاتىرىنى ئۇنىڭغا سۇندۇم. ئۇ ماڭا تەئەججۈپ ئىلكىدە لەپپىدە بىر قارىدى-دە، ئالدىراپ خاتىرە بېتىنى ئاچتى. مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدا ئۆرە تۇراتتىم. بەلكىم بۇ خاتىرە ئۇنىڭغىلا خاس، ئۇنىڭغىلا ئاتاپ يېزىلغاندۇ. مېنىڭ ئوقۇشۇم يولسىزلىقتۇر. بىراق، مەن ئوقۇماي تۇرالمايتتىم. خەتلەر بىردىنلا كۆزۈمگە تەگسىز مۇڭ، چىدىغۇسىز ئازاب ئۆرتىگەن بىر جۈپ ئاھۇ كۆزلەردىن دۇملاۋاتقان ياش ئۈنچىلىرىدەك، خاتىرىنىڭ سارغايغان، تىترەپ تۇرغان بەتلىرى دەل شۇ سىياقتا تولغىنىپ ياتقان بىچارە سۇبھىدەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

خاتىرىنىڭ باشتىكى بىرنەچچە بېتى ئاساسەن دېگۈدەك كۆيۈپ تۈگىگەنىدى. قالغان بەتلەرگە مۇنداق كەچمىشلەر يېزىلغانىدى:

« 24-ئۆكتەبىر (چارشەنبە)

ئۇنىڭدىن خەت كەلمىگىنىگە بۈگۈن توپتوغرا ئىككى ئاي بولدى. ئىنتىزارلىق ئىچىدە خەت كۈتۈپ ئۆتكۈزگەن بۇ ئۇزۇن كۈنلەرنىڭ ھەر بىرىگە قانچىلىك كۈچلۈك سېغىنىش، قانچىلىك ئېغىر ئىزتىراپ سىڭگەنلىكىنى ئۆزۈممۇ ئېيتىپ بېرەلمەيمەن. ئىچىمدە چىدىغۇسىز بىر سىقىلىش، نەپسىم بۇغۇلۇپ، ئۆپكەم ئۆرۈلۈپلا تۇرىدۇ. ۋاقىت ئۇزارغانسېرى ئۇ باشقا بىرىنى تېپىۋالمىغاندۇ؟ دېگەن گۇمان كاللامغا كىرىۋېلىپ، ئىچىم تىتىلداپ

ھەدېسىلا ئورۇنسىز چېچىلىدىغان بولۇپ قالدىم. تۇرۇپلا يەنە ئۆز-ئۆزۈمنى ئەيىبلەيمەن. «نېمە ئانچە قىلىمەن. بەرىبىر ئازكۈندىن كېيىن — ئەتىلدە كۆرۈشىمىزغۇ، يەنە كېلىپ ئۇ ماڭا سىز ئۆزىڭىزگە قانداق ئىشەنسىڭىز ماڭىمۇ شۇنداق ئىشىنىشىڭىز كېرەك» دەپ تالاي قېتىم ئېيتقان. ئەجەبمۇ گۇمانخوردە-مەن!

* * *

ئەتىگەندىن بېرى كۆڭلۈم يېرىم، يىغلىغۇملا كېلىپ تۇرىدۇ. چۈشتىن ئاۋۋالقى دەرسلەرنى تولىمۇ تەسلىكتە ئاخىرلاشتۇردۇم. چۈشتە ھېچنەرسە يېگۈم كەلمەي تۇرسىمۇ، ياتاقتىكى قىزلارنىڭ زورى بىلەن ئازراق بىرنەرسە يېگەن بولدۇم-دە، كارىۋىتىمغا چىقىپ بېشىمنى مەھكەم يۇركىگەنچە يېتىۋالدىم. ئۆزۈممۇ تېگىگە يېتەلمەيدىغان ئازابلىق بىر تۇيغۇ يۈرىكىمنى مۇجۇپ ھالىمنى تېخىمۇ خاراپلاشتۇرۇۋەتتى. قىزلار چۈشتىن كېيىنكى مۇزاكىرىگە چىقىپ كېتىپ ياتاق خالىي قالغاندا ئاستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ، دېرىزە تەكچىسىدىكى كىچىك ئۈنئالغۇغا ئۇ بەرگەن لېنتىنى سالدىم. مەن ئۇنى نەچچە ئون قېتىم ھەتتا نەچچە يۈز قېتىملاپ ياندۇرۇپ ئاڭلىغاندىمەن. بۇ لېنتا ئۇنىڭ ماڭا قالدۇرغان ھەم مەن ئەڭ ياقتۇرىدىغان بىردىنبىر يالدامسى. ئۇنى ئاڭلىغانسېرى ئاڭلىغۇم كېلىدۇ، ئۇ بارا-بارا دائىملىق ھەمراھىمغا، ئۇنىڭ جانلىق سىماسىغا ئايلىنىپ قالدى. كۆڭلۈم ئېچىلىپ خۇشال بولغان چاغلاردىمۇ، مۇڭلىنىپ يىغا تۇتقان مىنۇتلاردىمۇ ئۇنى كۆرگەندەك، ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك ھېسسىياتقا كەلتۈرىدىغان بۇ ئىزگۇ ئاھاڭدا يۈرىكىمنى بەزلەيمەن. ئۇ نېمىشقا ماڭا خەت يازمايدىغاندۇ؟ ماڭا رەھىم قىل خۇدا. ئۇنى ھەم بىزنىڭ مۇھەببىتىمىزنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلا!

21-نويابىر (جۈمە)

مانا يەنە بىر ئاي ئۆتۈپ كەتتى. پەقەتلا بەرداشلىق بېرەلمەي قېلىۋاتىمەن. يۈرىكىم بىرەر پاراكەندىچىلىكنى سەزگەندەك ئېغىپلا تۇرىدۇ. بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن پەلسەپەدىن ئىمتىھان بار ئىدى. نەچچە كۈندىن بېرى ئۆزۈمنى تەكرارغا زورلاپ، نېرۋىلىرىم جىددىيچىلىك ھەم ھارغىنلىقتىن ئېسىلىپلا قالدى. قاپاقلىرىم ئىششىق، قەدەملىرىمنى ئېغىر سۆرەپ ئەمدىلا سىنىپقا كىرىپ كېلىشىمگە كىمدۇر بىرى قولۇمغا بىر كونۋېرتنى تۇتقۇزۇپ قويدى، يۈرىكىم ئەنسىز دۈپۈلدەپ، خەت تۇتقان قوللىرىم تىترەپ كەتتى. خەت ئىمزاسىز بولۇپ پوچۇركىسىمۇ ناتونۇش ئىدى. ئەمما ئاستىدىكى پوچتا نومۇرىدىن بېيجىڭدىن — ئۇ تۇرۇۋاتقان جايدىن كەلگەنلىكىنى بىلدىم. كۆڭلۈم ئۇيۇپ خېلىغىچە ئەسلىمگە كېلەلمىدىم. بۇ كونۋېرت ئاللىقانداق شۇملۇقنىڭ بىشارىتىدەك، ئىچىمنى ئاچچىق قىلىۋەتكەن پۈتكۈل تۈگۈن ئۇنىڭ ئىچىدە يېيىلىپ ياتقاندەك بىلىنىپ كەتتى.

— ئەجەب تاتىرىپ كەتتىڭغۇ، سۇبھى؟ كىمدىن كەپتۇ؟ —يېنىمدا ئولتۇرىدىغان دوستۇم ئايگۈل مېنى يېنىك تۈرتۈپ، قولۇمدىكى خەتكە بويۇندىدى. مەن شۇ چاغدىلا ئېسىمگە كېلىپ، خەتنى تېزلىك بىلەن تارتمىغا سېلىۋەتتىم. چۈنكى ئۇنى ئېچىشتىن قورقۇۋاتاتتىم. يەنە كېلىپ كېيىنكى سائەتتە ئىمتىھان بار. ئۆزۈمنى روسلاپ قولۇمغا كىتاب ئالدىم. بىراق كۆزلىرىم تورلىشىپ، كۆرۈۋاتقىنىم دەرسلىك ئەمەس، دەل كۆڭلۈمگە كېچىۋاتقان قالايمىقان، ئەنسىز خىياللارنىڭ تىزمىسىدەك تۇيۇلۇپ، گاراڭ ھالەتتە بىر چاغلارغىچە ئولتۇردۇم. ئاخىر قولۇمنى تارتمىغا سالدىم. تۇيۇقسىز چېلىنغان قوڭغۇراق ئاۋازىدىن دىڭگىدە چۆچۈپ، ئىختىيارسىزلا ئىشىككە قارىدىم. كومىسسىيىلەر قوللىرىدا سوئال كۆتۈرگەنچە كىرىپ كېلىۋاتاتتى. سوئاللارغا نېمە دەپ جاۋاب بەرگىنىمنى بىلمەيمەن. بېشىمنى كۆتۈرمەي، توختىماي يېزىپ بارماقلىرىم تالغاندا بىراق توختىدىم. بىرىنچى بولۇپ قەغەز تاپشۇردۇم. قولۇمدا ھېلىقى مىڭ پاتمان ئېغىرلىقتىكى كونۋېرت سىقىمداغلىق ئىدى. ئىشىكتىن چىقىپلا ئۇنى ئاچتىم. ئاھ! پۈتۈن بىنا چۆرگىلەپ بېشىمغا يىقىلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇۋاتىدۇ. قۇلاق تۈۋىمدە ھەرە غوڭۇلدىغاندەك يېقىمسىز بىر سادا ئاڭلانغاندەك قىلىدۇ:

« ... بىز توي قىلىشقا پۈتۈشتۇق. مەن سىزگە يۈز كېلەلمەيمەن. ئالدىڭىزدا تولىمۇ خىجىلمەن. بىراق ماڭىمۇ ئامال يوق. بىزنى كەچۈرۈڭ! » ياتاققا قانداق كىرگىنىمنى بىلمەيمەن. كارىۋاتقا ئۆزۈمنى ئېتىپ پۈتۈن بىنانى بېشىمغا كىيگۈدەك قاتتىق يىغلاپ كېتىپتىمەن. شۇ تۇرقىمدا ئېلىشىپ قالغان ئادەمگىلا ئوخشىدىم. ئاھ! رەھىمسىز تەقدىر، ئاخىر خاراب قىلدىڭغۇ مېنى! مېنىڭ شۇنچە يىلدىن بۇيانقى ئەقىدە، ئىشەنچىم مۇشۇ جاۋاب ئۈچۈنمىدى؟!

ئالدىنقى ئاخشىمى بىر چۈش كۆرگەن ئىدىم. چۈشۈمدە ئۇنىڭ يېقىن دوستى قەيسەردىن «خالىۋەر ئۆلۈپ كەتتى» دەپ خەت كەپتۇدەك. يەنە تۇرۇپ ئۇنى ئېغىر كېسەل دېگۈدەكمەن. ئۆزۈمنى يەرگە ئېتىپ، بوغۇلۇپ يىغلىغانىدىم. مانا بۈگۈن راستتىنلا شۇنداق يىغلاۋاتىمەن. ئۇ ئۆلدى. مېنىڭ قەلبىمدىكى ئۇ ئىنسان راستتىنلا مەڭگۈگە كۆز يۇمدى. ئەي خۇدا، ماڭا مەدەت قىل، ئۇنى مەندىن يىراق ئېلىپ كەت، ئىككىنچى كۆرسەتمە!

30-نويابىر (دۈشەنبە)

ئىچىم ئاچچىققا توشۇپ كەتتى. پۈتۈن ۋۇجۇدۇم پۇشايمان ئازابىدا ئۆرتىنىپ، يۈرىكىم ئەلەم ئامبۇرىدا قىسىلىۋاتقاندەك مۇجۇلۇپلا تۇرىدۇ. شۇ كۈنلەردە مېڭەم قۇپقۇرۇق. ئەقلىدىن ئازغان ئادەملەردەك ھەممىگە ھاڭۋېقىپلا يۈرىمەن. باشقىلارغا چىش يېرىپ ئىختىيارەن گەپ قىلىپ باقمىغىلىمۇ نەچچە ۋاقىت بولدىكىن؟

بۈگۈن ئۇنىڭ بىر پارچە خېتى قولۇمغا تەگدى. ئىختىيارسىز پۈكۈلگەن ئالقانلىرىم ئارىسىدا مىجىلىپ جۇلۇقى چىقىۋاتقان بۇ نومۇسسىز خەت نەچچە كۈنلەردىن بېرى

تىنىپ، بۇغۇلۇپ قالغان، تۇنجۇقۇپ ئۆلەيلا دېگەن غەزەپ-نەپرەتلىرىمنى يەنە بىريوللا قۇترىتىۋەتتى. چىشلىرىم كىرىشىپ، ئۆزۈمنى باسالمايلا قالدىم. تىترەپ تۇرغان بارماقلىرىمغا پۈتۈن زەردەمنى يىغىپ ۋاپاسىز خائىنىنىڭ شەرمەندە خېتىنى جەھلىم بىلەن ئىككىگە بۆلدۈم. ئۇنى تىتما-تىتما قىلىۋەتكۈم، دەسسەپ چەيلىگۈم كېلەتتى. بىراق تېنى ئىككىگە ئايرىلىپ ئىككى ئالقىنىمدا بويۇن قىسىپ تۇرغان بۇ ئېتىبارسىز قەغەزگە قاراپ يەنە توختاپ قالدىم. خەير، بۇنىمۇ كۆرۈپ باقاي. يەنە قانداق ئويۇنلىرىڭ باركىن؟ بۇ بەلكىم سېنىڭ ماھىيىتىڭنى، نەيرەڭۋازلىقلىرىڭنى ماڭا يەنە بىرقېتىم ئاشكارىلاپ بېرەر.

... ئاۋۋال سىزدىن كەچۈرۈم سورىۋالاي، مېنى ئەپۇ قىلىڭ سۇبھى! خېتىڭىزگە ۋاقتىدا جاۋاب قايتۇرالمىدىم. چۈنكى كونا كېسەل ئاشقازان ئاغرىقى مېنى بۇ يىلمۇ ساق بىرئاي بالنىستتا ياتقۇزدى... سىزنى بىر مىنۇتمۇ سېغىنماي، ئەسلىمەي ئۆتكىنىم يوق. ماڭا ئىشىنىڭ جېنىم. مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن! ئۆزىڭىزگە قانداق ئىشەنسىڭىز ماڭا شۇنداق ئىشىنىڭ، پات ئارىدا دىدار كۆرۈشىدىغان بولدۇق. مەن بۇ يىل قىشلىق كانىكۇلدا ئۆيگە قايتىش نىيىتىگە كېلىۋاتىمەن، سىزنى قانچىلىك كۆرگۈم كەلگىنىنى شۇ چاغدا دەيمەن.

خەير، مېنىڭ يامانلىغاق، سۆيۈملۈك مەشۇقۇم! سىزنى باغرىمغا بېسىپ: ×

ئىختىيارسىز ئۆزۈمنى تۇتالماي كۈلۈپ سالدىم. دەسلەپ بۇ ئويۇن ماڭا راستىنلا تولىمۇ كۈلكىلىك تۇيۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. سۇنئىيلىكى ئاشكارىلىنىپ قالغان ئارتىس سەھنىدە يەنە قانچە ئۇزۇن رول ئالالار. بۇ ھەقىقەتەنمۇ قاملاشمىغان، قىزىقى قالمىغان بىرمەززىسىز تاماشىغا ئوخشىدى، مۇبادا بۇ خەت بىرەر ھەپتە ئىلگىرى كەلگەن بولسا، بەلكىم كۆزلىرىمگە سۈرتۈپ شادلانغان، ئاغرىق ياتقىنىغا ئىچىم ئاغرىپ ياش تۆككەنمۇ بولار ئىدىم (بۇنىسى چوقۇم). ئەمما بۇ ھازىر مەن ئۈچۈن ئەھمىيەتسىز، كېرەكسىز قۇرۇق قەغەز، خالاس. بىر ھەپتە ئاغرىپ ياتقىنىڭنى، ھېلىقى سەۋدايىڭنىڭ بېشىڭدا پەرۋانە بولۇپ كۆتكەنلىرىنى ئۇنىڭ خېتىدىن ئاڭلىغانمەن. لېكىن بۇ ئەمدىلىكتە سېنىڭ ئاغزىڭدا بىرئايغا ئۆزىراپ، چۈشكۈن مۇھەببەتنىڭ چاكىنا كۆرۈنۈشلىرىگە مەست بولۇپ يۈرگەن چاغلىرىڭ كېسەل كارۋىتىدا مېنى ئەسلەپ ئۆتكەنىگە ئايلىنىپتۇ. ھۇ ساختىپەز! مېنى كەچۈرۈك مىش تېخى، بىلىپ قوي، سېنى ئۆلسەممۇ كەچۈرمەيمەن، مەن ئاشىقلارنىڭ ھەرقانداق ئەيىبىنى ئەپۇ قىلالىسامۇ، لېكىن ساداقەتسىزلىكنى، مۇھەببەتكە — دۇنيادىكى بۇ ئەڭ بۈيۈك، ئەڭ نازۇك ھېسسىياتقا قىلغان خىيانەتنى كەچۈرەلمەيمەن. سەن ئەمدى مەن ئۈچۈن ئەبەدىي تىرىك مۇردا. ۋىجدانسىز... جىنايەتچى!

مەن ئۇششاقلانغان بىر سىقىم قەغەز پارچىسىنى دېرىزىدىن پەسكە قارىتىپ ئۇچۇردۇم. ئۇلار قاراڭغۇ كېچە بوشلۇقىدا توزىغان قار ئۇچقۇنلىرىدەك لەيلەپ ئاستا-ئاستا پەسكە چۈشۈپ كۆزۈمدىن غايىب بولدى.

31-دېكابىر (يەكشەنبە)

بۈگۈن يېڭى يىل ھارپىسى، سىنىپلار رەڭگارەڭ چىراغ ۋە قەغەز پانۇسلار بىلەن بېزەلگەن. دېرىزىلەرگە رەڭلىك قەغەزلەر بىلەن نەپىس دېرىزە پەردىلىرى تارتىلغان. ئۇنىئالغۇلاردىن چىقىۋاتقان ياڭراق جاز مۇزىكىلىرى پۈتۈن مەكتەپ ئىچىنى كۆڭۈللۈك، قايناق كەيپىياتقا تولدۇرغانىدى.

بۇ يىل ساۋاقداشلارنىڭ كەيپىمۇ ئالاھىدە يۇقىرى. ئۈچ يىلدىن بېرى ئانچە يېقىنلىشالماي يۈرگەن قىز-ئوغۇللار ئاخىرلىشىپ كېتىۋاتقان ستۇدېنتلىق ھاياتىنىڭ قەدرىنى ئەمدىلا ھەقىقىي ھېس قىلىپ يەتكەندەك باشقىچىلا ئېچىلىشىپ كەتكەنىدى. سىنىپ ئىچى توك ئۆچكەندىن كېيىن شاملار بىلەن يورۇتۇلۇپ، باتارېيىدە سايراۋاتقان ئۇنىئالغۇ بىلەن تېخىمۇ قايناپ كەتتى. يېڭى يىلنى مۇبارەكلەپ تەييارلانغان ئاتكىرتكىلار چوڭقۇر ساۋاقداشلىق مېھرىنىڭ قىممەتلىك سوۋغىلىرى سۈپىتىدە قوللاردىن قوللارغا ئۆتۈشەتتى. شادلىق يېغىپ تۇرغان يېقىملىق چىرايلار، قىزىپ كەتكەن مىللىيچە ئۇسسۇل ۋە تانسىلار ھەقىقەتەنمۇ ئاجايىپ بىر كەيپىيات، ئاجايىپ بىر مەنزىرە. ئاھ! ئوقۇغۇچىلىق-ستۇدېنتلىق ھايات نەقەدەر كۆڭۈللۈك-ھە؟!

ھېرىپ ھالىمدىن كېتەي دېدىم. مۇزىكا ئاخىرلىشىشى بىلەنلا ئازىراق دەمىمنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن كارىدورغا چىقتىم. كارىدور سالقىن ھەم تىنچ ئىدى. دېرىزىدىن سىرتقا — ئاسماندىكى جىمىرلاپ تۇرغان نۇرلۇق يۇلتۇزلارغا قارىدىم. مەكتەپ ئىچىدە يۈرتداشلىرى، دوستلىرى بىلەن توپلىشىپ يېقىنلىرىنىڭ سېنىپىغا پەتلەپ كىرىپ-چىقىۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ئۇياقتىن-بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇرىدۇ. كۆزلىرىم تالغاندەك قىلىۋىدى، دەرھال يۇمۇۋالدىم. شۇئان خىيالىم.. ئەستا! بېشىمنى قاتتىق سىلكىپ، دېرىزىنىڭ ئوچۇق كۆزنىكىدىن بوينۇمنى سوزغانچە ئەتەي قايسىدۇر بىر ناخشىغا غىڭشىپ قويدۇم. سوغۇق ھاۋا نېرۋىلىرىمنى سەل تىنجىتتى. كۆزلىرىم ئىختىيارسىز قارىغايلىق يېنىدا چىرمىشىپ كەتكەن بىر جۈپ گەۋدىگە چۈشۈپ قالدى. ئۇلار پۈتۈن دۇنيانى ئۇنتۇپ، يېڭى يىلنى شېرىن-شەربەتلەر بىلەن كۈتۈۋېلىشىۋېتىپتۇ. ھىم! رومانتىك ئەقىدىنىڭ بىخۇت ئاشىقلىرى، كېلەر يېڭى يىلدا كۆزلىرىڭلار ياش، قەلبىڭلار ئازاب بىلەن تولۇپ كەتمىسە ياخشى بولاتتىغۇ. ئۆزۈڭگە پەخەس بول قىزچاق، خۇدا كۆڭلۈڭگە ئىنساب بەرسۇن، يىگىت! سىلەرنى قۇتلۇق ئاقىۋەت كۈتكەي!

* * *

مۇشۇ كۈنلەردە ئۆزۈمنى خېلىلا تۇتۇۋالدىم. بىر چاغلاردىكى بالىلارچە قىلىقلىرىم، سادda يەڭگىلتەكلىكىمدىن ئەسەرمۇ يوق. چۈش كۆرۈپ ئويغانغاندەك، بىراقلا ئۇن ياش چوڭىيىپ ئەقلىمگە توشقاندەك ئەتراپىمغا باشقىچە نەزەر بىلەن سوغۇققان،

ئېھتىياتچان قارايدىغان بولۇپ قالدىم. بەزىدە ئۆز-ئۆزۈمگە ئىشەنمەي قالىمەن. ماڭا ئەقىل ھەم ئىرادە بەرگەن ئۇ ئۇستازىمغا رەھمەت ئېيتقۇم كېلىدۇ. ئىشقىلىپ مەن ھازىر قايغۇرماسلىقنى، پەرۋاسىز بولۇشنى ئۆگىنىۋالدىم. نەپرەت ۋە بىزارلىق ئۇنتۇشنىڭ ياخشى دورىسىكەن. تەقىبلەنگەن خىيالىم ئازادلىققا چىقىۋاتىدۇ. مەن چوقۇم ئۇنى قەلبىمدىن، چۈشلىرىمدىن، پۈتۈن تۇرمۇشۇمدىن قوغلاپ چىقىرىمەن.

* * *

خېلى كۈنلەر بولدى، خاتىرە يازمىدىم. نېمە يېزىشنىمۇ بىلمەيمەن. قولۇمغا نەچچە رەت قەلەم ئالدىم. لېكىن نېمىنى يازاي؟

ستۇدېنتلىق دەۋرىمىزدىكى ئۇنتۇلغۇسىز پىراكتىكا مەزگىلىمۇ ئۆتۈپ كەتتى. سۆيگەن كەسپىمنىڭ ۋاقىتلىق ئەھلى بولدۇم. ئوماق ئوقۇغۇچىلىرىم، شەرەپلىك مۇنبىرىم باربولدى. دەرس ئۆتتۈم، تەربىيە بەردىم. ئۇلار بىلەن بىرگە ئوينىدىم، ئەمگەك قىلدىم. پۈتۈن زېھنىم بىلەن ئۇلارغا بېرىلدىم، ئۇلارمۇ مېنى ياقتۇرۇپ قالدى، بوش ۋاقىت بولسىلا مېنى ئىزلەيدۇ. ئۆزلىرى بىلەن كۆپرەك بىرگە بولۇشۇمنى ئۆتۈنىدۇ. مەنمۇ ئامال بار شۇ سۆيۈملۈك قوزىلىرىم ئارىسىدا شۇلارنىڭ يېشىدىكى غەمسىز چاغلىرىمدىكىدەك ياشاشنى ئىستەيمەن. ئۇلارغاقاراپ كۆڭلۈمگە تەسەللى تاپىمەن. ئۇلارمېنى مۇئەللىم، سۆيۈملۈك مۇئەللىم! دەپ چاقىرغاندا قەلبىم سۆيۈنۈپ، بولەكچە روھلىنىپ كېتىمەن. كەسپىمگە بولغان ھەۋىسىم ۋە ھۆرمىتىم ھەسسىلەپ ئاشىدۇ. ئىشقىلىپ كۈنلىرىم ئوقۇۋاتقان چاغلاردىكىدىن كۆپ ياخشى ئۆتتى. بىراق بەزىدە يەنە ئورۇنسىز ئىشلارنى قىلىپ قويۇپ كۆڭلۈمگە پاراكەندىچىلىكلەرنىمۇ تېپىۋالدىم.

ئالدىنقى كۈنى سەھەردىلا كەيپىم بۇزۇلۇپ ئويغىنىپتىمەن. قىزلارنىڭ ھەممىسى شېرىن ئۇيقۇدا، ئورنۇمدىن تۇرۇپ مەكتەپ ئىچىنى ئايلىنىپ چىقتىم. ئانچە-مۇنچە ھەرىكەتمۇ ئىشلىدىم. بىراق كۆڭلۈمنى قانداقتۇر بىر غەشلىك چۇلغىۋالغاندەك ئىچىم سىقىلىپ تۇرىدۇ. ياتاققا قايتىپ كىرىپ كارىۋاتقا چىقتىم-دە، باش تەرىپىمدە تۇرغان ئۇنئالغۇغا ھېلىقى لېنتىنى سېلىپ بوش ئاۋازدا قويۇپ قويدۇم. يېنىك، ئىزگۇ ئاھاڭ ئاستا-ئاستا پۈتۈن ياتاقنى لەرزىگە سالدى. يانىدىكى كارىۋاتتىكى ياتاقدىشىم تۇيۇقسىزلا چالۋاقاپ كەتتى:

— ۋاي-ۋۇي، نېمە بولدى ساڭا؟ ئادەمنى ئۇخلاتماي قاق سەھەردە ئۇ بىرنېمەڭنى قويۇۋېلىپ...

— كۈن چۈش بولاي دېگەندىمۇ نەدىكى ئەتىگەنكەن ئۇ؟

— خويمۇ بىزار قىلدىڭغۇ ئادەمنى، — ئۇ غۇدۇرىغانچە بېشىنى يوتقانغا پۈركىۋالدى.

— چۈشى بۇزۇلۇپتۇ-دە بۇنىڭ، — يەنە بىرەيلەن غۇدۇرىدى. بۇ گەپلەر ماڭا

شۇنچىلىك قاتتىق ھار كەلدىكى، يۈرىكىمگە يىڭنە سانچىلغاندەك بولۇپ، ئازاب ۋە نومۇستىن جالاقلاپ تىترەپ كەتتىم. ئۈنئالغۇنى جەھلىم بىلەن ئۆچۈرۈپ لېنتىنى چىقاردىم-دە، ئوچۇق تۇرغان دېرىزىدىن پىرقىرىتىپ تاشلىۋەتتىم.

12-يانۋار (يەكشەنبە)

قايتىپ كېلىپ ئوقۇش باشلىغىلىمۇ بىر ئاي بولاي دېدى. ساۋاقداشلار شۇنچىلىك جىددىي ھەم يەنە شۇنچىلىك روھلۇق، ئايرىلىش چاغلىرى يېقىنلاپ قالغانچە بۆلەكچە ئۇنجىل، بىراق مەن... ئۆزۈمگە ھەيران، نېمانچە غەلىتە مەخلۇقتۇرمەن. شۇنچە نۇرغۇن كىشىلەر ئارىسىدا، شۇنچە قايناق مۇھىت ئىچىدە ياشاۋېتىپمۇ ماڭا نەدىن كەلگەن ياۋايىلىق، جىمغۇرلۇق بۇ؟ ھاياتىمنىڭ 20-باھارىدا — ياشلىقنىڭ ئەڭ كۆركەم، ئەڭ ئويغاق مىنۇتلىرىدا، يەنە كېلىپ تۆت ئەتراپىم جۇشقۇن ستۇدېنتلارنىڭ شاد كۈلكىلىرى پەلەككە كۆتۈرۈلگەن بىرياشلار باغچىسى — ئالىي مەكتەپ قۇچىقىدا ئۆمۈر سۈرۈۋېتىپمۇ ئادەم تەسەۋۋۇر قىلالمىغۇدەك دەرىجىدە سوغۇق قان، ياۋا ئۆتۈۋاتىمەن. چىدىماس ئىرادەم، خاراب قەيسەرلىكىم بەزىدە كەيپىياتىمنى تۇراقسىزلاشتۇرۇپ شۇنچىلىك بىچارە، چارىسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ئۆز-ئۆزۈمنى ئەيىبلەپ، دۈشمىنىمنى ھاقارەتلەپ تۇرۇپ كۆڭلۈمنى تىنجىتىشقا تىرىشىمەن. ئەمما قانچە قىينالسامۇ ھېچكىمگە دەرد ئېيتقۇم، ئىچ سىرلىرىمنى تۆككۈم كەلمەيدۇ. بۇنداق قىلىشنىمۇ ئويلىمەن. قاچانغىچە يۈرىكىمنى تىڭشاپ، قەلبىم ئىچىدىلا ياشاپ ئۆتمەكچىمەن؟ ياق، مەن تەنھالىقنىڭ ئۆمۈرلۈك ئەسىرى ئەمەس. «سەن ئۆتمۈشنى ئۇنتۇمىساڭ، كەلگۈسى سېنى چۆرۈپ تاشلايدۇ.» ماڭا ھاياتلىق، شادلىق يەنە... يەنە مۇھەببەت كېرەك بولىدىغۇ ئاخىر! ھېلىمۇ تالاي كۈن، تالاي تۈن تالاي-تالاي ياش تۆكتۈم، بوغۇلدۇم، زارلىدىم، مەن دۇنياغا ئازاب، بەختسىزلىكنىڭ ئاچچىق تەمىنى تېتىش ئۈچۈنلا تۆرەلمىگەنغۇ؟ مەن ئۇ نامەرد ئۈچۈن ئاز ئازاب تارتتىممۇ؟ پۈتكۈل خىيالىم، يۈرىكىم شۇنچە يىل شۇ بىرلا ئادەمگە تەلمۈرۈپ، شۇ بىرلا ئادەمنى ئىستەپ، قايغۇرۇپ، مۈگدىنىپ ئۆتكەن ئەمەسمىدى؟ نومۇسۇم كېلىدۇ شۇ ئەخمىقانە ئۆتمۈشۈمگە. خەير، ئۆتكەنگە سالاۋات! ئەمدى مەن باشقىچە بىر ئادەم بولىمەن. بىرىگە رازىلىق بېرىشىم كېرەك. پامىر ياكى ئەركىن، قايسىلا بولسا بولۇۋېرىدۇ. ھەر ئىككىسىلا ياخشى يىگىتلەر ھەم مېنى ياخشى كۆرىدۇ. ماڭا بۇنىڭدىن ئارتۇق تاللاپ ئولتۇرۇشنىڭمۇ ھاجىتى يوق، كېيىن... كېيىنچە بەلكىم مەنمۇ ياقتۇرۇپ قالارمەن، لېكىن شۇنىسى چوقۇم. مەيلى ئۇ كىم بولسۇن مەن جەزمەن ئۇنى بەختلىك قىلالايمەن.

9-مارت (يەكشەنبە)

بۈگۈن ياتاقتىكى قىزلارنى ساۋاقدىشىمىز زۇلپىيە ئۆيىگە تەكلىپ قىلغانىدى. يەكشەنبە كۈنلىرى كۈن چۈش بولاي دېگۈچە ئۇخلاپ، تاماقنىمۇ ئۈلگۈرەلمەيدىغان ھورۇن قىزلار ئەتىگەندىلا ئورنىدىن تۇرۇشۇپ، تەييارلىق قىلىشقا كىرىشتى. مەن قوش

بالىسىدەك، يوتقاندىن بويىنۇمنى چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ ياتاق ئىچىدە يۈگۈرۈپ يۈرۈپ بىر-بىرىگە سوقۇلۇشلىرىغا، ئالدىراپ گىرىم قىلىپ ياسىنىشلىرىغا قاراپ، كۆزلىرىمنى يېرىم يۇمۇپ ياتاتتىم.

— ۋاي، تېخىچە ياتىدىغۇ ماۋۇ، تېز بول!

— بۈگۈن ئازراق ئىشىم بار ئىدى. سىلەر چىقىپ كېلىڭلار.

— ھە... پۇتۇشۇپ قويۇپتىكەنسىلەر-دە، ئېيتقىنا بۈگۈن ئەركىن سېنى نەدە ئۇويناتماقچى؟

— بەك ئامەتلىك جۇمۇ ئاداش سەن. دائىم يىگىتلەرنىڭ سەرخىللىرىنى كەلتۈرۈۋالىسەن.

— ئاپىلىرىمىز بىزنىمۇ سەندەك ياساپراق تۇغۇۋالغان بولسىچۇ...

مەن كۈلۈپلا قويۇپ گەپ-سۆز قىلماي يېتىۋەردىم، بوپتۇ، ھازىرچە شۇنداق چۈشىنىپ تۇرغىنىڭلار ياخشى.

ئۇلار بىزنىڭ يەكشەنبىلىك تاماشىمىزغا شادلىق تىلەپ، ۋىچىرلاشقىنىچە چىقىپ كېتىشتى. ياتاق جىمىدى. مەن ئالدىرىماي ئورنۇمدىن تۇرۇپ، كۆڭۈل قويۇپ گىرىم قىلدىم. بۈگۈنكى يەكشەنبە مېنىڭ مۇستەقىل ئىگىدارچىلىقىمدا، تونۇگۈن ئەركىنگە ئەتە بىر تۇغقىنىمىزنىڭ ئۆيىگە بارىمەن دەپ يالغان ئېيتقانىدىم. قىزلارنىمۇ يولغا سالدىم. ئەمدى ھەممە ئىشىمنى كۆڭۈلدىكىدەك، ئەركىن-ئازادە ئورۇنلاشتۇرۇشۇم كېرەك!

ئالدىراقسان قىزلارنىڭ رەتسىز ئورۇن-كۆرپىلىرىنى تۈزەپ، ياتاقنى تازىلاپ، پاك-پاكىز قىلىۋەتتىم. ئۇنىئالغۇنى بوش قويۇپ قويدۇم. ياتىقىمىز بەكمۇ چىرايلىق ئىدى، ھەممىمىز ئۆزىمىزنىڭ كارىۋىتى ئەتراپىنى ئېرىنمەي بېزەيتتۇق. قىپقىزىل يىپەك پەردىنى چۈشۈرۈۋېدىم، ياتاق ئىچى تېخىمۇ يېقىملىق، رومانتىك تۈسكە كىردى. ئاندىن پىلانىم بويىچە قولۇمغا قەلەم ئالدىم.

«ھۆرمەتلىك ئەركىن، ياخشىمۇسىز؟

ئارىمىز شۇنچە يېقىن تۇرۇقلۇقمۇ سىزگە خەت سۇنۇپ مۇئامىلە قىلىۋاتقىنىمدىن بەلكىم ھەيران بولۇۋاتقانسىز. شۇ تاپتا مېنىڭمۇ قانچىلىك قىيىن ئەھۋالدا ئىكەنلىكىمنى چۈشىنىشىڭىزنى سورايمەن!

ئەركىن! بىز تونۇشقاندىن بۇيان بىر-بىرىمىزگە سەممىي، دوستانە مۇئامىلە قىلىشىپ ئۆتكەنىدۇق. شۇ چاغلار نېمە دېگەن كۆڭۈللۈك ئىدى-ھە؟ يېقىنقى بىرئايدىن بېرىمۇ ئۇبدان ئۆتۈۋاتىمىز. بىراق نېمىشقىدۇر ھەر ئىككىمىزلا بىسەۋەب، ئۆزىمىزنى ئەركىن، بىمالال تۇتالمايمىز. بولۇپمۇ مەن ناھايىتى قىيىن ئەھۋالدا قېلىۋاتىمەن. سىزدىن خۇش بولاي ئەركىن، مەندىن رەنجىمەڭ! ئەگەر مېنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرسىڭىز مېنىڭ بۇ جاھىللىقىمنى كەچۈرۈڭ!

مەن قايتا-قايتا ئويلىنىپ، ئاخىرى مۇشۇ قارارغا كەلدىم. مەن ئەسلىدە مۇناسىۋىتىمىز تېخىمۇ قويۇقلاشسا ھەممە ئىشلار ئۆزلۈكىدىن يورۇشۇپ كېتىدۇ دەپ ئويلىغانىدىم. چۈنكى سىزگە ئىشىنەتتىم. مېنى چوقۇم ئۆزىگە رام قىلىۋالالايدىغۇ دەپ قارايتتىم. ھېلىمۇ سىز ماڭا قولىڭىزدىن كېلىدىغانلىكى ھەممە ياخشىلىقنى قىلىۋاتىسىز. مەن سىزدىن ئېرىشىۋاتقان بۇ سەممىي ھۆرمەت، چوڭقۇر مۇھەببەتنى بەلكىم يەنە بىر ئادەمدىن كۆرەلمەسلىكىم مۇمكىن. لېكىن... لېكىن سىزمۇ ئۆرۈپ تۇرۇپسىز. مەن ھەر ئىككىمىزنىلا قىيناپ قويۇۋاتىمەن. ئېچىلاي دەيمەن، كۈلەي دەيمەن. ئۆزۈمنى زورلاپ، كۈچىنىپ تۇرۇپ خۇشال كۆرۈنۈشكە تىرىشىمەن. بىراق ھامان يۈرىكىم سىقىلىپ، بىئاراملىقتىن قۇتۇلالمايمەن. بۇنداق چاغلاردا سىزنىڭ ئازابلىنىۋاتقىنىڭىزنى كۆرۈپ، سىزگە ئاسىي خىياللىرىمدىن، سىزگە ساداقەتسىز روھىمدىن خىجىل بولىمەن. سىزنىڭ: ھازىرچە كېرەك يوق، سىز مېنى چوقۇم ياخشى كۆرۈپ قالىسىز، ئاخىر قايىل قىلىمەن دېگەن سۆزىڭىزدىن ئۈمىدلىنىپ، شۇنداق بولسىكەن دەپ تىلەپ يۈرىمەن. ئەمما قەلبىمدىكى سىز بىلىدىغان شۇ مۇدھىش جاراھەت كېيىنكى كۈنلەردىمۇ ئېغىز ئالماي تۇرۇپ قالسا، سىزگىمۇ، ئۆزۈمگىمۇ بەختسىزلىك كەلتۈرەرمىكىن دەپ ئەنسىرەپ قالدىم. تەۋەككۈلچىلىكنىڭ مۇھەببەتنىڭ ئورنىنى باسالمايدىغانلىقىنى ئولۇق تونۇپ يەتكەن بۈگۈنكى كۈندە سىزگە يۈز كېلەلمەي قانچىلىك پۇچىلىنىۋاتقىنىمنى بىر ئۆزۈم بىلىمەن. مېنى چۈشىنىڭ ئەركىن! مېنى كەچۈرۈڭ! مەن سىزنى ئالداپ قويۇشتىن، قەلبىمنى بېرەلمەسلىكىمدىن قورقۇپ شۇنداق قىلىۋاتىمەن. سىز چوقۇم شۇ چىرايىڭىز، شۇ ئېسىل خىسلىتىڭىز بىلەن مەندىن نەچچە باراۋەر يۇقىرى قىزلارنى كەلتۈرەلەيسىز، مەندىن بەختلىك ئۆتىسىز...»

خەتنى داۋاملاشتۇرالمىدىم. قەلەمنى تاشلاپ قويۇپ لېۋىمنى چىشلىگەنچە تورۇسقا تىكىلىپ ياتىمەن. ئىچىمدە مىڭ خىل زىددىيەت، مىڭ خىل خىيال-ئۈمىد، چۈشكۈنلۈك، ئازاب، پەرۋاسىزلىق... چىراغقا ئېسىلغان قەغەز پانۇسقا تىكىلگەن كۆزلىرىم خىرەلەشتى... بۈگۈن يەكشەنبە-ھە؟ توۋا، مەن تەنھالىقتا نېمانچە ھېرىس؟ مۇشۇ جىمجىت، سۈرلۈك، كىچىككىنە ياتاقتا قانچە شەنبە-يەكشەنبە، قانچىلىغان ھېيت-بايراملارنى مۇشۇنداق يۈرىكىمنى تىڭشاپ، دەردلىرىمگە ئۇنئالغۇدىن چىقىۋاتقان ھەسرەتلىك كۈينى قوشۇپ تەنھا ئۆتكۈزگەندىمەن؟ مەن نېمىشقا باشقىلاردەك كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇرۇشنى، ئۆز-ئۆزۈمنى خۇش قىلىپ، غەمدىن خالاس بولۇشنى ئۆگەنمەيمەن؟ بەزى قىزلار يىگىتلىرى كۆڭلىگە ياقمىسا ھايالشىمايلا ئالماشتۇرالايدۇ. شەنبە-يەكشەنبىنى قانغۇدەك ئويناپ-كۈلۈپ ئۆتكۈزىدۇ. مەن نېمىشقا مۇنداق قىينىلىمەن؟ زادى ئازاب مېنى قوغلىشىۋاتامدۇ ياكى مەن ئازابنىمۇ؟ ئۇ نېمىسى بىلەن ماڭا مۇنچە غالىب، ھۆكۈمران بولۇۋالدۇ؟ ئۇ زادى مېنىڭ ياخشى كۆرۈشۈمگە، ئويلاپ ئولتۇرۇشۇمغا ئەرزىمدۇ؟

بىلمىدىم، ھېچنەرسىنى بىلمەيمەن. ھېچنەرسىنى ئەسلىيەلمەيمەن. پەقەت

ئۇنى سېغىنىمەن، مۇڭلىنىمەن، يىغلايمەن... ئۇ مەندىن قانچە يىراقلاشقانچە قەلبىم ئۇنى شۇنچە ئىستەيدۇ، شۇنچە زارىقىدۇ. شۇنچە سۆيىدۇ. ھېلىمۇ توپتوغرا بەش يىل بوپتۇ. بەش يىل — ئۇنىسىز، ئۈمىدسىز ئۆتكەن بەش يىل. تۇۋا نېمانچە تەلۋە كۆڭۈل بۇ؟ مەن بۇ ئاچچىق ئازابتىن قاچان، زادى قاچان خالاس بولارمەن؟!

ئەلەملىك ئۆتمۈشلەرگە ئۇبدانلا خاتىمە بېرەلىگۈدەك تاقان مۇشۇ كۈنلەردە بۈگۈن يەنە تۇرۇپلا كېسىلىم قوزغالدى. ئۆزۈممۇ چۈشەنمەيدىغان غەلىتە ئاچچىق ئەسلىمىلەر ئىچ-ئىچىمدىن جۇۋۇلۇپ، يۈرىكىم ئېغىپ كېتىۋاتىدۇ. بۈگۈن ئۇنىڭ تويى ئەمەسمۇ؟

15-مارت (دۈشەنبە)

تۇۋا، يۈرىكىم خۇددى ئۇنىڭ كۆكرەك قەپىسىدە سوقۇۋاتقاندەك، قەلبىمنى ئۇنىڭكى بىلەن چىرماپ تىڭشۇۋاتقاندەك نېمانچە سەگەك؟ راستتىنلا باغرىم تۈيغانىكەن. راستتىنلا ئۇنىڭ تويى بوپتۇ. توي!

شۇ تاپتا پىراكتىكىدىن قايتىپ، كانىكۇلغا ئۆيگە كەلگەن ۋاقتىمدا يۈز بەرگەن (ئەينى چاغنىڭ ئۆزىدە يېزىشنى خالىمىغان ھەم يېزىشقا پېتىنالمىغاندىم) بىر ئىش ئېسىمگە كېلىپ قالدى.

مەن مەكتەپكە قايتىپ ماڭغان ساۋاقداشلىرىمدىن ئايرىلىپ، ئائىلەمگە بارىدىغان بېكەتتە ماشىنىدىن چۈشۈپ قالدىم. ئۇلار دېرىزىدىن باش-قوللىرىنى چىقىرىپ پۇلاڭلاتقانچە كېتىپ قېلىشتى. كۆن قايرىلغان چاغ، كوچا ئاپتوبۇسلىرىمۇ، كىرا ھارۋىلىرىمۇ كۆرۈنمەيدۇ. ئەستا! قانداق كېتەرمەن؟ قورقۇپ تۆت ئەتراپىمغا ئەنسىز قاراپ قويدۇم. شۇ ئەسنادا كۆزلىرىم تۇيۇقسىز مەندىن ئۇن مېتىرچە يىراقلىقتا چېكىتتەك تىكىلىپ تۇرغان بىرجۈپ كۆزدە قېتىپ قالدى. خاتا كۆرمەيۋاتقاندىمەن؟ ئۇ نەدىن پەيدا بولدى؟

— ياخشىمۇسىز؟

— ياخشىمۇسىز؟

يۈرىكىمنىڭ شۇنچە تېز سوقۇپ، ئۆزۈمنى قولۇمغائالالماي تۇرۇۋاتقىنىمغا قارىماي ئاۋازىم پەقەت تىترىمىدى. غەزەپتىن مەگزىلىرىممۇ ئوت ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ. لېكىن ھېسسىياتىمنى زورىغا بېسىپ نېرۋىلىرىمنى ئاستا-ئاستا ئورنىغا چۈشۈرۈۋالدىم، ئۇنىڭ ئالدىدا ھەرگىز چاندۇرۇپ قويماسلىق كېرەك. ھازىر ئۇنىڭغا تېگىشلىك ئەڭ مۇۋاپىق جاۋاب — پەرۋاسىزلىق. شۇلا مېنىڭ غورۇرۇمنى ساقلاپ قالالايدۇ.

ئۇ ئالدىمدا كۆزلىرىمگە تىكىلگىنىچە كۈلۈپ تۇرىدۇ. يەنىلا شۇ سېھىرلىك ئالدامچى كۈلكە، شۇ نۇرلۇق، ھاياسىز كۆزلەر، ئۇ نېمە دېگەن ئۇيالماس-ھە؟ جىرايىدا ئازراقمۇ خىجىللىق، يۈز كېلەلمەسلىك ئىپادىسى يوق. باشقىلارغا تالاي قېتىم سۆيىمنى ياخشى كۆرىمەن. لېكىن ئۇنىڭغا يۈز كېلەلمەيمەن دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان، بىراق... بەلكىم ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش ئارتىسلىق قىلىۋاتقاندۇ ياكى شۇ ئوۋچى كۆزلىرى بىلەن

مېنى يەنە بىر قېتىم ئىدراكىمدىن ئازدۇرماقچىدۇر.

مەنمۇ ئۇنىڭدىن كۆزۈمنى ئۈزمەي، سورىغان سوئاللىرىغا قىسقىلا جاۋاب بېرىپ قويۇپ، ئىپادىسىز قاراپ تۇرۇۋەردىم، ئۇنىڭ سۆزىچە، بۇ قېتىم ئاتايەن مەن بىلەن چوڭ ئىش توغرىلىق ئەستايىدىل پاراڭلىشىش ئۈچۈن كەپتىمىشكەن. مېنى ئۈچرىتالمىغاچ ۋاقتى توشۇپ ئامالسىز ئەتە قايتىش نىيىتىدە بىلەت ئالغىلى چىقىپ، كوتۇلمىگەندە ئۇچرىشىپ قاپتىمىز.

— ھەقىقەتەنمۇ قالتىس ئۇچرىشىش بولدى، ئەمدى يەنە ئىككى-ئۈچ كۈن كېچىكىپ ماڭىدىغان بولدۇم-دە، — دېدى ئۇ سۆز ئاخىرىدا مۇغەمبەرلەرچە كۈلۈپ.

مەن ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەنىدىم. لېكىن پەقەتلا گەپ قىلغۇم كەلمىدى، قېشىمنى يەڭگىل ئۈچۈرۈپ، پەسەنت قىلمىغاندەك ئۇنىڭغا لەپپىدە بىرقاراپ قويدۇم-دە، بۇرۇلۇپلا ماڭدىم.

— سومكىنى ۋېلىسىپىتكە ئارتىۋالامسىز.

— رەھمەت، ئېغىر ئەمەس.

مەن بېشىمنى تىك تۇتۇپ، ئالدىمغا قاراپ مېڭىۋەردىم. ئۇنىڭدىن تېزرەك يىراق كېتىشنى، چىرايىغا يېنىشلاپ قارىماسلىقنى خالايتتىم. ئۇ مېنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك ياكى كۆزلىرىگە ئىشەنمەيۋاتقاندەك پات-پات چىرايىمغا قاراپ قوياتتى.

ئارقامدىن كېلىۋاتقان ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازى بىلەن يەڭگىل قوڭغۇراق ساداسىنى ئاڭلاپ ئورنۇمدا توختىدىم.

— سۇبھى! ئەتە بىر كۆرۈشەيلى بولامدۇ!؟ — دېدى ئۇ جىددىيلىشىپ.

— مېنىڭچە زۆرۈرىيىتى يوق.

— ئۇنداق دېمەك، سۇبھى. نېملا بولسۇن بىز ئوبدانراق بىر پاراڭلىشايلى.

— بەرىبىر، ياخشىسى، ۋاقتىدا كېتىۋېلىڭ، خوش!

— سۇبھى!

مەن يەڭدىم. ئاخىرى مۇشۇ زۆرۈرىيىتى قالمىغان، كېچىككەن پۇرسەتتە بولسىمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا غالىپ كەلدىم، ئۇنىڭ سېھىرلىك كۆزلىرىگە ئالدانمىدىم. ئېرىپ يۇمشىمىدىم. ئەكسىچە ئۇ ھەيرانلىق ھەم خورلۇقتىن نېمە قىلارىنى بىلمەي قېلىۋېدى، مەن بۇنىڭدىن ھۇزۇرلاندىم، دېمىسىمۇ مەن تارتقان خورلۇقلار ئالدىدا بۇ قانچىلىك گەپتى؟ بىلمەن. بۇ قېتىممۇ ئۇ ماڭا يالغان-ياۋىداق گەپلەرنى قىلىپ، مېنىڭ ئارامىمنى بۇزماقچى. لېكىن ئۈلگۈرمىدى، ھىم! مېنى يەنە قاچانغىچە ئەخمەق ئېتىشنى ئويلىغان بولغىيدىڭ رەھىمسىز ئېزىتقۇ. ئىشقىلىپ مەن يەڭدىم. ئاخىر سېنىمۇ، ئۆزۈمنىمۇ يەڭدىم. سېنىڭ خىيالىي ئارزۇلىرىڭنى، ئۆزۈمنىڭ تەلۋە ھېسسىياتىمنى يەڭدىم. توغرا، مۇھەببەتكە ئەرزىمىگەن ئادەم نەپرەتكىمۇ ئەرزىمەسلىكى كېرەك. مەنسىتمەسلىكتىن ئارتۇق قارشىلىق يوق. مانا مەن ھازىر ئۇنى يامان گەپلەر بىلەن نەچچە كۈن

تىللىۋالغاندىنمۇ ئارتۇق پۇخادىن چىقتىم. ئۇ ئەمدى ماڭا ئىككىنچى بۇ توغرىدا گەپ قىلماس بولىدۇ.

لېكىن مەن يەڭگىل ئويلاپتىمەن، شۇ ئىش بولۇپ ئۈچىنچى كۈنى كۈتمىگەن يەردىن ئۇ بىر پارچە خەت كىرگۈزۈپتۇ، خەت قىسقىلا يېزىلغان ئىدى:

《سالام، سۇبھى!

ماڭا قىلغان مۇئامىلىڭىز كۆڭلۈمدىن چىقمىغۇدەك زەربە بولغانىدى. شۇنداقتىمۇ چىشىمنى چىشلەپ بۇ خەتنى يېزىۋاتىمەن. ئاخىرقى قېتىم ئۆتىنىمەن — مەن سىز بىلەن قەتئىي كۆرۈشۈشۈم كېرەك. ئەگەر يەنىلا چۈشەندۈرۈشۈمنى خالىمىسىڭىز، مەن ئامالسىز شۇ ئارزۇيىڭىز، گۇمانىڭىز بويىچە ئىش كۆرۈشكە مەجبۇر بولىمەن، بىراق ئېسىڭىزدە بولسۇن، مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن!》

ئىختىيارسىز خەتنى سىقىمدىغانچە ئولتۇرۇپ قالدىم. بىريەرلىرىم تارتىشقاندەك قىلاتتى. ياق! كۆرۈشەلمەيمەن، سېنىڭ ئۇ سۆزلىرىڭ مېنى ئەمدى ئالدىيالمايدۇ. قولۇمغا قەلەم ئالدىم.

《سالام سىزگە!

مېنى كەچۈرۈڭ، ئۆتىناسىڭىزنى قوبۇل قىلالمايمەن. چۈشەنسىڭىز، بىز يۇرۇشتىن ئۆلگىرىكى تارىخىڭىزنى تىلغا ئالماي ئۆتكۈزۈۋەتكىنىمنىڭ ئۆزىلا سىز ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ كەچۈرۈم ئىدى. لېكىن سىز بۇنى بىلمىدىڭىز، مەن ناھايىتى كۆپ ئويلىنىپ ئاخىرى مۇشۇ قارارغا كەلگەن. بىز ياخشىسى جىملا ئايرىلىپ كېتەيلى. گەپ تەگەشمەك ھەر ئىككىمىزگە، بولۇپمۇ سىزگە ياخشى ئەمەس، مەن سىزنى ئوبدان چۈشىنىمەن. سىز ھېچقاچان ئەيىبىڭىزنى بويىنىڭىزغا ئالمايسىز. بەلكىم مېنى ياخشى كۆرگىنىڭىز قىسمەن راستتۇ، لېكىن سىز ھەرقانداق بىرقىزنى ماڭا ئوخشاشلا ياخشى كۆرەلەيسىز. شۇڭا مېنى ناھايىتى تېز ئۇنتۇپ كېتەلەيدىغىنىڭىزغا، مەنچىلىك ئازابلانمايدىغىنىڭىزغا ئىشىنىمەن. مەن سىزنى شۇنچىلىك ئەقىدەم، ئىشقىم بىلەن سۆيگەن ئىكەنمەن، سىزدىنمۇ ھېچ بولمىغاندا سەممىيلىك تەلەپ قىلىشقا ھەققىم بار ئىدى. لېكىن گۈل بېرىپ گۈل ئالالمىدىم. خەير، بۇمۇ تەقدىر. مەن يەنىلا سىزگە بەخت تىلەيمەن. بىراق ئېغىر كەلسىمۇ ئېيتاي، مېنىڭ يېشىم قۇرىماي تۇرۇپ سىزگە بەخت نېسىپ بولمايدىغاندەك. سىزنى ئاخىر بىر كۈنى مېنىڭ قىساسىم تۇتىدىغاندەكلا قىلىدۇ. خوش!

سۇبھى》

بىز مانا شۇنداق ئايرىلغانىدۇق. ئۇ ھەققەتەنمۇ مېنىڭ ئويلىغىنىمدەك توي قىپتۇ.

11-ئاۋغۇست (چارشەنبە)

ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ئائىلىگە قايتىپ كەلگىلىمۇ بىرئايدىن ئاشتى. تۆت يىللىق ستۇدېنتلىق ھايات، تاتلىقدىن ئاچچىقى كۆپ مۇساپىرلىق كۈنلەرمۇ ئاخىرلاشتى.

مۆكۈشمەك ئويناپ باغلارنىڭ بۇلۇڭىدا جۈپ-جۈپ ئولتۇرۇۋالىدىغان، گىتار چېلىپ، ناخشا توۋلاپ ئۇخلىيالمايدىغان بالىلىقىمۇ خاتىمە بېرىلدى، ئۆگىنىش بىلەن ئالدىراشچىلىق ئىچىدە ئۆتىدىغان رېتىملىق، توختاملىق تۇرمۇش مۇھىتى بۇزۇلدى، مۇشۇ بىرنەچچە ئايدىن بېرى، ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىمتىھانى، دېسسېرتاتسىيە، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بولسا، ئۆي ئىشلىرى ھەم خىزمەت تەقسىماتىنىڭ غېمى بىلەن ئوبدانلا جۇدەپ قالدىم، ئەمما روھىي جەھەتتىن ئۆزۈمنى بۇرۇنقىغا قارىغاندا كۆپ يەڭگىل سېزىۋاتىمەن. راست، مۇنداق غەلىتە خاتىرجەملىكنى چۈشىنىدىغانلار ئاز. لېكىن بېشىغا كەلگەن ئادەم بىلىدۇ.

تۈنۈگۈن، ئۇنىڭ يېقىن دوستى — ساۋاقدىشىمىز قەيسەر ئۆيىگە دوستلارنى چاقىرغانىكەن. كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن بولغان قىزلار پۇخادىن چىققۇچە مۇڭدىشىپتۇق.

تونۇش سورۇن، تونۇش چىرايلار، دوستانە كۈلكە-چاقچاقلار. كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپلا قالدى. ئىلگىرىمۇ مۇشۇ ئۆيدە، مۇشۇ دوستلار قانچە قېتىم بىللە ئولتۇرغان. لېكىن ئۇ چاغدا قېشىمدا ئۇمۇ بار ئىدى.

تونۇش سورۇن، تونۇش مەنزىرە،
تونۇش سىما كۆرۈنمەس بىراق.
غېرىب سەزدىم ئۆزۈمنى تەنھا،
دىلىم سۇنۇق، ھېسلار قاغجىراق.

بۇ، ئۆتكەن ئەسىرگە، سەۋدا چاغلىرىمغا مەنسۇپ شېئىرىمدەك قىلىدۇ. قاچان يازغان بولغىيدىم؟ بولدىلا. ھازىرنىڭ ئۆزىدە مۇنداق مەنىسىز ئىبارىلەرنى ئەسكە ئېلىپ ئولتۇرۇشنىڭ ئۆزىمۇ بىربىمەنىلىك، گەپ ئارىسىدا بىرنەچچە قېتىم ئۇنىڭ ئىسمى چىقىپ قالدى. ھەتتا مېنىڭ جاھىل، تاش يۈرەكلىكىمگە نارازىلىق بىلدۈرگۈچىلەرمۇ بولدى. مەيلى ئۇلار نېمە دېسە دېسۇن. ئۇنى چۈشىنىدىغان، چىرايلىق نىقابى ئاستىدىكى ھەقىقىي قىياپىتىنى كۆرەلەيدىغان ئادەم مەن. ئۇنى ئۇلارغا سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، ئۇلارنىڭ گېپىگە پەرۋا قىلمىدىم. لېكىن كۆڭلۈم غەش بولمايمۇ قالمىدى. ئىشىنىمەن، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ. خىزمەتكە چۈشسەم، جەمئىيەتكە قوشۇلسام يېڭى دوستلىرىم، يېڭىچە مۇھىتىم بولىدۇ. تۇرمۇشۇمغا يېڭى-يېڭى مەنىلەر قوشۇلىدۇ. ھەممە، ھەممىسى قايتىدىن باشلىنىدۇ.

23-سېنتەبىر (جۈمە)

قۇربان ھېيتنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى.

خىزمەت تەقسىماتىم تېخىچە بىر تەرەپ بولماي ئىچ پۇشۇقىدىن ھېچ ئىش خۇش ياقماس، ھېچ يەرگە بارغۇم كەلمەس بولۇپ قالدىم.

بۇگۈنمۇ ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى چىقىپ كېتىپ، ئۆزۈم يالغۇز تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇراتتىم. بىرنەچچە دوستلىرىم كىرىپ كەلدى. ئۇنىمغىنىمغا قويماي، ھېيتلىشىمىز دەپ، زورلاپ دېگۈدەك ئېلىپ ماڭدى. بىز بىرنەچچە ئۆيىنى ھېيتلاپ، ساۋاقدىشىمىز ئىلھامنىڭكىگە كەلگەندە ئولتۇرۇپ قالدۇق. (ئۇ ئۇنىڭ يېقىن دوستى. مېنىڭ سىرداش دوستۇم ماھىنۇرنى ياخشى كۆرىدۇ. چېقىشقاق، كېلىشكەن يىگىت) ھەممە يەلەنگە ھاردۇق يەتكەندەك قىلاتتى. ئۇلار پاراڭغا چۈشتى. مەن تومپۇچكا ئۈستىدە تۇرغان ئالبۇمنى ئېلىپ ئاستا ۋاراقلاشقا باشلىدىم. ئاخىرقى بەتنى كۆرۈۋېتىپ ماڭا تىكىلىپ، كۈلۈمسىرەپ تۇرغان بىر جۈپ كۆزنى كۆرۈپ قالدىم. ئادەم تاماشا قىلغۇدەك قىرلىق بۇرۇن، سەل بۇرتۇپ چىققان ئېڭەكى ئۈستىدىكى قېلىن، ئەمما پۈتۈن ئەرلىك جەزبىسى يېغىلغان يېقىملىق لەۋ. قارىچۇقىنى ئايلىنىپ كېلىپ، سۈرەتتىكى سول كۆز ئاستىدا روشەن بىلىنىپ تۇرغان كىچىككىنە قارا نەرسىدە توختاپ قالدى. لېۋىم تىترەپ، بوشقىنە مىدىرلىدى: خال! ھېچكىمگە بىلىندۈرمەي ئۇنى ئاستا سىلىۋالدىم. قولۇم كەڭ پېشانىسىدە يارىشىملىق يېيىلىپ ياتقان قاپقارا چاچلارغا تېگىپ تۇرغان ئىكەن، بارماقلىرىمغا ئۇنىڭ ھارارىتى ئۇرۇلىۋاتقاندەك، بۇرنۇمغا ئۇنىڭ ھىدى كېلىۋاتقاندەك بولۇپ تىترەپ كەتتىم. ئۇ تېخىچىلا ئالبۇم ئىچىدە ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەيتتى. كۆزۈمنى ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنىڭدىن ئاجرىتالمىدىم. ئۇ بارغانسېرى ماڭا شۇنداق يېقىملىق، شۇنداق سۆيۈملۈك كۆرۈنۈپ، بۇغۇزۇمغا بىرنەرسە قاپلىشىۋالغاندەك بولدى.

— ھە ... ئاغىنىلەر، بۇگۈن تازا ئوبدان يىغىلىپتۇق، ھاردۇقمۇ يەتتى. ئەمدى بىزنىڭكىدىلا كەچلەيلى، قانداق؟ — دېدى ئىلھام ساھىبخانلىق سالاھىيىتى بىلەن.

— ياخشى گەپ.

— ھەي، ئەتىگەندىن بېرى ئارىمىزدا غەيرەت يوق، ئاۋۋال ئۇنى تېپىۋالمامدۇق؟

— ئۇنداق بولسا يۈرۈڭلار، بېرىپ شۇنىلا يىقىتايلى.

مېنىڭ ئەمدى كەيىم ئۇچۇپ، ئۆيگە قايتىشتىن باشقىغا رايىم قالمىغانىدى. ھېچكىمگە تۇيدۇرماي غىپپىدىلا تىكىۋەتمەكچى بولۇپ، ئەتەي ئارقىدا سۆرۈلۈۋالدىم. لېكىن ئۇلار مېنى ھېچ تاشلايدىغاندەك ئەمەس. ئىلھام بىلەن ماھىنۇر پات-پات ئارقىغا قاراپ مېنى ئالدىرىتاتتى.

— مىجەزىڭ يوقمۇ سۆبھى؟

مەن ئۇلارغا يېقىنلاشقاندا ماھىنۇرنىڭ ئالدىمغا كېلىپ چىرايىمغا سىنچىلاپ قاراپ كەتتى.

— ھەئە، ئۆيگە كېتەيمىكىن دەيمەن.

— خالۋەر ئارىمىزدىن يىتكەندىن بېرى، سېنىڭ پات-پات مىجەزىڭ يوقاپ كېتىدىغان بوپقالدى. بىزدىن مۇنداق قاچما، سۆبھى.

ئىلھامنىڭ كۈلۈپ تۇرۇپ قىلغان بۇ چاقچىقى جان-جېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى.

يەنە سەۋەب كۆرسىتىشنىڭ ئورنى قالمىدى. خالىساممۇ باراي، مۇنداق چېقىۋېلىشلارغا چىدىغۇچىلىكىم يوق. ماھىنور ئەمدى مېنى قولتۇقلىۋالغانىدى.

— ئۇ كەتكەن، ئاڭلىدىڭمۇ؟ — ئۇزۇن جىملىقتىن كېيىن ئاستا سورىدى ئۇ.

مەن بېشىمنى ھالسىز لىڭشىتىپ قويدۇم.

— تۈنۈگۈن كەچ ئۇچرىغانىدى. بۈگۈن قايتماقچىكەن.

— كېتىپتىما؟! — ئىڭرىغاندەك چىقىپ كەتكەن ئاۋازىمدىن چۆچۈپ كەتتىم. ئۇمۇ سەزدى بولغاي، لەپپىدە قارىۋىدى، قولاقلىرىمغىچە قىزىرىپ كەتتىم، — كەتسە كەتمەمدۇ.

ئۆزۈمدىكى ئوڭايسىزلىقنى يوقىتىمەن دەپ، ئاغزىمدىن ئىختىيارسىز چىدىماسلىققا ئوخشاپ كېتىدىغان يەنە بىر مەنىسىز گەپ چىقىپ كەتتى. غەزەپتىن لېۋىمنى ئاچچىق چىشلىۋەتتىم، ھىم، مەن بىلەن ئىككىنچى كۆرۈشمەسلىكنى ئويلاپتۇ-دە، چىدىماس! ئۆزۈڭغا يېتىسۇن! ئەمما، كۆڭلۈمنىڭ بىرىيەرلىرى بۇنىڭغا زادىلا ئىشىنەلمىدى. ياق، ھەرقانچە بولسىمۇ ئۇ مەن بىلەن كۆرۈشمەي كەتمەيدۇ. تۇرۇپلا ئۇنى ئىزدەپ باققۇم، مەن بىلىدىغان ھەممە كوچىلارنى قويماي ئارىلاپ چىققۇم كەلدى. بىراق ئۇنداق قىلالمايمەن. بېشىمنى كۆتۈرۈپ تۆت ئەتراپىمغا ئاچچىق ئارىلاش چارىسىز قاراپ قويدۇم.

— تېزراق ماڭايلى، ئۇلار بىزنى ساقلاپ قاپتۇ، — ماھىنور مېنى تۈرتتى.

باشقىلار ئىشىك ئالدىدا بىزگە قاراپ تۇرغانىكەن. غەيرەت ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈۋېتىپتۇ.

— كېلىڭ سۇبھى، سىزنىمۇ كۆرگىلى بولىدىكەن-ھە؟ — دېدى ئۇ ئىنىتىڭ ئالدىمغا كېلىپ، — سىزنى ئىزدىمىگەن يەر قالمىدى. ئۇ سىزنى ساقلاپ ئولتۇرغىلى نەۋاخ.

يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلدى. كۆزلىرىمدىكى شادلىقنى لېۋىمدىكى مەغرۇر كۈلكەم بىلەن ئاران يوشۇردۇم. ئۆيگە كىردۇق. ئۇ ئۇدۇلدىكى دېۋاندا ئىشىككە قاراپ ئولتۇرغانىكەن. كۆزلىرىمىز ئۇچرىشىشى بىلەن تەڭ تېنىم جوغۇلداپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزىدە مەن ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغان بىر قەھرلىك ئوچقۇن، مىيىقىدا ئاچچىق كۈلكە بار ئىدى. مەنمۇ زورىغا كۈلدۈم. ھېلىمۇ ياخشى ئۆيگە كىرىشتىن بۇرۇن خېلىلا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالغان ئىكەنمەن، بولمىسا ئۇنىڭ بۇ تۇرقىدىن ھودۇقۇپ نېمە بولاتتىمكىن؟ ئولتۇرۇپ خېلى بىر ھازاغىچىمۇ ئۇنىڭ ماڭا مىختەك قادىلىپ قاراۋاتقىنىنى سېزىپ تۇردۇم.

— سېنى بۈگۈن ماڭىدىكەن دەپ ئاڭلىۋىدۇققۇ؟ — پاراڭنىڭ تېمىسى ئۇنىڭغا يۆتكەلدى، لېكىن ئۇنىڭ نېمە دەپ جاۋاب بەرگەنلىكى قۇلىقىمغا كىرمىدى، بۇ پۇرسەتتە مەن مېنى ئىسكەنجىسىگە ئېلىۋالغان ھېلىقى قەھىر كۆزلەرنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، ئۆزۈمنى ئوڭشاۋالاتتىم. بايىقى جىددىيچىلىكىم پەسىيىپ، سەل ئەسلىمگە كەلدىم. قىزىق، مەن ئەزەلدىن بۇ چىرايىنى مۇنداق تۇرگۈن، قەھرلىك ھالەتتە

كۆرۈپ باقمىغان. ئۇ نېمە دەپ ماڭا ئاچچىقلايدۇ؟ چۈشەندىم، ئۇ ماڭا قېيداۋېتىپتۇ. ياخشى، تازا ئاچچىقلا، تىللا. بولسا مەندىن نەپرەتلەن. سەن تېرىكسەڭ مەن خۇش بولىمەن. مەن ئۇنىڭغا قاراپ ھۇزۇرلىنىپ كۈلدۈم. ئۇمۇ ماڭا قاراپ تۇرغان ئىكەن. ئەزەلدىن مېنى تەسلىم قىلىپ كۆنگەن بۇ كۆزلەر بۈگۈن تۇنجى قېتىم قۇدرىتىنى يوقاتتى.

— قاچان كەلگەنتىڭىز؟ — سورىدىم ئۇنىڭدىن پەرۋاسىز قىياپەتتە. تۇۋا، ئاۋازىمۇ بۆلەكچە يېقىملىق، ھەممىلا يېرىمدىن كۈلكە — غالىب كۈلكە يېغىپ تۇرىدۇ.

— بىر ھەپتە بولدى، — ئۇ جاۋاب بەرگەچ يېنىمغا كەلدى، — ئۆزگىرىپ كېتىپسىز، — دېدى ئۇ خورسىنغاندەك قىلىپ.

— سىزمۇ ئۆزگىرىپسىز، — مەن ئۇنىڭغاقاراپ كۆزۈمنى قىسىپ، تاتلىققىنە كۈلۈپ قويدۇم. ئۆزۈممۇ ھەيران. مېنىڭ ھېچقاچان مۇنداق ھۈنەرلىرىم يوق ئىدى، شۇ تاپتا ئەسلىدىكى سوغۇققان، تەمكىن سۇبھىگە زادىلا ئوخشىماي قالغانىدىم. يەنە كېلىپ ھەممىلا ھەرىكىتىم شۇنداق تەبىئي، ئەركىن. بەلكىم قوپاللىق ۋە ئاچچىقلاش بىلەن ھېسسىياتنى يوشۇرۇشنىڭ بەكمۇ قىيىن ھەم بەكمۇ ئەخمىقانە ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتكەندۇرمەن. ئۇ ماڭا ئەجەبلەندى ھەم قەستەن مازاق قىلىۋاتقىنىمنى سېزىپمۇ قالدى. كېيىن ئۇ، مەن ئۇچۇن ئاللىقاچان چۈشكە ئايلانغان ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلەتمەكچى، مېنىڭ يۈرىكىمنى قايتىدىن ئۇۋۇلماقچى بولغاندەك گىتارىنى قولىغا ئېلىپ 《ئۇنۇتما》 دېگەن ناخشىنى ئېيتىشقا باشلىدى. ئۇ ئىلگىرىمۇ دائىم مۇشۇ ناخشىنى ئېيتاتتى. مەن بولسام ھېچنەرسە ئاڭلىمىغاندەك ئۆزۈمنى مەغرۇر ھەم پەرۋاسىز تۇتۇپ ئولتۇرۇۋەردىم. قىزىق، ئۇنى كۆرمىسەم زارىقىمەن. كۆرسەملا قاتىمەن. بۇ زادى نېمە ئىش. ئۇنىڭغامۇۋاپىق ئەڭ ياخشى جاۋاب مەنسىتمەسلىك، سۈكۈت.

سورۇن تارقىدى، ئاللىقاچان قاراڭغۇ چۈشكەنىدى. ئۇ ھېچبىر تەكەللۇپسىزلا مېنى ئاپىرىپ قويۇشقا ماڭدى. مەنمۇ ئارتۇق گەپ قىلمىدىم، يول بويىي ھەر ئىككىمىز زۇۋان سۈرمىدۇق. قەدىمىمىز شۇنچىلىك ئاستا، گويا بۇ يولنىڭ ئاخىرلىشىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەۋاتقاندەك. ئارىمىز شۇنچىلىك يېقىن، لېكىن تونۇشمايدىغان يات ئادەملەردەك. ئۇ ئۆزۈلدۈرمەي تاماكا چېكەتتى. مېنىڭمۇ ئىچىمدە كۆرمىگەن ئازاب، زىددىيەت، ئۇنى تېپىۋالغىنىمدىن، قايتا كۆرەلىگىنىمدىن خۇشال. ئەمما، ئۇ ھازىر مېنىڭ ئەمەس، بۇ كوچىلارمۇ بىزگە تونۇش، لېكىن ئۇنىڭدا بۇرۇنقى ئىزلار يوق. ھەممە نەرسە ئۆزگەرگەن. ئۆزۈممۇ سەزمەستىن ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ ساپتىمەن.

— نېمە ئويلاۋاتىسىز سۇبھى؟

— ...

— مەن مۇندىن ئىككى يىل ئاۋۋالقى ئىشلارنى — مۇشۇ كوچىدا بىللە ماڭغان چاغلىرىمىزنى ئويلاۋاتىمەن. شۇ كۈنلەرنى سېغىنىۋاتىمەن.

ئۇنىڭ ئاۋازى ناھايىتىمۇ بوش، ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلاۋاتقاندەك چىقتى. مەن يەنىلا زۇۋان سۈرمىدىم. تۇيۇقسىز ئۇ بېلىمنى كاپپىدە تۇتۇپ، مېنى ئۆزىگە قاراتتى. بىر قولى بېلىمنى مەھكەم قاماللىۋالغانىدى. دەماللىققا نېمە قىلىشىمنى بىلمەي قالدىم. نەپەسلىرىمىز ئۆتۈشمەكتە. ئۇنىڭ يېنىك تاماكا پۇرىقى كېلىپ تۇرغان ئوتلۇق نەپەسى يۈزلىرىمنى قىزدۇرۇپ، نەپەسىمنى قىسماقتا، يۈرىكىم ئۆزۈمگە ئاڭلانغۇدەك دەرىجىدە قاتتىق دۈپۈلدەيتتى. ئۇ ئېڭىكىمنى يۆلەپ ئۆزىگە قاراتتى. تېنىم بوشىشىپ قارشىلىق كۆرسەتكۈدەكمۇ ماغدۇرۇم قالمىدى، ھالسىز قاراشلىرىم بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلدىم. چىرايى شۇنچىلىك مۇڭلۇق، كۆزلىرى يېرىم يۇمۇلغان. مەن شۇ چاغدىلا بۇ خۇمارلىق كۆزلەرنىڭ ئەتراپىنى قورشىغان ئۇششاق قورۇقلارنى، مەن ياخشى كۆرىدىغان بولۇت چاچلارنىڭ خېلىلا شالاڭلىشىپ قالغىنىنى، سەبىيلىكىنى يوقاتقان قاتقان چىرايىنى ئېنىق كۆردۈم. ئۇ ئىلگىرىكىدىن كۆپ ئۆزگەرگەن ئىدى. يۈرىكىم ئېچىشقاندەك بولدى. ئىسىت! ئۇنىڭ تەڭتۇش دوستلىرى تېخى ھېچ ئىشتىن غەمسىز بالىلارچە بويتاق ھاياتىنى ياشاۋاتىدۇ. ئۇنىڭمۇ شۇلار بىلەن ئوخشاش كۈلۈپ-ياياراپ ئۆتىدىغان چاغلىرى ئىدىغۇ بۇ! ئاھ، كاج تەقدىر! مەن ئىختىيارسىز بېشىمنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويدۇم. ئۇ پۈتۈن مېھرى بىلەن يەلكەمنى، چاچلىرىمنى سىلايتتى. پۇرايتتى. 《مېنى كەچۈرەمسىز، سۇبھى؟》 ئۇ قۇلاقلىرىمغا سۆيۈپ پىچىرلىدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئىسسىق نەپەسى مەڭزىمنى، لەۋلىرىم ئەتراپىغا ئۇرۇلىۋاتاتتى... تۇيۇقسىز ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغانغان ئادەمدەكلا ئېسىمگە كەلدىم. قاچانلاردىن ھوشۇمنى يوقاتقاندىمەن؟ ئۆزۈمنى قاچۇرماق بولۇپ ئۇنىڭ مەيدىسىدىن ئىتتەردىم. لېكىن ئۇ شۇنچىلىك قاتتىق قىسىۋالغانكى، ھالسىز تېنىم ئۇگە-ئۇگىلىرىدىن ئاجراپ كېتىدىغاندەك ئاغرىپ، زادىلا ماغدۇرىم يەتمىدى. كۈچەپ يۇلقۇندۇم، 《مېنى قويۇۋېتىڭ!》 دەپ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدىم. لېكىن ئۇ نېمىلەرنىدۇر پىچىرلايتتى. پۇرايتتى، ئۇدۇل كەلگەنلىكى يېرىمگە سۆيەتتى. مەن بوينۇمنى ھەريانغا بۇراپ ئۆزۈمنى قاچۇراتتىم، بىراق بۇ مىنۇتلارنىڭ ھەر بىر دەقىقىسى مەن ئۈچۈن شۇنچىلىك قىممەتلىك ئىدى، بەلكىم مەن ئۇزۇنغا بارماي ئۇنىڭ ھازىر بېرىۋاتقان بۇ ھارارىتىدىن، باغرىمدا تۇرغان مۇشۇ گەۋدىدىن مەڭگۈگە مەھرۇم قېلىشىم مۇمكىن.

ئۇنى سۆيۈش ئىستىكى مېنىڭمۇ پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى ئوت بولۇپ كۆيدۈرەتتى. ئۇنىڭ مەن ئامراق شۇ چىرايلىق خالىنى، مېنى ئەقلىمدىن ئازدۇرغان ئاشۇ سېھرىي كۆزلىرىنى، مېنى مەست قىلغان شۇ ئاتەش لەۋلىرىنى قانغۇدەك، قانغۇدەك سۆيگۈم كېلەتتى. ئۇنىڭ سۆيۈشلىرىگە، قۇچاقلاشلىرىغا ئۆزۈمنى ئۇنسىز بېغىشلىغۇم بار ئىدى. بىراق يەنىلا توختىماستىن يۇلقۇناتتىم، مەن ئۇنىڭ بىلەن، شۇنداقلا ئۆزۈم بىلەن — ئىچ-ئىچىمدىن ئۆرلەپ تۇرغان، ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان ئوتلۇق ھېسسىياتىم بىلەن ئېلىشماقتا ئىدىم. مەن ئۇنى سۆيسەم بولمايدۇ! ئۇ ئاللىقاچان توي قىلغان ئادەم، ئاخىرى ئۆزۈمنى تۇتالماي يىغلاپ تاشلىدىم. ئۇ مەڭزىمنى ئالىقانلىرى ئارىسىغا

ئېلىپ، ياشلىرىمنى سۈرتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىمۇ لىققىدە ياش.
— مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، سۇبھى. سىزنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى سىزدىن ئايرىلىپ ئاندىن بىلدىم. سىزنى ئۇنتالمىدىم. زادىلا ئۇنتالمىدىم. ئۆز ۋاقتىدا شۇنچە يېلىنغاندىكىن كەچۈرۈۋەتكەن بولسىڭىزمۇ...
ئۇنىڭ گېپى ئاخىرلاشماستىنلا ئۆزۈمنى تۇتالماي ۋارقىرىدىم:
— سىزنى ھېلىمۇ كەچۈرەلمەيمەن!
— ياق، سىز مېنى كەچۈرىسىز، چوقۇم كەچۈرەلەيسىز. چۈنكى سىزمۇ مېنى سۆيىسىز.
— راست، مەن سىزنى سۆيىمەن، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ سىزنى كەچۈرەلمەيمەن، مەن ھازىر بۇرۇنقى سۇبھى ئەمەس.
قاتتىق ھاياجانلىنىپ تۇرغاچقىمۇ ئاغزىمدىن ھېچقاچان ئېتىراپ قىلىپ باقمىغان بۇ ئەخمىقانە سۆز چىقىپ كەتتى.
— راست، ھازىر سىز ھېچقاچاندىكىگە ئوخشىماي قاپسىز. مەن ئەقىلسىزلىك قىلدىم، سىزمۇ كەڭ قورساق بولمىدىڭىز. ئەسلىدە سىز مېنى كەچۈرسىڭىز، گۇناھىمنى يۇيۇشقا پۇرسەت بېرىشىڭىز كېرەك ئىدى. ئۇ چاغدا ھەر ئىككىمىز مۇنداق ئازابلىنىپ يۈرمەيتتۇق.
— بولدى، بۇ گەپلەرنى قويايلى، سىزنىڭ ھازىر ئۆيىڭىز، ئائىلىڭىز بار. سىز ئەمدى شۇلارنى ئويلاڭ.
ئۇنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى. ئېغىر ئازار يېگەن ئادەمدەك تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن تاماكا تۇتاشتۇرۇپ، ئاچچىق-ئاچچىق شوراشقا باشلىدى.
ئارىنى بىرپەس سۈكۈت باستى.
— مەن قايتىپ كېلىمەن، سۇبھى، يۇرتۇمغا، ئاتا-ئانامنىڭ، سىزنىڭ يېنىڭىزغا قايتىپ كېلىمەن.
— ياق! ھەرگىز ئۇنداق قىلماڭ، خوش بولاي، مېنى ئارامىمدا قويۇڭ! — نېمىشقىدۇر جىددىيلىشىپ ئاۋازىم يېلىنىش ئاھاڭىدا چىقىپ كەتتى.
— ئۇنداق بولسا راست گەپ قىلىڭ، سىز مېنى ئۇنتالىدىڭىزمۇ؟
— چوقۇم ئۇنتۇيمەن!
— ئۇنتالمىدىڭىز، ئۇنتۇماقچى. شۇنداقمۇ؟
— ئۇنتالمىدىم دېيىشكە توغرا كەلسە، سىزنىڭ ماڭا قىلغان ۋاپاسىزلىقىڭىزنى، ھاقارىتىڭىزنى ئۇنتالمىدىم، سىزدىن نەپرەتلىنىمەن!
ئۇ يەنە تاماكا تۇتاشتۇردى:
— مەن سىزنى كۈتىمەن، مېنى ئەپۇ قىلغىچە، گۇناھىمدىن ئۆتكىچە كۈتىمەن. سىز ئاخىر مېنىڭ بولىسىز.

— ئۆزىڭىزگە ئۇنچە ئىشىنىپ كەتمەڭ، مېنىڭ كېيىمدە تۇرىدىغىنىمنى بىلىسىزغۇ؟

— قېنى، ھەر ئىككىمىز كېيىمىزدە تۇرۇپ باقايلى.

ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن ھومايدىم:

— تولا ھەددىڭىزدىن ئاشماڭ.

ئۇ ماڭا پەرۋا قىلمىدى:

— ماڭىمۇ قىلدىڭىز، ئۆزىڭىزگىمۇ قىلدىڭىز، سۇبھى.

— تولا چىشىمغا تەگمەڭ، سىزنىڭ ماڭا مۇنداق گەپ قىلىشقا ھەققىڭىز يوق. مەن ھازىر سىزنىڭ ھېچنېمىڭىز ئەمەس، —مەن راستتىنلا چېچىلدىم.

— شۇنداق، سىز ھازىر مېنىڭ ھېچنېمەم ئەمەس، لېكىن ھەممە نېمەم-بارلىقىم.

— تولا ساختىپەزلىك قىلماڭ، مۇنداق يالغان گەپلىرىڭىز بىلەن مېنى يەنە ئالدىيالمايسىز. ياخشى كۆرۈش، شېرىن سۆزلەش سىز ئۈچۈن ئادەتتىكىلا بىر ئىش. سىز تالاي قىزلارنى ياخشى كۆرگەن. مەن سىزنى كەچۈرگەن تەقدىردىمۇ بەربىر بۇ ئىللەتلىكىڭىزنى ئۆزگەرتەلمەيسىز. شۇنچە يىلدىن بۇيان مەن سىزنى مەيلى سۆيەي، مەيلى نەپرەتلىنەي ئىشقىلىپ ياخشى-يامان ھېسسىياتلار بىلەن بولسۇن ھامان سىزنى ئويلاپ، ئەسلەپ كەلدىم. بىراق مەن دەرد تارتقاندا، قان بىلەن زەرداب يۇتۇپ يۈرگەن چاغلاردا سىز قايسى بەختنىڭ پەيزىنى، قايسى ۋىسالنىڭ شادلىقىنى سۈرۈۋاتاتتىڭىز؟! ھىم، مەن تېخى ئۆتكەن كۈنلىرىمنى، سىز كەلتۈرگەن نومۇس ھەم ئازابلارنى ئۇنتۇپ كەتكىنىم يوق. سىز مەيلى نېمىلا دېمەڭ، نېمىلا قىلماڭ، مەن بەربىر سىزنى كەچۈرمەيمەن، مەڭگۈ كەچۈرمەيمەن خال.

ئاخىرقى بىر سۆزۈمنى مۇشتلىرىمنى تۈگۈپ، چىشلىرىمنى غۇچۇرلىتىپ، ھازىرلا ئۇنىڭغا ئېتىلىدىغاندەك ئەلپازدا ئېيتتىم. لېكىن ئۇ قولۇمنى كاپپىدە تۇتۇۋېلىپ قاتتىق قىستى:

— ماقۇل، مېنى كەچۈرمەڭ، لېكىن ئۆتۈنۈپ قالاي، ئەڭ ئاخىرقى قېتىم مېنى بىر خال دەپ چاقىرىڭ! ئۆتۈنەي، سۇبھى!

مەن ئۇنىڭ ئاغزىغا قارىغانچە تاياقتەكلا قېتىپ تۇرۇپ قالدىم. ئاغزىمدىن يەنە بىر ئورۇنسىز گەپ چىقىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ چوڭراق تىنىشقىمۇ پېتىنالمىدىم. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۈمىد بىلەن ماڭا تىكىلەتتى. مەن ئۇنىڭ قارىچۇقىدىن ئەكسىمنى كۆردۈم. شۇ ئەلپازدا بىر مىنۇتچە ئۈنسىز قارىشىپ تۇرۇپ قالدۇق. ئاخىر قەتئىي نىيەتكە كېلىپ قولۇمنى ئۇنىڭ ئالقانلىرى ئارىسىدىن شاپپىدە سۇغۇرۇۋالدىم-دە، كەينىمگە بۇرۇلدۇم.

— سۇبھى!

بۇ زەئىپ، ئايانچلىق ئاۋاز خېلىغىچە قۇلىقىم تۈۋىدە ئۆچمىدى.

ئۆيگە كىرىپلا ئۆزۈمنى كارىۋاتقا ئاتتىم، يۈرىكىم تېخىچە دۈپۈلدەپ تۇراتتى.

كۆڭلۈمنىڭ بىر يەرلىرى ئاچچىق، ئەمما ۋۇجۇدۇم قانداقتۇر بىر سۆيۈنۈش بىلەن يايراۋاتقاندەك، يىراق-يىراقتىن كېلىۋاتقان بىر يېقىملىق مۇزىكا ساداسى مېنى مەست قىلغاندەك بولۇۋاتىمەن. بۇ بەلكىم ئۇنىڭمۇ مېنى ماڭا ئوخشاشلا ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ھەقىقىي بايقىغانلىقىمدىن ھەم ئىرادەمنى ھېسسىياتىم ئالدىدا سۇندۇرۇپ قويمىغانلىقىمغا خۇش بولغانلىقىمدىن بولسا كېرەك.

بۈگۈن كېچىنى مەن كىرپىك قاقماي ئۆتكۈزۈشكە رازى.

19-ئۆكتەبىر (چارشەنبە)

بۈگۈن سەھەردىلا خىزمەت تەقسىماتى ئىشخانىسىغا باردىم، كۆزەينەكلىك باشقارما باشلىقى مېنى كۈلۈپ كۈتۈۋالدى:

— ھە قىزچاق يوقاپلا كەتتىڭىزغۇ؟ كېلىڭ، ئولتۇرۇڭ.

— باشلىق، مەن...

— كۆڭلىڭىزدىكىنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن. خىزمەتكە چۈشۈشكە ئالدىراۋاتىسىز، شۇنداققۇ؟

— بىكار يۈرۈۋەرسەكمۇ بولماس.

— ھە ... مۇنداق گەپ، ئالدىنقى ھەپتە دەسلەپكى قەدەمدە بىر تۈركۈم ئوقۇغۇچىلارنى بىر تۇتاش تەقسىم قىلىپ، رەسمىيەت ئۆتەپ بەردۇق. مەكتىپى بىۋاستە تونۇشتۇرغان سىزگە ئوخشاش يەنە ئۈچ ئوقۇغۇچى بار. سىلەرنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرمىساق بولمايدۇ. يەنە بىرەر ھەپتە تۇرۇپ تۇرۇڭ. ياخشى ئوقۇغىنىڭلارغا لايىق چوقۇم كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇندا ئىشلەيسىلەر، — پارقىراپ تۇرغان كەڭ ماڭلىيىدىن چېچەن ھەم مۇلايىملىقى چىقىپ تۇرىدىغان بۇ ئادەم بىر قاراشتىلا كىشىگە ياخشى تەسىر بېرەتتى.

مەن گېلىمنى بوشقىنا قىرىپ قويۇپ، ئەيمىنىپراق ئېيتتىم:

— ياق باشلىق، مەن تۆۋەنگە چۈشۈشنى خالايمەن. شارائىتى ناچار بولسىمۇ، قانچە يىراق بولسىمۇ مەيلى.

ئۇنىڭ تەبەسسۇم يېغىپ تۇرغان چىرايى سەل جىددىيلەشتى.

— نېمە ئۈچۈنلىكىنى سورىسام بولامدۇ؟ — ئۇنىڭ ئاۋازىدىن ناھايىتى ئەجەبلىنىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. مەن گەپ قىلماستىن يەرگە قاراپ ئولتۇرۇۋالدىم.

— سىزنى ھەقىقەتەنمۇ تەقدىرلەشكە ئەرزىيدۇ. ھازىر تۆۋەنگە بېرىشنى ئىختىيار قىلىدىغانلار ناھايىتى ئاز. بىراق سىزدە ئۆزىڭىز تاللاپ خىزمەت قىلىش پۇرسىتى بار. تۆۋەندە تۇرمۇش جاپالىق، ئويلىنىپراق ئىش كۆرۈڭ.

— مەن ئويلاندىم، ھەرگىز گېپىمدىن يېنىۋالمايمەن. ھەرقانداق جاپاغا چىدىغۇچىلىكىم بار، — دېدىم. ئاۋازىمنى ئىمكانىقەدەر كەسكىن چىقىرىشقا ئۇرۇناتتىم.

ئۇ كۆزۈمگە ئۇزاق قاراپ كەتتى.

— كۆڭلىڭىزدە بىر سىر باردەك قىلىدۇ، قىزىم، — ئۇنىڭ مېھرىبانلىق يېغىپ تۇرغان بۇ سۆزىدىن ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ، ئۆزۈمنى تۇتالمىغىلى ئازلا قالدىم.

— ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئىش يوق. مەن بۇرۇندىنلا چەت جايلارغا بېرىشنى ئارزۇ قىلاتتىم، — بۇ گەپنى قىلىۋېتىپ تېخىمۇ ھاياجانلىنىپ كەتتىم. ئەمما ئۇ ئاللىقاچان كۆڭلۈمدىكىنى بىلىپ بولغاندەك قىلاتتى.

— بولىدۇ. ئەمىسە ئەتە كېلىپ رەسمىيەت بېجىرىڭ، نەگە بېرىشنى خالىسىڭىز شۇ يەرگە يوللاپ بېرەيلى، — مەن رەھمەت ئېيتىپ ئىشخانىدىن چىقتىم.

ئاڭلاپ تۇر خال! مەن سېنىڭدىن نەپرەتلەنگىنىم ئۈچۈن سەندىن ئۆزۈمنى قاچۇرغانىدىم. ھازىر نەپرىتىم شۇ دەرىجىگە يېتىپ باردىكى، مەن سەن ياشاپ نەپەس ئېلىۋاتقان دۇنيادىن تېخىمۇ يىراقلارغا كېتىشنى خالايمەن. ھەممىنى تاشلاپ، ھەممىنى ئۇنتۇپ ياقا يۇرتلارغا كېتىمەن. سېنى ئەسلىتىدىغان، سېنى يادىمغا سالىدىغان ھەرقانداق نەرسىدىن بىزارمەن. مەن سەن بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلىشىمەن.

ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئالبۇمنى ئالدىم. ئۇنىڭ، ھەم ئۇنىڭ بىلەن بىللە چۈشكەن سۈرەتلىرىنىڭ ھەممىسنى كۆزدىن يوقىتىش ئۈچۈن بىر-بىرلەپ ئالدىمغا يايدىم. ھىم ئەخمەقلىق، گۆدەكلەرچە تەلۋىلىك. نەچچە سائەتلىك جايلارغا ۋېلسىپىت بىلەن چىقىپ چۈشكەن بىچارە سۈرەتلەر.

ئەڭ ئاۋۋال ئۇنىڭ بىلەن بەل تۇتۇشۇپ، ساراڭلارچە كۈلۈپ چۈشكەن بىر پارچە سۈرەتنى غەزەپ بىلەن يىرتىپ تاشلىدىم. كېيىن ئىككىنچى، ئۈچىنچى پارچىلىرىمۇ رەھىمسىز بارماقلىرىمنىڭ قۇربانى بولدى.

قولۇمدىن تارتىپ سۇدىن چىقىرىۋاتقان، تىزىمىزغىچە سۇ كېچىپ، بىر-بىرىمىزگە سۇ چېچىشىپ ئويناۋاتقان... چۈشىنىكسىز، بىخۇت مۇھەببەتنىڭ رومانتىك كۆرۈنۈشلىرى! ھەممىسى تۈگىدى. ئەمدى قولۇم مەن قايسى كۈنى ئىلھامىنىڭدىن ئېلىۋالغان ھېلىقى سۈرەتكە سوزۇلدى. نۆۋەت بۇنىڭغا كەلگەندە يۈرىكىمنىڭ بىر پارچىسى كۆيۈۋاتقاندەك، ئالدىمدا جان ئۈزۈۋاتقان بىرى ياتقاندەك تۇلغاندىم، لېكىن غەيرىتىمگە ئېلىپ ئۇنىمۇ ئىككىگە بۆلدۈم، يىرتتىم-يۇ پاڭگىدە ئېتىلىپ، ئۈستەلگە ئۆزۈمنى تاشلىغانچە يىغلاپ كەتتىم...

مانا ئەمدى خىزمەت مەسىلەممۇ ھەل بولدى. مېنى يەنە نېمە قىسمەتلەر كۈتۈۋاتقاندۇ؟

خۇدا، ماڭا كۈچ-قۇۋۋەت، مەدەت بەرگەيسەن!

25-دېكابىر (شەنبە)

بۇ يەرگە كەلگىنىمگە ئىككى ئاي بوپتۇ، بۇ ئىككى ئاي ئىككى يىلدىنمۇ ئۇزۇن تۇيۇلدى.

قايىتا باشلانغان مۇساپىرچىلىقنىڭ بۇ دەسلەپكى كۈنلىرىدە، ئاجايىپ ئىشلارنى كۆردۈم. بىر-بىرىدىن قوپال، بىر-بىرىدىن ياۋايى ئوقۇغۇچىلىرىم شۇنچە يېقىنچىلىق قىلىشلىرىمغا قارىماي، مېنى كۆرسە ۋابادىن قاچقاندەك قېچىپ، يەر تېگىدىن مارىشىدۇ. ئوقۇغۇچىلىرىمنى ئاز دەپ، ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرىمۇ مەندىن قاچىدۇ. بېشىمغا ياغلىق چېگىپ ئاددىي كىيىملەرنى كىيىپ يۈرۈشلىرىممۇ كار قىلمىدى. مەكتەپكە كەلمىگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆيىگە بارسام، ھويلىلىرىدىكى ئىتلىرىنى قويۇپ بېرىپ مېنى قوغلاپ چىقاردى. باللىرىمىز مەكتەپكىزدە دىنسىزلىقنى ئۆگىنىسە، يېرىمىزنى سىز كېلىپ تېرىپ بېرەمسىز، خېنىم، ئوقۇتمىساق نېمە بوپتۇ. سىزدەك ئوقۇغانلارنىڭمۇ ھال-كۈنى شۇ ئىكەنغۇ، ئابدالدەك كۈندە خەقلەرنىڭ ئىشىكىدە يۈرگىچە، سىڭگەن نېنىڭنى يەپ ياتساڭچۇ كاپىر، دېگەندەك گەپلەرنى ئاڭلاپ بوران ئۇچۇپ تۇرغان قاراڭغۇ ياتاقتا نەچچە كېچە قان يىغلاپ چىقتىم. بىراق بۇ ياشلار كۆزلىرىمنى ئىلگىرىكى ياشلاردەك ئېچىشتۇرالمىدى. قەلبىمنى بۇرۇنقى زۇلۇملاردەك ئېزەلمىدى.

ھەممىگە كۆندۈم، ئۆزۈمگە ئەتراپىمدىكى نەرسىلەردىن تەسەللى ئىزلەشكە ئۇرۇندۇم، ئازاب زارلانمايدىغانلارنى، ئۇنى ئۇچۇق چىراي قارشى ئالىدىغانلارنى كەمرەك قىينايدۇ.

ئاخىر بېرىپ قەلبىم بۇ يالغان خۇشاللىقنى گويا راستتەك ھېس قىلىشقا باشلىدى. سۇلاشقان گۈللەر سۇغا چىلانغاندىن كېيىن ياشارغاندەك قەلبىم بارا-بارا جانلاندى. بۇ ھاياتلىقنىڭ ئالامىتى، ئىنسانلىقىمنىڭ تەسەللىسى، توپىدىن ئايرىلغان ئاغرىق ۋە ئاجىز بىر قۇشنىڭ دۇنياغا قايتىدىن كۆز ئېچىشى ئىدى. ئەمدى مەن تەقدىرىمگە كۆنۈپ قالغانىدىم. ھەممە نەرسىنى قايتىدىن باشلاشقا تىرىشتىم. بىر داس ھاك تېپىپ كېلىپ، كىچىككىنە چوتكا بىلەن ياتىقىمنى ئاقارتتىم. بۇلۇڭدىكى سۇۋىقى چۈشۈپ ئۆرۈلەيلا دەپ قالغان ئەسكى ئوچاقنى لاي ئېتىپ سۇۋاپ، ھاكلاپ، ئىشلەتكىلى بولغۇدەك قىلدىم، ناھىيە بازىرىغا بېرىپ، تاماققا، تۇرمۇشقا لازىمەتلىك كەم نەرسىلەرنىڭ ھەممىنى سېتىۋالدىم. ۋەيرانە ئۆي پاكىز ۋە كۆڭۈللۈك تۈس ئالدى.

مۇستەقىل تۇرمۇش ھەم تىرىكچىلىك غېمى مېنى باشقىچە بىر ئادەم قىلىپ قويغاندەك قىلاتتى. ئەتراپىمدىكى ھەممە نەرسە ۋەھىمىسىنى يوقاتقاندەك قىلدى.

دەسلەپكى كۈنلەردە شۇنچىلىك ياۋايى كۆرۈنگەن باللارمۇ ئەمدى يېقىملىق تۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئۇلارغا بارغانسېرى مېھرىم چۈشۈپ يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىدىن ياخشى كۆرۈپ قېلىۋاتاتتىم.

ئالدىنقى كۈنى بىر قىز دەرس ئاڭلاۋېتىپ تۇيۇقسىزلا يىقىلىپ چۈشتى.

— ئۇنىڭغا نېمە بولدى؟ — مەن ئىتتىك بېرىپ يېنىدىكى قىزدىن سورىدىم.

— ئۆگەي ئاپىسى ئۇنىڭغا ئاش بەرمىگىلى ئۈچ كۈن بوپتۇ.

— نېمە دەپ ئەمدى؟

— مەكتەپكە بارمايسەن، بولمسا قورسىقىڭنى ئەپەندىڭ باقسۇن دەپ. ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى. بىچارە قىزنى كۆتۈرۈپ يۈگۈرگەنچە ياتاققا ئېلىپ كىردىم.

شۇ كۈندىن باشلاپ مەن ئوقۇغۇچىلىرىمغا تېخىمۇ كۆيۈنىدىغان بولدۇم. دەسلەپ قىزلارنىڭ ئىچىدىكى ياۋاش بىر-ئىككىسىنى ياتىقىمغا ئەكىرىپ چاچلىرىنى يۇيۇپ-تارىدىم. ئۆزۈمنىڭ چازا، لېنتىلىرىمنى تاقاپ قويدۇم. ئۇلار سۆيۈنگەن، يىتىرقىغان ھالدا ماڭا قارىغىنىدا، قەلبىمدە چۈشىنىكسىز بىر تۇيغۇ باش كۆتۈردى. مەن ئانا بولۇپ باقمىغان. بىراق بۇ بالىلارنى راستىنلا ئانىلىق مېھرىدەك بىر مۇھەببەت بىلەن ياخشى كۆرۈپ قېلىۋاتىمەن. ئەتىسى ئۇلار يەنە ئىككى قىزنى باشلاپ كىرىپتۇ. مەن بۇ گۆدەكلەرنى قورچاقنى ياساندۇرغاندەك خۇشاللىق ۋە ھەۋەس بىلەن ياسىدىم. كىتاب-دەپتەر مۇقاۋىلاشنى، رەڭلىك قەغەز بىلەن گۈل ياساشنى ئۆگەتتىم. مەن قولۇمدىن كېلىشچە ئۇلارنى خۇش قىلىشقا تىرىشاتتىم. شۇنداق قىلىپ ئاستا-ئاستا ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسى ۋە قايىللىقىغا ئېرىشتىم. بۇ مەن ئۈچۈنمۇ ناھايىتى كۆپ تەسەللى ۋە ئەمەك بولدى. ئۇلار ھازىر ماڭا گەپ قىلىدىغان، ھەتتا قوللىرىمغا ئېسىلىپ تاتلىق كۈلۈمسىرەيدىغان، ئەركىلەيدىغان بولدى. كۆزلىرى قېتىپ قالغاندەك خۇنۇك، ھاڭۋاقتى كۆرۈنىدىغان بۇ قىزلار ئەمدى ئېچىلىپ-يېيىلىپ ھەر خىل ئويۇنلارنى ئويناپ، ناخشا ئېيتىپ مېنى زېرىكتۈرمەيدىغان بولدى. بوي-تۇرقى مەن بىلەن تەڭ دېگۈدەك ئوغۇل ئوقۇغۇچىلىرىم ماڭا ئانچە پەرۋا قىلىپمۇ كەتمەيتتى. ئاخىر بېرىپ ئۇلارمۇ ماڭا كۈندى. تۇرمۇش مېنى بويسۇندۇردىمۇ ياكى مەن جاپانى يەڭدىممۇ، ھەرھالدا ئىشلىرىم يۈرۈشۈپ كەتتى. مۇشۇ يوسۇندا بەلكىم يەنە نەچچە ئون يىل ئۆتەر. مەن ئەمدى مەندىن مۇھەببەت ۋە شەپقەت كۈتۈۋاتقان شۇ بالىلارنىڭ تۇرمۇشىغا سىڭىپ ياشىشىم كېرەك. ئۇلار ماڭا، ياق مەن ئۇلارغا مۇھتاج.

* * *

تۇرمۇشۇمغا يېڭى بىر مەنە قوشۇلدى. ياتىقىمغا نادىيە ئىسىملىك بىر ياش مۇئەللىم كەلدى. ئۇ ئەسلىدە مەندىن بۇرۇن كەلگەن بولۇپ، ئايال ئىلمىي مۇدىرنىڭ ئۆيىدە يېتىپ-قوپۇۋاتقان ئىكەن. ئۇ ناھايىتى چىقىشقاق، گەپدان قىزدەك كۆرۈنىدۇ. بىردەمدىلا مەندىن بىرمۇنچە گەپ سوراپ بولدى.

— شەھەردىن كەلدىڭىز؟ — ئۇ ماڭاقاتتىق ھەيران بولغان، خورسىنغان ھالدا قاراپ قالدى، — ناھىيىدىنمۇ ئەمەس، شەھەردىن كەلدىم دەڭ، توۋا، قانداق بولۇپ بۇ خۇدا ئۇرغان چەت جايغا...

— بىرئوبدانلا يېزىكەنغۇ. كۆنۈپ قالدىم، — مەن كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتىم.

ئۇ قېشىنى ئۈچۈرۈپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ يېشىمۇ، جۇغىمۇ مەندىن كىچىك ئىكەن، لېكىن تەجرىبىلىك، كۆپ ئىش كۆرگەن قىزدەك قىلىدۇ.

— خۇداغا شۈكۈر، يۆتكىلىپ كەتكىچە يالغۇزلۇق تارتمايدىغان بولدۇم، — دېدى ئۇ كارىۋىتىنى رەتلەۋېتىپ.

— سىز كەتمەكچىمۇ؟ — ئالدىراپ سورىدىم مەن.

— سىز مۇشۇ قارغىش تەگكۈر جايدا يىلتىز تارتماقچىكەنسىز-دە؟ — ئۇ سوئالىمغا سوئال بىلەن جاۋاب قايتۇردى.

مەن زۇۋان سۈرمىدىم.

— كۆردىڭىز، مەكتەپنىڭ ھالى شۇ، ئوقۇغۇچىلارنى ئائىلىسىدىن تېرىپ كېلىپ ئوقۇتىسىز، ئاتا-ئانىسىنىڭ يامان گەپلىرىنى ئاز دەپ، مەكتەپمۇ دەرسكە قاتنىشىش نىسبىتى تۆۋەن دەپ، مائاشىڭىزنى تۇتىدۇ. بۇ باللارنىڭ دۆتلىكىچۇ تېخى. يا بىر نەرسە بىلدۈرگىلى بولمىغان. ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنىڭمۇ ساپاسى شۇ. ئەر ئوقۇتقۇچىلار ئەتىدىن-كەچكىچە قارت بىلەن شاخماتتىن باش كۆتۈرەلمەيدۇ. ئۈچ ئايال ئوقۇتقۇچىنىڭ بىرى قېرىپ كۆچىدىن قالدى. بىرى ئاينىڭ ئون بەشى ساق بولسا ئون بەشى ئاغرىق. رەشىدە مۇئەللىمنىڭ خېلى دىتى بار، ئوغلۇق ئايالتى، ئۇمۇ يۆتكىلەلمىگەن ئاچچىقىدا ھازىر خاپىغانلا يۈرىدۇ. ھېچكىم بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوق. سىرتتىكى مەدەنىيەتسىز قارا قورساقلار بولسا، ئەتىدىن-كەچكىچە غەيۋەت قىلىپلا يۈرىدۇ. مەن كېلىپ بىرەر ئاي بولمايلا، كەينىمدىن تاپمىغان گەپلىرى قالمىدى. ئەر ئالماس قېرى قىز دەمدۇ، نايناق، بۇزۇق دەمدۇ، ئادەم ئاغزىغا ئالغىلى بولمايدىغان سەت گەپلەرنى قىلىشتى، دەسلەپ تېرىكىپ، يىغلىدىم، سوقۇشتۇم. كېيىن پەرۋا قىلماس بولدۇم. بۇ ساراڭ خەقنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋالغىلى بولاتتىمۇ! ئەر دېگەننى شۇنداق چوڭ بىلىدۇ بۇ سەھرالىقلار. ئەر ئالمىغۇدەك بىزنىڭ يۈزىمىزدە يامىقىمىز بارمىكەن-يا. تەگسەك ئالاتتى.

مەن كۈلۈۋەتتىم. تۇۋا مۇنۇ كىچىككىنە قىزنى قېرى قىز دېسە، مېنى نېمە دەر ئەمدى؟

نادانلىق، خۇراپاتلىق، مەدەنىيەتسىزلىكنىڭ بۇ خىل ئىللەتلىرى شەھەرلەردىمۇ بار. بىز شۇنداق خەق. باشقىلارنى ھاقارەتلىمىسەك، غاجاپ ئۆتمىسەك قورسىقىمىز تويمايدۇ.

— سىزگە ھەيرانمەن، داشۆ پۈتتۈرۈپسىز. شەھەردە ئۆسۈپسىز، چوڭ بولۇپ سەھرالارنىمۇ تۈزۈك كۆرمىگەن بولغىيتتىڭىز بەلكىم. بىراق شۇنچە تېز كۆنۈپ قالدىم دېگىنىڭىزقىزىق، ماڭىغۇ ئامال يوق. ئارانلا ناھىيىلىك سىفەننى پۈتتۈرگەنمەن. بىزنىڭ بۇ يەردە ناھىيىدىن چىققان ياشلاردىن تۆتىمىز بار. قالغان ئۈچى ئوغۇل. بىرى ئالىي مەكتەپ، ئىككىسى تېخنىكومدا ئوقۇغان. ھەممىمىز كېتىمىز دەپلا يۈرۈيمىز. پۇرسەت

تاپساقلا ناھىيىگە چىقىپ خىزمەت ئۆتۈۋىشىمىز. بۇ يەرگە كەلگەن بىرىلدىن بۇيان مەكتەپتە مۇقىم تۇرغان ۋاقتىم بەش ئايغا يەتمەيدۇ. دوختۇرخانىنىڭ ئىسپراپكىسى ياكى رۇخسەت سوراش خېتى بولسىلا بولدى. تۇتسا بەش-ئون تەڭگە مۇكاپات پۇلىمىزنى تۇتىدۇ. ئۇنچىلىك پۇلنى دەپ، ئىستىقبالىمىزنى تۇگەشتۇرۇۋالساق بولماس. پۇل دېگەننى تېپىۋالغىلى بولىدۇ، — ئۇ ماڭا گېپىم تەسىر قىلدىمۇ قانداق دېگەندەك لەپپىدە بىر قاراپ قويدى.

مەن كارىۋات ئۈستىدە ئېڭىكىمنى تىزلىرىمغا تىرىگەنچە ئۇنىڭغا سەپسېلىپ قاراۋاتاتتىم، چىرايى تېگىدىن سوزۇك، ئىنچىكە، ئۇزۇن قاشلىرى ئاستىدىكى ئۆتكۈر، ئويناق كۆزلىرى كىشىگە بىر قاراشتىلا كۆزى يامانكەن، دېگەن تۇيغۇ بېرىدىغان بۇ چىرايلىق قىز توختىماي سۆزلەيتتى.

كۆز ئالدىمغا پەرۋىشسىز قالغان بىچارە بالىلار كەلدى. ئۇلار پەرۋىشكە مۇھتاج. بىراق ھەممىلا ئادەم بۇ كەسىپتىن، بۇ جايدىن قاچسا، ئۇلارنى كىم قۇتقۇزۇۋالىدۇ، ئەمەلىيەتتە مەنمۇ دەسلەپ بۇ يەرگە ئىلاجسىز كەلگەن ئەمەسمىدىم؟ بوغۇزۇمغا ئاچچىق بىرنەرسە تۇرۇپ قالغاندەك بولدى. بوپتۇ، بۇلار مېنى مازاق قىلسا قىلىۋەرسۇن. مەن بۇ كۆڭلىرىمگە رازى.

5-ئىيۇن (جۈمە)

نادىيە بىلەن ناھايىتى ياخشى ئۆتىۋاتىمىز. مىجەزى، تۇرمۇش قارىشى ماڭا تۇپتىن ئوخشىمايدىغان بۇ قىز نېمىسى بىلەندۇر ماڭا بارغانسېرى يېقىملىق بىلىنىشكە باشلىدى. ئۇ ھازىر بۇرۇنقىدەك ھە دېسىلا ناھىيىگە يۈگۈرمەيدىغان بولدى. بىز سىرداش بولۇپ كەتتۇق. ئۇ ماڭا ھەممە گەپلىرىنى قويماي دەپ بېرەتتى. بۇ كىچىككىنە قىزنىڭمۇ ئاجايىپ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى بار ئىكەن.

— سەن بۇ يەرگە خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن كەلمىدىڭ، سۇبھى، شۇنداقمۇ؟ — دېدى بىركۈنى ئۇ مېنىڭ ئۆزۈم توغرىلىق ھېچنەرسە سۆزلەپ بەرمىگىنىمگە ئىچى پۇشقاندەك قىلىپ.

يۈزۈمگە سوغۇق سۇ سەپكەندەك سەسكىنىپ كەتتىم.

— نېمە دەۋاتقىنىڭنى چۈشەنمىدىم، نادىيە، — دېدىم ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىشتىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ.

— بولدى مەندىن يوشۇرما، ھەممىنى ئېچىڭگە تىنىپ يۈرۈۋەرسەڭ دەرد چىرمىۋالىدۇ. ياۋايىلىق قىلما، سۇبھى، — دېدى ئۇ.

— باشقا گەپ قىلشايلى، نادىيە، بۇ توغرىدا سۆزلەشنى خالىمايمەن.

ئۇ ئېغىر خورسىنىپ قويۇپ، چىرايىغا تېزلا كۈلكە يۈگۈرتتى.

— بولدى، ياتاقنى يىغىشتۇرايلى، ئۇلارنىڭمۇ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قاپتۇ.

ئۇنىڭ دەۋاتقىنى بۇ يېزىدىكى شەھەرلىكلەر ئىدى. نادىيە كەلگەندىن بېرى گۆرىستان جىملىقى ھۆكۈم سۈرىدىغان بۇ غېرىبانە كۆلبەم باشقىچە جانلىنىپ، پات-پات گېتار، ئۇنىئالغۇلارنىڭ ئاۋازى ياڭرايدىغان سورۇنغا ئايلىنىپ قالدى.

— مۇرات سېنى دەپ يۆتكىلىش نىيىتىدىن يېنىپتۇ، سۇبھى، — دېدى ئۇ لوڭقىدىكى ئەتىرگۈلنىڭ سۈيىنى يەڭگۈشلەۋېتىپ.

— مېنى دەپ؟ — مەن كۈلۈپ كەتتىم، — قىزىق گەپ قىلىسەندە سەن.

— تولا خۇپسەنلىك قىلما، سەنمۇ بىلمەيدىغان يەردە ئەمەس، ئۇ ئىلگىرى شۇنداق ئېغىر، جىمغۇر يۈرەتتى. ھازىر ھە دېسىلا ئۇنى-بۇنى باھانە قىلىپ، ياتىقىمىزغا كەلگىلى ئاران تۇرىدۇ، ئەگەر راستىنلا قايتىپ كېتىش نىيىتىڭ بولمىسا، ئۇ بەك ئېسىل بالا...

— بولدى قىلساڭچۇ نادىيە. بۈگۈن ساڭا نېمە بولدى؟

شۇ ئارىلىقتا ئىشىك چېكىلىپ، نادىيەنىڭ گېپى ئۈزۈلۈپ قالدى.

30-ئىيۇل (شەنبە)

تۈنۈگۈن نادىيەنىڭ يىگىتى كېلىپ، ئۇنى يوقلاپ كەتتى. گەپ-سۆزى جايىدا، تۈزۈكلا يىگىتكەن. بىراق نادىيەگە نېمە بولدى، بىلمىدىم ئۇنى سوغۇقلا ئۇزىتىپ قويدى. ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ:

— مۇھەببەت سەن ئۇنىڭدىن مەھرۇم قالغاندا كۈچىنى كۆرسىتىدۇ. ۋاقىت ئۆزارغانچە جاراھەت كونىراپ، پۇشايمان، ئازابىڭمۇ كۈچىيىپ بارىدۇ. ھەرگىز نادانلىق قىلما، مەن كۆرگەن كۈننى سېنىڭمۇ كۆرۈپ قېلىشىڭنى خالىمايمەن، — دەۋېتىپتىمەن. ئۇ كۆزلىرىمنىڭ ئىچىگە قاراپ، يۈرىكىمنىڭ قات-قېتىنى كۆرۈپ بولغاندەك ئىشەنچ بىلەن:

— شۇنداق، — دېدى، — سەن ھەسرىتىڭنى يوشۇرۇپ كەلدىڭ. مەن سېنى ئۇچراتقان تۇنجى كۈنىلا يۈرىكىڭنىڭ چوڭقۇر قېتىدا بىردەرد بار ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلغان. سەن بۇ دەردىڭنى ھېچكىمگە تىنماي، ئۆزۈڭنى بىپەرۋا كۆرسىتىشكە تىرىشىپ، كۈچۈڭنى، ۋاقتىڭنى باللارغا سەرپ قىلىۋاتىسەن. ساڭا قارىسام ئىچىم سېرىلىپ كېتىدۇ، سۇبھى.

ئۇ بىردىنلا جىمىپ قالدى. مەن ئاستائورنۇمدىن تۇرۇپ، ئۈستەل قېشىغا كەلدىم. مېنىڭ يەنە تەكشۈرىدىغان تاپشۇرۇق، تەييارلايدىغان دەرسلىرىم بار. ئارتۇق ئىشلارغا چېپىلىپ، ۋاقتىمنى زايە قىلمىغىنىم تۈزۈكتەك قىلىدۇ.

18-ئاۋغۇست (يەكشەنبە)

بىر ئايچە بولدى. سالامەتلىكىم تازا ياخشى ئەمەس. چىرايىم كۈندىن-كۈنگە سارغىيىپ سۇلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. بىرنەچچە قېتىم قاتتىق ئاغرىق تۇتۇپ، ياتاقتا يىغلاپ سالدىم. تۈنۈگۈن نادىيە بىلەن بىللە ناھىيىگە كىرىپ، دوختۇرغا كۆرۈنگەنىدىم.

ــ كېسەللىكىڭىز يېنىك ئەمەس. بالنىستتا يېتىپ داۋالىنىڭ، ــ دېدى دوختۇر.

مەنمۇ ئۆزۈمدىن ئەنسىرەپلا تۇراتتىم. دوختۇرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، كۆڭلۈم بەكلا يېرىم بولدى. بىراق ھازىر ئىمتىھان يېقىنلىشىپ قالغان چاغ، باللارنى تاشلاپ يېتىۋالسام بولمايدۇ، چوقۇم داۋالىنىمەن. لېكىن ھازىر ئەمەس. تەتىللىكمۇ ئاز قالدى. شۇ چاغدا ئۆيۈمگە قايتىپ، شەھەرنىڭ تەجرىبىلىك دوختۇرلىرىغا كۆرۈنىمەن.

ئاھ! شۇ تاپتا يۇرتۇم، ئۆيۈم، دوستلىرىم... كۆزۈمگە ئوت كۆرۈنۈپ كېتىۋاتىدۇ. بىرىلدىن بۇيانقى ئىچىمدە مەجبۇرىي بېسىلىپ ياتقان سېغىنچىم مۇشۇ نەچچە كۈنلەردىن بېرى بىراقلا قۇتراپ مېنى شۇنچىلىك ئازابلىدىكى، بۇ يەرگە كەلگەن دەسلەپكى چاغدىكى، ئۇ يۇرتلارنى قايتا كۆرمەسمەن، دېگەن خىيالىم كۈچىنى يوقاتتى.

بىر يىل، ئاھ... نېمدېگەن ئۇزۇن. ماڭا گويا بىر ئەسىر ئۆتكەندەك بىلىنىۋاتىدۇ.

12-سېنتەبىر (پەيشەنبە)

بەش كۈندىن بېرى كېچە-كۈندۈزلەپ ئېسىلىۋاتقان ئاسما ئوكۇل بىلەن مېدىر قىلماي يېتىپ، بەدىنىمگە كۆرپە-ياستۇقلارمۇ پېتىپ كەتتى. ئوكۇل سانچىلغان قوللىرىم كۆكىرىپ-ئىششىپ قەلەم تۇتقۇدەكمۇ ھالىم قالماپتۇ.

ئاخىرقى ئىمتىھان كۈنى ئىچىمگە قاتتىق بىر ئاغرىق كىرىۋالدى. ئىگرىغانچە بېقىنىمنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ قالغىنىمنى بىلىمەن. ھوشۇمدىن كېتىپتىمەن. ئۇلار مېنى مۇشۇ دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىپتۇ. شەھەرگە يۆتكەشكىمۇ ئۈلگۈرمەپتۇ. بىر كېچە-كۈندۈز ھوشسىز يېتىپ ھەممىسىنى قورقۇتۇۋېتىپتىمەن. بىچارە نادىيە يۈگۈرۈپ يۈرۈپ دوختۇرلارنىمۇ ئۆرە-تۆپە قىلىۋېتىپتۇ. ئۇ خەۋەر بەرگەن ئىكەن، تۈنۈگۈن ئاپام كەلدى. چىرايىدا قان يوق. مېنى كۆرۈپلا ئۆزىنى ئېتىپ يىغلاپ كەتتى. جېنىم ئاپام، كېچىدىن بېرى كىرپىك قاقماي بېشىمدا ئايلىنىپ يۈردى. كۆزىدىن ياش قۇرىمايدۇ. ئۇنىڭغا ئۇۋال قىلىدىغان بولدۇم. مەندىن ئايرىلسا نېمە بولۇپ كېتەر؟ ئىچىم زەھەر يەۋالغاندەك ئاچچىق. ئۈن سېلىپ، ۋارقىراپ بىرەرىگە ئېسىلىپ يۈرەك-باغرىم بوشىغىدەك بىر يىغلىۋالغۇم بار. مۇشۇنداقلا ئۆلۈپ كېتەرمەنمۇ؟ مەن تېخى...

بايا، نادىيە ئاپامنى زورلاپ يۈرۈپ، بىردەم ئارام ئېلىۋالسۇن دەپ ئۆيگە ئېلىپ كەتتى. نادىيە، مەن سەن ئۈچۈنمۇ ئارماندا كېتىدىغان بولدۇم. تويۇڭنى، ئاپئاق توي كىيىمى ئىچىدىكى تۇرقۇڭنى، بەختتىن تېخىمۇ خۇمارلاشقان كۆزلىرىڭنى كۆرگۈم، سېنى ئۆز قولۇم بىلەن ياساندۇرغۇم، چىرايلىق بېشىڭنى يىگىتىڭنىڭ ئوتلۇق كۆكرىكىگە قويۇپ، ھۇزۇرلانغىنىڭنى تاماشا قىلغۇم بار ئىدى، خۇدا مېنى ئۇ كۈنلەرگە يەتكۈزمەيدىغان ئوخشايدۇ.

ئەلۋىدا دوستلار! مېنىڭدەك بىر جاھىل، ئەقىلسىز، بەختسىز دوستۇڭلارنىڭ بولغىنىنى ئۇنتۇماڭلار!

ساڭىمۇ خوش، خال! ئۆلۈم بۇرنۇمغا پۇراپ تۇرغان مۇشۇ مىنۇتلاردا سېنى ئەڭ

ئاخىرقى قېتىم تىلغا ئالماقچىمەن. مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن، خال. ئۆلگۈدەك سۆيىمەن. سەن مېنىڭ ھاياتىمنى، قەلبىمنى، ھېسسىياتىمنى نابۇت قىلدىڭ، مېنى ياقا يۇرتلاردا سەرسان بولۇپ يۈرۈشكە مەجبۇرلىدىڭ. سېنى قايتا كۆرۈشنى، ھەتتا ئاۋازىڭنى ئاڭلاشنىمۇ خالىمايتتىم. لېكىن سېنى كۆڭلۈمدىن چىقىرالمىدىم...»

خاتىرىنى ئوقۇپ شۇ يەرگە كەلگەندە مەن زادىلا بەرداشلىق بېرەلمىدىم. ئۇمۇ خاتىرىگە بېشىنى قويۇپ ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتى. ئۆمرۈمدە بۇ ياشتىكى ئوغۇللارنىڭ يىغلىغىنىنى تۇنجى قېتىم كۆردۈم.

بىز ياتاققا كىرگەندە، سۇبھى تېخىچە بايىقى ھالىتىدە ياتاتتى. بېشى بىريانغا سەل سىڭايان بولۇپ قاپتۇ. سەل-پەل ئېچىلىپ تۇرغان لەۋلىرى ئارىسىدا ئۈنچىدەك چىشلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. چىرايىدا نەچچە كۈندىكى سولغۇنلۇق يوق. ھالرەڭ، پارقىراق مەگىزى سۇس نۇرلىنىپ قالغاندەك ئىدى. ئاھ، ئۈمىد ۋە تەشنالىقتىن پارلىغان بىچارە گۈزەللىكلەر! بىراق ئۆلۈم ئۇنىڭغا مىنۇتسېرى يېقىنلاۋاتاتتى. مەن كارىۋاتنىڭ مۇزدەك تۇتقۇچىغا ئېسىلىۋالدىم.



— ئۇ كەلدىمۇ، نادىيە؟ — سۇبھى كۆزىنى ئاچماستىنلا سورىدى.

مەن جاۋاب بەرمەستىن يانغا قارىدىم.

— مەن كەلدىم، سۇبھى. مانا مەن كەلدىم.

سۇبھىنىڭ مەھكەم چۈپلەشكەن ئۇزۇن كىرپىكلىرى لەپپىدە ئېچىلدى. ئۇ ئاۋۋال

ماڭا قاراپ رەھمەت ئېيتقاندەك يەڭگىل كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئاندىن كۆزلىرىنى ئاستا-ئاستا ئۇدۇلدىكى تاتارغان چىرايىغا تىكتى. مەن سەل ئارقىغا داجىپ، ئورنۇمنى بوشاتتىم. ئۇ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن سۆيۈمىنىڭ ئاجىز بارماقلىرىنى قىستى. يۈزىگە، لەۋلىرىگە باستى. ھەر ئىككىسىلا كۆزلىرىنى يۇمدى. مەن سۆيۈمىنىڭ تۇرقىدىن ھېچقاچان كۆرمىگەن مەزلۇمانە بىر بويسۇنۇشنى، لەۋلىرىدىكى مەغرۇرلۇق، نەپرەتتىن ئەسەرمۇ قالمىغان چارىسىز بىر ئىنتائە تەمەنلىكنى كۆردۈم.

— سۆيۈمى. سىز... سىز چوقۇم ياخشى بولۇپ كېتىسىز، مەن سىزنى ئېلىپ كېتىپ داۋالىتىمەن. سىزمېنىڭ بەختىم. مەن سىزنى سۆيىمەن، سۆيۈمى!

ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇرالماي بوغۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

سۆيۈمى ھالسىز، نازۇك بارماقلىرى بىلەن ئۇنىڭ مەڭزىنى سىيلىدى. قولى ھېلىقى قاراخالىغا تەگكەندە ئىختىيارسىز ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى.

مېنىڭ ئۇلارغا يەنە قاراپ تۇرۇۋېرىشكە تاقىتىم قالماي، يۈزۈمنى ئوتقانچە سىرتقا يۈگۈردۈم...

شۇ كېچە تۈن نىسپى بىلەن سۆيۈملۈك دوستىمىزدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلدۇق. خالىۋەرنى ئۈچ كۈندىن بېرى كۆرمىگەن ئىدىم. بۈگۈن ئۇنى قەبرىستانلىقتىن تاپتىم. ئۇ تىزلانغانچە تۇپراقنى تاتىلاپ دۇم ياتاتتى. مەن ئۇنى ئاستا نوقۇدۇم. ئۇ ماڭا چەكچىيىپ قارىدى. ئۇنىڭ يۈزلىرى پاسكىنا، كۆزلىرى ئۆلۈكنىڭكىدەك خۇنۇكلەشكەن، مەڭىز سۆڭەكلىرى پولتىيىپ چىققان بولۇپ، جاۋغىيىدىن ئاپئاق كۆپۈك ئېقىپ تۇراتتى. گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرى دۈرۈت ئوقۇۋاتقاندەك توختىماي مىدىرلايتتى.

ئاھ، بەختسىز بىچارىلەر...

نالە 1970-يىلى ئاقسۇدا تۇغۇلغان. 1986-يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنغان. ھازىر شىنجاڭ رادىئو-تېلېۋىزىيە داشۆسى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك شۆبە مەكتىپىدە ئىشلەيدۇ. ئاپتور 1985-يىلدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. «مەڭگۈلۈك ھەسرەت» ئۇنىڭ تۇنجى يۈرۈشى بولۇپ، ئاپتورنىڭ ئۆزگىچە خاس بەدىئىي ماھارىتىدىن بېشارەت بېرىدۇ. بىز ئۇنىڭ ئىجادىيىتىگە يېڭىدىن زور مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمىز.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن

# سېنى دەپ ياشايمەن، ئەي يۈرەك يارىم

## ئوغلۇمغا

ئومىقىم، تۇغۇلدۇڭ قاراڭغۇ تۈندە،
ئىڭگەلەپ كېچىنى، ئويغاتتىڭ خۇش ۋاق.
ئالماشتى ئەندىشەم خۇشاللىق كۈنگە،
يېقىلدى قەلبىمنىڭ قەسرىگە چىراغ.
ئەمەستى تۇغۇلغان ئۆيۈڭ، جىگىرىم،
ھەشەمەت ئوردا يا چىرايلىق قەسىر.
لايسۇۋاق ئاددىيلا ئىككى ئېغىز ئۆي،
جابدۇقى ياغاچتىن، بىرىلمىگەن سىر.
دېرىزە ئالدىدا ئۆسەتتى گىلاس،
سەن ئۈچۈن چېچەكلەپ، مېۋىلەر تۇگۈپ.
شاڭگا ئۇز سۆزلەشنى ئۆگەتتەر ئىدى
تاڭ سەھەر شېخىغا تومۇچۇق قونۇپ.
گاھ سۇبھى پەيتىدە قىچقىرىپ خوراز،
تاللىقتا كاككۇكلار تۆكەتتى ناۋا.
بۆشۈكۈڭ تەۋرەتسە ئەللەيلەپ چولپان،
سۆيەتتى يۈزۈڭنى يېقىملىق سابا.
ئىشىكنىڭ ئالدىدا تونۇر ۋە ئوچاق،
پەلەككە ئۆرلەيتتى ئۈچ ۋاخ ئىس-تۈتۈن.
ئاشقىلا يېتەتتى نورمىلىق ئاق ئۇن،
سىرتقتال يۇرسەكمۇ يۈرەكلەر پۈتۈن.
پەرۋانە بولۇشۇپ تەۋەللۇت پەيتى

تۇغقانۇ، دوستلىرىم تۇرۇشقان قاتار.
كۆز ئاچساڭ ئالەمگە «سۆيۈنچە» بەر دەپ
خۇشاللىق ئىچىدە باققان ئىنتىزار.
ئاق ئىكەن ئاھ ئاشۇ ئادەملەر قەلبى
قەلبىگە ئىنسانلىق پەزىلەتلەر يار.
تار ئالەم قويىندا بويىنۇڭغا ئاستىڭ
كەڭ قورساق، ئاق كۆڭۈل مەردلىكتىن تۇمار.

چوڭ بولدۇڭ بالاغەت پەيتىگە يېتىپ،
يېگىتسەن، نەۋقىران، قامىتى چىنار.
ئومىقىم، گۈدەك دەپ ئويلىمىدىمەن يا،
غېمىڭدە ئۆتمەن تۈنلىرى بىدار.
يوقالدى ئاسايىش كۆڭۈللۈك كۈنلەر
غەم-ئەلەم، مۇسىبەت يۈرەكنى ئەزدى.
ئارزۇغا جەم ئىدى قەلبىڭ ئاسمىنى
ئاھ، ئەمدى چاقماقلىق بۇلۇتلار كەزدى.
ئاھ، مەسۇم كۆلكەڭنى يوقاتتى ئەلەم،
چوڭ قىلدىم پەپىلەپ، يېمەي يېدۈرۈپ،
ئۆمرۈڭنى، بەختىڭنى تىلەر ئىدىم تەڭ.
ھەممىگە باغرى كەڭ بىپايان ئالەم
نە ئۈچۈن ئاچىمدى قۇچىقىنى كەڭ.

بوۋاقلىق چاغلىرىڭ قۇياشتەك يارقىن،
كۆزۈمنىڭ ئالدىدا چاقنايدۇ روشەن.
يۇرتتىكى مېھرلىك ئاددىي شۇ كۈلبە
گويا كى گۈلباغدەك بولاتتى گۈلشەن.
كۆكسۈمنى ئۇشلايتتىڭ ئىمىسسەم سېنى،
يىغلىسام يىغلايتتىڭ، كۈلەتتىڭ كۈلسەم.
قەلبىمنىڭ ئۆيگە ئىدىڭ شامچىراغ،
تەنگە كۈچ، كۆزگە نۇر بېرەتتىڭ يۈرسەم.
ناخۇشلۇق ئىلكىدە كىرسەم ئۆيۈمگە
تەلپۈنۈش ئىلكىدە ئاچاتتىڭ قۇچاق.
ئانا دەپ، دادا دەپ گۈگىرساڭ تاتلىق،
خانەمىز، كۆڭلۈمىز بولاتتى گۈلباغ.
تۇلپارىم، دىدارىڭ كۆرمىسەم بىر كۈن
قۇياشلىق كۈنلەرمۇ ئايلىنار تۈنگە.
جان بالام، ئەگەردە يۈرسەممۇ باغدا
سېنىڭسىز گۈلباغمۇ ئايلىنار چۆلگە.
گەر ئاخشام دەر مەھەل كىرمىسەڭ ئۆيگە،
سەۋر ۋە بەردىشىم بولىدۇ تارمار.
ئالەمنى باسسىمۇ سۈكۈنات ئۇيقۇ،
تۈنلەرنى سۈبھىگە ئۇلايمەن بىدار.
ئەگەردە پارلىسا كۆزۈڭدە كۈلكە،
شادلىقتىن قۇياشتەك چاقنايدۇ چېھرىم.
قەلبىڭگە دەرد-ئەلەم سالغاندا سايە
ئوتتىكى قىل كەبى ئۆرتىنەر جىسمىم.
مۇبارەك، يىگىرمە بەش يېشىڭ ئوغلۇم
ساقلىق ۋە سائادەت تىلەيمەن ھەر كۈن.
سېنى دەپ ياشايمەن ئەي يۈرەك پارەم،
سەن بىلەن ئۆتىدۇ كۈنلىرىم گۈلگۈن.

1996-يىل مارت

## يۇلغۇن لىرىكىسى

(بالىلىرىمنىڭ ئانىسى، يازغۇچى قاھار جېلىل ۋاپاتىنىڭ ئىككى يىللىقىغا بېغىشلايمەن)

بۆشۈكتىن بوۋاقنى يەشكەندەك ئانا
ئويغاتتى يۇلغۇننى ئۇيقۇدىن ناھار.
قىياقلار لىۋۇدە باھار زەمزىمى
گويا كى ئالماستەك يالتىراپ تۇرار.
زېمىنغا تەپ بېرەر شەپقەتلىك قۇياش،
سۆيمەككە قۇملۇقنى دەريا ئالدىرار.
زەبەردەس تاغلارنىڭ چوققىلىرىدا
چاقلىغان خەنجەردەك يالتىرايدۇ قار.

ئوت ئالدى ۋۇجۇدى زېمىننىڭ بۇ دەم
قۇياشنىڭ نۇرلىرى قىزىشىپ غايەت.
كۆكلەتتى يالپۇزنى، بىخلاتتى تالنى،
جاندارلار قەۋمىگە بەردى جاسارەت.
زېمىننىڭ كۆكسىدە ياتار بىر يۈرەك
ئۇرغۇتۇپ جىسمىدىن ئىللىق ھارارەت.
ئاندەك مېھرىبان يېڭىبىرىقنىڭ ئۇ
يۇلغۇننى، قۇمنى سۆيەر نىھايەت.
قان رەڭلىك بىخ نوتا چىقاردى يۇلغۇن،
ئۇزاق قىش قەلبىدە قويمىغاچ تاقەت.

بۇ يىلمۇ ئالدىراپ سەپ تارتتى تۇرنا،
ئاھ مۇڭلۇق كۈيلىرى قىلار تىلنى لال.
بۇ يىلمۇ شارقىراپ باھارنىڭ سۆيى
گۈل-گىياھ قەۋمىنى ئويغاتتى دەرھال.
قەبرىگاھ يېپىندى چىرايلىق لىباس،
باش ئېگىپ ئەسسالام دەيدۇ مەجنۇن تال.
يۇلغۇنلار باغرىدا زېمىننىڭ ئوغلى،
ياتىدۇ قۇچاقلاپ يەرنى جانىجان.
تۇغۇلغان يۇرتىغا مۇھەببەت باغلاپ،
ياتىدۇ خىزىردەك ئاق كۆڭۈل ئىنسان.

ياش ئىدى، ئەقلىدە تاپقانتى كامال،
پەيغەمبەر يېشىغا يەتمىگەن تېخى.
بىجىرىم ئوتتۇرا بوي، كېلىشكەن قەددى
يىگىتلىك پەسلىدىن كەتمىگەن تېخى.
زېھنىمۇ، پىكرىمۇ ئىدى بەك چوڭقۇر،
شىرنىگە تولغانتى ئىجادىنىڭ بېغى.
نە ئۈچۈن بالدۇرلا كەپقالدى كەچكۈز،
بىمەھەل قۇرىدى ئۆمۈر دەرىخى.
تىكىلدىم يۇلغۇنغا، ئوت ئالدى جىسمىم،
كۆز يېشىم قۇيۇلدى بۇلاقتەك سېخى.

سۇئاللىق نەزەردە پەلەككە باقتىم،
قۇياشتىن زېمىنغا تۆكۈلەر زىيا.
يوشۇردى يارنى دەپ زېمىننى چاقتىم،
ئانىغا ھال ئېيتقان كەبى جان بالا.
ئاشۇ دەم زېمىندىن ياڭرىدى سادا:
سال قۇلاق، تىڭشىغىن، ھۆسنۈمگە قارا.
كۆكەردى مەجنۇنتال، ياساندى ئېتىز،
ۋادىغا سىن بېرىپ كۆكەردى قىيا.
يەتكۈزەي مەن ساڭا ئامانەت سۆزنى
مۇزەببىك قۇت، ساقلىق تىلەيدۇ ساڭا.

قىش كەتتى ئۇيقۇدىن ئويغاندى زېمىن،
كەلمەكتە باغلارنى يېتەكلەپ باھار.
بۇلاقلار كۆزىدە جۇدالىق يېشى،
قەلبىگە دەرد-ئەلەم بولغانمىكىن يار.
شىلدىرلار يۇلغۇنلار باردەك بىر گېپى،
يىلدا بىر كەلدىنىڭ دەپ ئالغانمىكىن ھار.
قەبرىدە چىمەنلەر بولۇپتۇ رەققاس،
شام-سەھەر كۈي تۆكۈپ بېرىدۇ قۇشلار.
مەن بولسام دەردى كۆپ، باغرى قان كاككۇك
ياش تۆككەن سارغىيىپ تۈنلىرى بىدار.
روھىغا مەن شۇنداق ئەيلىدىم دۇئا:
جەننەتنىڭ ھۆرلىرى كۆرسەتسۇن دىدار.
قۇرىدى يېشىمۇ، ئاۋۇندى كۆڭلۈم،
گوياكى تىرىلىپ كەلگەندەك قاھار.
تۇرغاچقا قېشىمدا بولۇپ يار-يۆلەك،
ئارزۇلۇق پەرھات ۋە شىرئەلى قاتار.

1996-يىل مارت

## ئادەملەر

زەر قۇياشلىق ئاپتاپلىق ھۆر كۈن
باشلىرىڭغا تاقىغاندا زەر تاج؛
شادلىقىڭغا ئورتاق ئادەملەر
كۆكرىكىڭگە تاقايدۇ گۈلتاج.

سەن قۇچقاندا ئۇتۇق ھەم شۆھرەت
ئاھ ئادەملەر بولىدۇ بىللە.
سەن تاپقاندا بايلىق، مۆجىزە،
ئىسمىڭ ئاڭا بولىدۇ قىبلە.

ئەگەر سەن شاد تويلار تويلىساڭ
ئۇلار ساڭا بولىدۇ قولداش.
بەخت، شادلىق ئىچرە سويلىساڭ
ئۇلار ساڭا بولىدۇ يولداش.

گەر بېشىڭغا كەلسە دەرد-ئەلەم
ئاھ، بۇ ئالەم ئۆزگىرەر پۈتۈن.
ئاھ ئادەملەر ئىچرە ئادەملا
ساڭا ھەمدەم بولىدۇ شۇ كۈن.

1996-يىل نويابىر

رەيھانگۈل نىزام

# جان ئۇزاتتىڭ روھىمغا مېنىڭ

## كەلگىنە ئەي ناتونۇش يىگىت

ئىزدەپ مېنى كەلمىدى ھېچكىم،
ھېچكىممۇ ياد ئەتمىگەن چېغى.

كەلگىنە ئەي ناتونۇش يىگىت
ئىسمىڭنىمۇ دېمىگىن ماڭا.
مۇڭدىشايلى داستىخان تۈزۈپ،
دوستلۇق مەيى ئۇزىتاي ساڭا.

ئاينى تاپسام ھەمراھ بولۇشقا،
سۆزلىمىدى (گاچا ئىكەن ئۇ.)
ئېرىقلارغا تۆكسەم سىرىمنى،
پەرۋاسىزلا ئېقىپ كەتتى سۇ.
ياپراقلارغا سۆيگۈ ئىزھار قىپ
ئاۋارىكەن مەيىن شامالمۇ.
يەر-زېمىنغا ئىكەن ئاشنا
ۋاقىتلىقلا سېخىي باھارمۇ.

سەنلا پەقەت ناتونۇش يىگىت،
قاراپ قالدىڭ گۆڭگا چىراغقا.
كىملەرنىدۇ كۈتكەندەك گويا
نەزەر سالدىڭ بەكمۇ يىراققا.

كەل بۇياققا، ناتونۇش يىگىت
دوستلۇق مەيى ئۇزىتاي ساڭا.
كۈتكەنلىرىم مەۋھۇم بىر نىشان،
بىر ئۆمۈرلۈك ھەمراھ بول ماڭا...

## دەسلەپكى چاغلار

مەن ئەتىنى كۈتىمەن شۇنداق،
سەن ئەتىنى بەرگەنگە قەدەر.

جان ئۇزاتتىڭ روھىمغا مېنىڭ،
باھار بەردىڭ زىمىستانىمغا.
سىرلىق بىر كۈي ئۇزاتتىڭ يەنە،
ئەي دىلبىرىم، كۆيىستانىمغا.

كۈيلىرىڭگە يازمىدىم نوتا،
باھارىڭغا تېرىمىدىم گۈل.
چالساڭمۇ سەن سۆيگۈ مۇقامى،
كۈيلىرىڭگە بولالمىدىم جۆر.
رەنجىمىگىن، كۈتكىن بىر مەھەل،
(كۈتەلمىسەڭ كەتسەڭمۇ مەيلى)
ساڭا بېقىپ يېتىلەر سۆيگۈ،
مۇھەببەتنىڭ شۇمىكىن پەيلى؟

بىلقىز سۇلايمان

# ئائىلە قوشاقلىرى

## ئىپارگۈل

ئوماق قىزىم ئىپارگۈل
يەتتە ياشقا تولدى ئۇ.
بوقچا ئېسىپ چىرايلىق
مەكتەپكە ماڭدى ئۇ.

ئا، ب، س نى ھەۋەستە
باشلىۋەتتى يېزىشنى.
گويا ئىلىم كانىدىن،
ئالتۇن-گۆھەر قېزىشنى.

ئىشلەپ بولماي تاپشۇرۇق،
كۆڭلى تارتماس تاماققا.
ئۆگىنىشى تۈگمەي
قارىمايدۇ قورچاققا.

## ئاكا-سىڭىل

ماگار كۇندە مەكتەپكە
بوقچا ئېسىپ ئۇمىقىم.
مەرىپەتكە ئىشقىنى
بەرگەن ئوغۇل-قىزچىقىم.

يول كۆرسىتەر ئاكىسى
سىڭلىسىغا كۆيۈنۈپ.
خۇش بولىدۇ ئۆزىچە،
بۇ ئىشىدىن سۆيۈنۈپ.

ئېلىپبەنى زېرىكمەي،
سىڭلىسىغا ئۆگىتەر.

تۇرسۇننىسا ئوسمان

خاتا بولسا خەتلىرى،
ئېرىنمەستىن تۈزىتەر.

قاراپ ئاگا زوقلىنىپ،
دىلىم چەكسىز سۆيۈندى.
ئىستىقبالى ئۇلارنىڭ
كۆز ئالدىدا كۆرۈندى.

## بۆجەن

خاپا بولماي بۆجىنىم
ئويناپ تۇرغىن كەلگىچە.
ئۇقۇمسام بولمايدۇ،
كىردىم چۈنكى يەتتىگە.

كۆنۈپ كەتكەن ئىككىمىز،
بىللە ئويناپ تاقىلىشىپ.
ئانام ئىشتىن يانغىچە،
ئۇنى كۈتۈپ ساقلىشىپ.

ئەمدى كىچىك ئەمەسمەن،
ئۆستى خېلى بويۇممۇ.
ساڭا ھەرگىز ئوخشىماس،
قىلىقىممۇ-خۇيۇممۇ.

## يىللار سەھىردە

مەنزىلى قايانىدۇر، كەلمىشى قايىدىن،
يىل، ئاي، كۈن سەپ تارتىپ سەپەردە دائىم.
جاھانغا رەڭ بېرەر، ھاياتقا نەقىش،
ئۇ ئالقىش-زەپەردە، خەتەردە دائىم.

كۈن-ئايلار ئۇزايدۇ، يۈرەكتە بىر ئوت
خۇشلۇقمۇ، قايغۇمۇ يانار لاۋۇلداپ.
يىل ئۆتسە ئەل ۋە يۇرت قۇچىدۇ نۇسرەت،
يىل ئۆتسە ئۆمۈرمۇ بارار قىسقىراپ.

قېرىشنى خالىماس ھېچكىممۇ ئەسلا،
ۋە لېكىن چاچتا ئاق باردۇ چىقلاپ.
مەڭگۈلۈك بولمايدۇ ھېچنەرسە پەقەت،
كونىسى كەلتۈرەر يېڭىنى چىللاپ.

ئەسلىسەم رەڭدار گۈل قىسىپتۇ كۈنلەر،
مېدالمۇ چاقناپتۇ ۋاقىت كۆكسىدە.
ئىستىقبال قەسرى پۈتمىدى، شۇڭا
يۈك ئېغىر ئادەملەر، يىللار ئۈستىدە...

ئامىنەم ئابدۇۋەلى

# ھالقىش

خىيالىم پەر قاقتى ئۇپۇقتىن ھالقىپ،
ئۇپۇقنىڭ قۇچىقى يەتمىدى ئاڭا.
مەن ئاڭا يېتىشىپ بولدۇم بىر سەيياھ،
رېئاللىق خورسىندى يېتەلمەي ماڭا.

قۇياش كەبى ئۇپۇقتىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ،
خىيالىم كۆكنى ئەيلىدى ماكان.
كۆزۈم كۈن نۇرىنى چاچتى دۇنياغا،
ئۇ دەم مەن ھاياتقا بولدۇم پاسىبان.

روزىگۈل سادىر

# سەھەر لىرىكىسى

1

سۈزۈلمەكتە سۈبھىدە بوشلۇق،
توپ-توپ بۇلۇت يۈرىيدۇ ئەگىپ.
قىرغاقلاردا قەدىم قومۇچلۇق
نەم ھاۋادا تۇرىدۇ سەگىپ.

چۈمۈللەر ئىزدىشەر ئۇۋا،
ئۈچۈپ يۈرمەس دالىدا توزغاق.
قاياقتىدۇر پادىچى بالا
راۋاپ چېلىپ، ئېيتىدۇ قوشاق.

ياپراقلارنىڭ بەرگىدە شەبنەم،
كۆلەڭگىلەر كېلەر ئۈزىراپ.
ھوشسىزلىنىپ قۇياشمۇ بۇدەم،
تاغ كەينىگە كەتتى دومۇلاپ.

2

جىمجىت سەھەر، يېشىنەر دۇنيا،
ۋادىلارغا تىكىلەر كۆزۈم.
چوقچىيىدۇ يىراقتا قىيا،
خىيال بىلەن تۇرىمەن ئۆزۈم.

بۆدۈنىلەر سەكرىشىدۇ تېز
ئېگىزدىكى دانلارنى تېرىپ.
جىرالارنى سۆيەر تىنىمسىز
قىزغۇچ نۇرلار بوشلۇقنى يېرىپ.

ئاقۇچ بۇلۇت سۈرۈلەر ئاستا،
تاغ ئۈستىدە لەيلەيدۇ مانان.
گىتارىنى تۇتۇپ ئۇ قاشتا
مۇڭ چىقىرىپ كۈيلەيدۇ جانان.

قارىچۇقۇمغا مۇڭداش قەتىرلەر،
گۈل بەرگىدە چۈشەيدۇ بۇ دەم.
تىنىقىدىن چىچىپ ئەتىرلەر،
گۈزەللىككە چىرمىشار ئالەم.

ھەر سەھىرى چۆمسەن زوققا،
زېمىن شۇنداق ئاچقاندا ئېتەك.
قارىچۇقۇمنى چىتىپ ئۇيۇققا،
ئۇندەر مېنى جەڭگە كېلىچەك.

ئامىنەم مىجىت كەۋسەر

## كۈلكىڭ بىلەن رەڭلەنسۇن ئالەم

ھارۋىكەش بۇ دۇنيا سىلكىيدۇ قامچا،
قىسمەتنىڭ چاقلىرى قالمايدۇ توختاپ.
ئادەملەر تىنماستىن سۆرەيدۇ ھارۋا،
تۇرمۇشنىڭ يۈكىدىن مۈكچىيىپ، قاقشاپ.

قىسمەتلەر دەۋرىي بوپ كېلەر دەممۇ دەم،
ئىنسانغا چاقچاقتەك، غەپلەتلىك چۈشتەك.
مۇھەببەت-ئىلاھنىڭ تۇپان سۈيىدە
لەيلىگەن نىجادكار نۇھ كېمىسىدەك.

قان-تەرلەر ئىزىدىن پۈتەر كەڭ يوللار،
ئىنساننىڭ ئالەمگە قالدۇرغىنى شۇ.
بىر ئۆمۈر تېپىلماس بەختنى قوغلاپ
ئارماندا ئۆرتىنەر يۈرەكلەر مەڭگۇ.

شۇ سەۋەب دوستلارنىڭ مەرھەمىتىگە،
شارابسىز، مېۋىسىز سۇنىما بىر رەت جام.
سەن غەيۇر ياشىغىن مەردلىك تۆرىدە،
كۈلكەڭدىن رەڭلەنسۇن، زوقلانسۇن ئالەم.

ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر



# توي كۆلەنگىسى

(ھېكايە)

ئۆكتەبرنىڭ باشلىرى ئىدى، غۇلجىغا كېلىشىم بىلەنلا، خۇددى ماڭىلا قاراپ تۇرغاندەك، ھاشىم ھاجىكامنىڭ قىزىنىڭ تويى باشلىنىپ كەتتى. ھاشىم ھاجىكام دادامنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى ئىدى. ئالدىنقى يىلى ئىستامبولدىكى چوڭ ئوغلى بىلەن ھەرەمگە بېرىپ ھەج-تاۋاب قىلىپ كەلگەندىن بېرى ئۇنىڭ «بوستان» مەھەللىسىدىكى يۈز-ئابرويى تېخىمۇ كۆتۈرۈلۈپ، تۆتىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى ئىستامبول، ئالمائاتا ۋە ئۈرۈمچى ئارىلىقىدا قاتناپ يۈرۈپ سودا بىلەن شۇغۇللىنىپ نۇرغۇن پۇل تاپتى، ئىككى يەرگە ئۈچ قەۋەتلىكتىن بىنا سېلىپ، بىنانىڭ ئىچى-تېشىنى نەچچە ئون مىڭ يۈەن پۇل خەجلەپ زىننەتلىدى. ئىلگىرىكى پىكاپلىرىنى ياراتماي سېتىۋېتىپ، گېرمانىيىنىڭ «مېرسېدېس» ماركىلىق ئىككى پىكاپنى سېتىۋېلىشتى. ئۇلار تېخى يېقىندىلا «سىڭلىمىزنىڭ تويىغا ئىشلىتىڭ» دەپ دادىسىغا يىگىرمە تۈمەن پۇل بەرگەنىدى. شۇڭا قىزىنىڭ تويىغا قانچىلىك پۇل كەتسىمۇ ھاشىم ھاجىكامنىڭ بۇرۇتى تەۋرىمەيتتى.

مەن ھاشىم ھاجىكامنىڭ ھويلىسىدا ئالتە قېتىم ئېسىلغان قازانغا داخىل بولدۇم. ئەلچىلەر كېلىپ قىز-يىگىتنىڭ توي كۈنى بېكىتىلگەندىن كېيىن ئەڭ ئاۋۋال «رەھمەت-تەزىم چېيى» ئۆتكۈزۈلدى. بۇ چايغىمۇ ئۇرۇق-تۇغقانلار ئەر-ئايال قاتناشقاندىن باشقا ئۈچ-تۆت يۈزدەك ئەرلەر قاتنىشىپ يوغان قازان ئېسىلدى. «رەھمەت-تەزىم» چېيىدىن كېيىن داغدۇغىلىق «ئاقلىق-چاي» ئۆتكۈزۈلدى. «ئاقلىق چاي» دىن كېيىن «مال تاپشۇرۇش چېيى» ئۆتكۈزۈل-

دى. بۇ چايغىمۇ ئۈچيۈزدىن ئارتۇق ئەر-ئايال قاتناشتى. مېھمانلارغا نەچچە خىل تاماق ئېتىلىپ مول داستىخان سېلىندى. يىگىت تەرەپ يوغان بىرماشىنىدا بىر توپاق بىلەن تۆت بورداق قوي، تاغار-تاغار گۈرۈچ، يۈز كىلو ماي، نەچچە تاغار سەۋزە، نەچچە ئون تاختا چاي، نەچچە يەشىك قەن-گېزەك ۋە باشقا لازىملىق نەرسىلەرنى ئېلىپ كەلدى. مۆڭگۈزلىرىگە قىزىل لېنتىلار باغلانغان توپاق بىلەن بورداق قويلار ئېلىپ كىرىلگەندە ھويلا ئىچى توي تەنتەنىسىگە چۆمۈپ باشقىچە جانلىنىپ كەتتى... «مال تاپشۇرۇش چېيى» دىن كېيىن توي بولدى، ئەتىگەندىن كەچكىچە مېھمانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. تويغا كەلگەن ئادەمنىڭ سانى مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. تويدىن كېيىن «چىللاق چېيى» ئۆتكۈزۈلدى. «چىللاق چېيى» غىمۇ قۇدىلار ۋە ئۇرۇق-تۇغقان، قولۇم-قوشنىلار بولۇپ ئىككى يۈزدىن ئارتۇق كىشى چاقىرىلدى. پېتىر مانتا بىلەن پولۇ ئېتىلىپ ھەشەمەتلىك داستىخان سېلىندى. «چىللاق چېيى» دىن كېيىن «قىزنى جۈمەلتىش چېيى» ئۆتكۈزۈلدى. «قىزنى جۈمەلتىش چېيى» — قىزنى يېقىن دوستلىرى بىلەن جۈمە كۈنى سالامغا ئەكىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇرۇق-تۇغقانلار، قولۇم-قوشنىلار چاقىرىلىپ بىرنەچچە خىل تاماق ئېتىلىدىغان چاي ئىكەن. بۇ چايغىمۇ ئەر-ئايال بولۇپ ئىككى يۈزدىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى...

ھاشىم ھاجىكامنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئالتە خىل چاي ھەققىدە تەپسىلىي توختالساق قەغەز توشمايدۇ. كىتابخانلىرىمىزنى زېرىكتۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن پەقەت شۇ چايلارنىڭ بىرى بولغان «ئاقلىق چاي» نىڭ قانداق ئۆتكۈزۈلگەنلىكىنى ئېيتىپ بەرمەكچىمەن.

ھاشىم ھاجىكامنىڭ ئون نەچچە ئېغىز ئۆيى گۈللىرى ئۇتقاشتەك چاقناپ تۇرىدىغان يوغان خوتەن گىلەملىرى بىلەن بېزەلگەنىدى. نەچچە ئونلىغان قىز-كېلىنلەر دۇخاۋىدىن پەرتۇق تارتىشىپ، پۇتىغا چىرايلىق قىزىل مەخمەلدىن ساپما كەش كىيىشىپ، مەيدىسىگە گۈل تاقىغان ھالدا ئۇ ئۆيدىن بۇ ئۆيگە يۈگۈرۈشۈپ يۈرەتتى. ئۇلار ساراي ئۆيلەرگە تامنى چۆرىدەپ خاسدەن تاۋار ۋە ئەتلەسلەردىن تىكىلگەن كۆرپىلەرنى سېلىشاتتى. پېشايۋاندىكى ئۇزۇن ئۈستەلگە دەستە-دەستە قىلىپ ئەجدىھا سۈرەتلىك چىرايلىق پىيالىلەرنى، چاي قۇيىدىغان چۆگۈن-چەينەكلەرنى تىزىشاتتى. قولغا سۇ بېرىدىغان ئاپتۇۋا-چىلاپچىلارنى ھازىرلىشاتتى.

مەن قازان بېشىدا ھاشىم ھاجىكامنىڭ بىرنەچچە ئەر تۇغقانلىرى ۋە قۇدىلىرى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتىم. «ئاقلىق چاي» غا تۇغقانلارنىڭ ئەرلىرىمۇ چاقىرىلغانىدى. بوستان مەھەللىسىدە داڭقى بار ئاشپەز مىجىت قارىي ناھايىتى تۇجۇپىلەپ پولۇنىڭ سەۋزىسىنى قورۇۋاتاتتى. نېرىدا باغقا يانداش تامنىڭ تۈۋىدە يەنە بىر قازاندا گۆش پىشۇرۇلۇپ قورداققا تەييارلىق قىلىنىۋاتاتتى. يەنە بىر چەتتە ھاشىم ھاجىكامنىڭ ئىككى ئوغلى يوغان ئاق چېلەكتە رىشالە ئېتىش بىلەن بەنت ئىدى.

ئاشپەز ئۇستام رىشالە ئېتىۋاتقانلارغا قاراپ:

— ھەي، باللار، بولدى قوچۇۋەرمەڭلار، ئەمدى ئۇستىگە قىيامنى قۇيۇڭلار، قوچۇۋەرسەڭلار تەمى قالمايدۇ، — دېدى.

رىشالە ئېتىۋاتقانلار ئەمدى قوچۇشنى توختىتىپ چېلەككە كورىدىكى قىيامنى قۇيدى-دە، چوكا بىلەن يەنە بىرنەچچە قېتىم قوچۇغاندىن كېيىن ئاغزىنى يېپىپ قويۇشتى.

قازان بېشىنىڭ يېنىدىكى ئاشخانا ئۆيدە يەتتە-سەككىز ئايال پەتنۇس تىزىش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ھەر بىر پەتنۇسقا نان، بولكا، سامسا، باقالى، ناۋات، چاقماق قەنت، ئېرىس كەمپۈت، پاتازا، شاكىلات، قاق بەلىش، تۇش ۋە ھەر خىل پېچىنىلەردىن بولۇپ ئون نەچچە خىل تاتلىق-تۈرۈم تىزىلاتتى. شۇنچە كۆپ نەرسىنى پاتقۇزۇش ئۈچۈن يوغان پەتنۇس بولمىسا بولمايتتى. ھاشىم ھاجىكامنىڭ ئۆيىدىكى يۈز نەچچە يوغان پەتنۇس يېتىشمەي، قولۇم-قوشنىلارنىڭ ئۆيىدىن پەتنۇس سوراپ چىقىشتى. پەتنۇسلار بىر ئايالغا بىردىن تارتىلاتتى. ھەر بىر پەتنۇسنىڭ ئاستىغا يوغان ئاق سۇلياۋ خالتا سېلىنغانتى.

كۈن پېشىندىن ھالقىپ قالغانىدى، ئاش دۈملىنىپ، قورداقمۇ پىشاي دەپ قالدى. ئاياللار مەھەللە-مەھەللىدىن توپ-توپ بولۇپ كېلىشكە باشلىدى. بىر سائەتكە قالماي دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كىچىك ماشىنىلار، مىنبۇسلار، خادىك ھارۋىلار توشۇپ كەتتى. ھەممىنىڭ ئاخىرىدا ھاشىم ھاجىكامنىڭ قۇدىسى سېلىم بايۋەچچىنىڭ ئايالى پاشا خېنىم تۇغقانلىرى ۋە قولۇم-قوشنىلىرى بىلەن ساندۇق، يەشىكلەرنى، چوڭ-كىچىك بوپىلارنى ياش باللارغا كۆتەرتكۈزۈپ ھەيۋەت بىلەن كىرىپ كېلىشتى. ھاشىم ھاجىكامنىڭ ئايالى ئايىمخان ھاجىم ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ بىر-بىرلەپ يۈزىنى يېقىپ كۆرۈشتى-دە، ئۇلارنى مېھمانخانىغا باشلىدى.

ھاشىم ھاجىكامنىڭ قۇدىسى سېلىم بايۋەچچىمۇ بوستان مەھەللىسىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن بايلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى تۈركىيىدە رېستۇران ئېچىپ ناھايىتى بېيىپ كەتكەنىدى، ھازىر تويىنى قىلىۋاتقان كىچىك ئوغلىمۇ تاشكەنتتە سودا بىلەن شۇغۇللىنىپ خېلى كۆپ پۇل تاپقانمىش. سېلىم بايۋەچچە چوڭ كوچىنىڭ دوقمۇشىغا يېڭىدىن سالغان ئىككى قەۋەتلىك ماگىزىندا ئوتتۇرانچى ئوغلى ۋە بىر نەۋرىسى بىلەن بىللە پۈتۈنلەي چەت ئەلنىڭ ماللىرىنى، كىيىم-كېچەكلىرىنى ساتاتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن تويغا ئون-يىگىرمە تۈمەن پۇل كەتسىمۇ ھېچقانچە بىلىنمەيتتى.

ئالدىغا پەرتۇق تارتىشقان قىز-كېلىنلەر مېھمانلارنىڭ قوللىرىغا سۇ بېرىپ گىلەملەرنىڭ ئۇستىگە داستىخان سېلىشتى. ھەر بىر ئايالنىڭ ئالدىغا بىردىن جەمئىي ئىككى يۈزگە يېقىن پەتنۇس تارتىلدى. پەتنۇسلاردىن باشقا داستىخانغا تىزىۋېتىلگەن مايلىق توقاچ، رىشالە، ئالما، نەشپۈت، ئۈزۈملەرمۇ كۆزنىڭ يېغىنى يەپ چاقناپ تۇراتتى.

قازان بېشىدىكى ئەرلەرنىڭ بىر قىسمى

ساھىبخانىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئايرىم ئۆيگە كىرىپ كېتىشتى. مەن ھويلىدا ئولتۇرۇپ جىنراق نەرسىلەرنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈشنى خالايتتىم، شۇڭا ساھىبخان شۇنچە زورلىسىمۇ ئۇزرە ئېيتىپ بىرنەچچىمىز قازان بېشىدىلا سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرۇشتۇق.

چاي قۇيۇلدى. ساھىبخان: «قېنى، مەزەلەرگە بېقىشسىلا!» دېيىشى بىلەن تەڭلا مېھمانلار داستىخانغا قول سېلىشتى. ئالدى بىلەن مايلىق توقاچلارنى ئۇشتۇپ رىشالىگە ملەپ ھۆزۈرلىنىپ يېيىشتى (ھەر بىر ئايالغا بىر سىركايدىن رىشالە تارتىلغانىدى). ئاندىن مېۋىلەرگە بېقىشتى. ئالما، نەشپۈتلەرنى بىردىن، ئىككىدىن ئېلىشىپ يانچۇقلىرىغا سېلىشتى. چايدىن كېيىن قورداق، پولۇ تارتىلدى. ئارىدىن بىر سائەت ئۆتمەيلا داستىخان قۇرۇقدىلىپ، پەتنۇسلاردىكى تاتلىق-تۈرۈملارمۇ سۇلياۋ خالتىلارغا سېلىنىپ بولدى، بىراق ئىككى ئايالغا بىر تاۋاقتىن تارتىلغان قورداق، پولۇلار تۈزۈك يېيىلمەي، قارا گۆشلىرىلا يېيىلىپ شۇ پېتى قايتىپ چىقتى. مەن ئېشىپ قالغان پولۇ، قورداقلار قازانغا تۆكۈلۈۋاتقاندا نېمە ئۈچۈندۇر ئىختىيارسىز ھالدا نامرات رايونلاردىكى كونى سېرىقتال ئۆتتۈۋاتقان دېھقان قېرىنداشلارنى ئەسلەپ قالدىم. قاراڭ، بىرىيەردە يەيدىغانغا ئېغىز يوق، ئىسراپچىلىق ئەدەپ كېتىۋاتقان، بىر يەردە خەقلەر ئاچ قورساق زارلاپ ئۆتتۈۋاتقان... نېمە دېگەن تەڭسىزلىك-ھە!

داستىخانلار يىغىشتۇرۇلۇپ قولغا سۇ بېرىلگەندىن كېيىن مېھمانلار دۇئا قىلىشىپ ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىشتى. ئاياللار ھويلىغا چىققاندا ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا يوغان بىرنەچچە پارچە گىلەم سېلىنىپ، گىلەمنىڭ بىر چېتىگە يوغان ئىككى ئورۇس ساندۇقى، نەقىشلىق بىر يۇرۇش ياغاچ ساندۇق، يەشىكلەر قويۇلۇۋاتاتتى. دۇخاۋىدىن پەرتۇق تارتىۋالغان يۈزى ياپىلاق، ئاق سېمىز، ئەللىك ياشلاردىكى بىر ئايال خىزمەت قىلىۋاتقان بىرنەچچە قىزلارنىڭ ياردىمى بىلەن يەشىكلەردىكى قەن-گېزەكلەرنى پەتنۇسلارغا تىزىشقا باشلىدى. بىر پەستىلا چوكا-چوكا ناۋاتلار، پاشكىلىق قەنتلەر، تورتلار، تۇشلار، بولكىلار، ئېرىس كەمپۈتلەر، پاتازىلار، شاكىلاتلار، باقاللار، مەنپەسلەر، ھەر خىل پېچىنلەر گىلەمىنىڭ يۈزىنى قاپلىدى. ھەر خىل نازۇ نېمەتلەر خۇددى گۈلزارلىقتىكى خىلمۇ خىل ئېچىلغان گۈللەرنى ئەسلىتەتتى.

بىر چاغدا ھېلىقى ئاق سېمىز ئايال ئەتراپىدىكى مېھمانلارغا قاراپ: «تۇغقانلار، خېنىملار، بىردەم جىم تۇرۇشسىلا، ھەر قايسىلىرى كۆرۈپ تۇرغان بۇ پەتنۇستىكى نەرسىلەر يىگىت تەرەپنىڭ ئەكەلگەن تاتلىق، تۈرۈملىرى!» دەپ توۋلىدى.

— ياپىر، قەن-گېزەكلەرنىلا سەكسەن پەتنۇس ئەپكەپتۇ! — دېدى قازان بېشىدىكىلەردىن بىرى. بىز ھەيران بولغان ھالدا بىر-بىرىمىزگە قارىشىپ قالدۇق.

قەن-گېزەكلەر يىغىشتۇرۇلغاندىن كېيىن ھېلىقى ئايال يوغان ئورۇس ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئاچتى:

— مانا بۇ قىزغا چەت ئەلدىن ئالدۇرغان يازلىق، كۈزلۈك، قىشلىق ئېسىل

پەلتولار، مانا بۇ خورۇم پەلتوسى، مانا بۇ خورۇم چاپىنى، مانا بۇ كاستيۇم-يوپكىسى توت قۇر، جىلك سارجىدىن، مانا بۇ ھەر خىل ئىپسىل پوپايكىلار...

بىر پەستىلا گىلەمنىڭ ئۈستىگە ھەر خىل پەلتولار، كاستيۇم-يوپكىلار، ھەر خىل شىرىس رەختلەردىن، شىپىك دوخاۋىدىن، خان ئەتلەستىن، گىرىپتشىندىن تىكىلگەن خىلمۇ خىل كۆڭلەكلەر، ئىتالىيىنىڭ داڭقلىق ئۆتۈكلىرى، توپلىيلار، قاما قولاقچا ۋە قىممەت باھالىق يازلىق، قىشلىق ياغلىقلار، ئالىي دەرىجىلىك ئىچ كىيىملەر، نىپىز-قېلىن پايپاقلار ۋە تويلۇق كىيىمى پەتنۇس-پەتنۇسلار-دا قاتار تىزىلىپ كەتتى. تىزىلغان كىيىم-كېچەكلەرنىڭ كۆپلىكىدىن كۆز قاماشاتتى. قىزغا ئىبلىنغان كىيىم-كېچەكلەر تىزىلىپ بولغاندىن كېيىن يوغان بىر پەتنۇسقا ئالتۇن بېزەكلەر تىزىلىشقا باشلىدى: ھەر بىرى ئاتمىش گىراملىقتىن بىر جۈپ ئالتۇن بىلەيزۈك، بىر ئالتۇن سائەت، بىر جۈپ ئالتۇن ھالقا، ئىككى جۈپ ئالتۇن ئۈزۈك، ئالتۇن زەنجىر، ئالتۇن بولاپكا، ئالتۇن مىدالىيون... مېھمانلار قىزغا ئىبلىنغان ئالتۇن جابدۇقلارنىڭ كۆپلۈكى ۋە خىللىقىغا ھەيران قېلىشتى.

قىزنىڭ كىيىملىرى ۋە زىبۇ زىننەتلىرى بىلەن گىلەم لىپمۇلىق تولغاندى. گىلەم ئىككىنچى قېتىم يىغىشتۇرۇلدى. ساندۇق ئاچقۇچى ئايالنىڭ ئىبلان قىلىشى بىلەن ئەمدى يىگىت تەرەپنىڭ قىزنىڭ ئاتا-ئانە-سى، بىر تۇغقانلىرى، تاغىلىرى، ھامملىرى ۋە يېقىن دوستلىرى، قولۇم-قوشنىلىرىغا قىلغان ماللىرى گىلەمگە تىزىلىشقا باشلىدى.

قىزنىڭ ئاتا-ئانىسىغا دۇراپتىن پەلتولۇق ۋە بىردىن ئىپسىل پوپايكا، بىر تۇغقانلىرىغا گاباردىيوندىن، سارجىدىن پەلتولۇق، تاغىلىرىغا جىلك سارجىدىن كاستيۇم-بۇرۇلكە-لىق، ھامملىرىغا كاستيۇم-يوپكىلىق، قولۇم--قوشنىلىرى ۋە يېقىنلىرىغا شىپىك دوخاۋى-دىن، خان ئەتلەستىن كىيىملىكلەر قويۇلدى...

ھاشىم ھاجىم بوستان مەھەللىسىدىكى ئۇرۇق-جەمەتى ئەڭ كۆپ كىشى بولغاچقا، سەكسەن كىشىلىك مال قويۇلسىمۇ، قايسىدۇ بىر شىرەم تۇغقىنى قېلىپ قالغاچقا، يەنىلا كۆڭۈل ئاغرىقىدىن خالىي بولالمىدى.

گىلەم ئۈچىنچى قېتىم يىغىشتۇرۇلغاندىن كېيىن ھېلىقى ئايال ئۈنىنىڭ بارىچە توۋلاپ، ئەمدى قىز تەرەپنىڭ يىگىتكە ۋە ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىغا، تۇغقانلىرىغا قىلغان كىيىم-كېچەكلىرى، ماللىرى قويۇلىدىغانلىقىنى ئىبلان قىلدى.

ئالدى بىلەن يىگىتكە ئىبلىنغان يازلىق، قىشلىق ئىپسىل پەلتولار، خورۇم چاپان، قوش-قوش ئىپسىل پوپايكا، كاستيۇم-بۇرۇلكىلار، ئىپسىل ئۆتۈك، شىبلىتلار، چەت ئەلنىڭ ئىپسىل قولاقچىسى، قىممەت باھالىق كۆڭلەكلەر، ئىچ كىيىملەر، ھەر خىل گالىستۇكلار تىزىلدى. ئاندىن يىگىتنىڭ ئاتا-ئانىسىغا، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا، قولۇم-قوشنىلىرىغا ئاتالغان كىيىم-كېچەك، ماللار تىزىلدى. ئاخىرىدا يىگىتكە ئىبلىنغان ئالتۇن ئۈزۈك ۋە ئالتۇن سائەت بىلەن بىللە قىزغا ئاتاپ ئىبلىنغان ئالتۇن بىلەيزۈك، ئالتۇن ھالقا، ئالتۇن ئۈزۈك ۋە ئالتۇن زەنجىرلەر بىر-بىرلەپ كۆرەك قىلىنىپ پەتنۇسقا تىزىلدى.

بۇ قېتىم گىلەمگە تىزىلغان پەتنۇسنىڭ سانىمۇ يەتمىشتىن ئېشىپ كەتتى.

كۆپ خېلىلا كەچ كىرىپ قالغانىدى. كەچ كۈزنىڭ سوغۇق ھاۋاسىدا ئاياللار دۈگدەرىشىپ، ئاران چىداپ تۇرىشاتتى. بىر قىسىم ئاياللار بۇ «توي يەرمەنكىسى» -نىڭ قاچان تۈگىشىگە كۆزى يەتمەي كېتىپ قېلىشتى.

گىلەمگە تىزىلغان ئاخىرقى پەتنۇسلار يىغىشتۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ھېلىقى ئاق سېرىز ئايال گىلەمنىڭ ئالدىدىكى كۆرپىدە ئولتۇرغان بىرقانچە ھاجى خېنىملارۋە بۇۋۇملەرگە قاراپ:

— سېلىم بايۋەتچە بىلەن ھاشىم ھاجىكامنىڭ قىز بىلەن يىگىتكە ۋە قۇدىلارغا، تۇغقانلارغا ئاتاپ قىلغانلىرى مۇشۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى. قېنى، ئەمىسە، ھەر بىرلىرى تويىنىڭ چىرايلىق ئۆتۈشىنى، يىگىت بىلەن قىزنىڭ تۇرمۇشىنىڭ بەختلىك بولۇشىنى تىلەپ دۇئا قىلىپ بېرىشسىلە! — دېدى.

ھاجى خېنىملار، بۇۋۇملەر دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى...

* *

ھاشىم ھاجىكامنىڭ قىزىنىڭ تويىدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي بوستان مەھەللىسىدە مۇنداق بىر كۆڭۈلسىز ۋەقە يۈز بەردى. «يۇقىرى مەھەللىدىكى ئەمەت باققالنىڭ ئوغلى ئادىل تۆۋەنكى مەھەللىدىكى قادىر ھاجىمنىڭ قىزى زۆھرەنى ئەپقېچىپتۇ» دېگەن خەۋەر پۈتۈن مەھەللىگە پۇر كەتتى. ئەھۋال ھەققەتەن شۇنداق ئىدى.

قىز ئەپقېچىش — تارىختىن بۇيان يۈز بېرىپ كېلىۋاتقان بىر خىل نورمال بولمىغان ھادىسە، بۇ ھادىسىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبى ھەر خىل بولىدۇ. بەزىدە قىزنىڭ ياكى يىگىتنىڭ ئاتا-ئانىسى قۇدا بولغۇچى تەرەپنى ئۆزىگە مۇناسىپ كۆرمەي ئۆزىدىن پەس كۆرۈپ يىگىت بىلەن قىزنىڭ توي قىلىشىغا يول قويمايدۇ. بەزىدە قىز تەرەپ يىگىت تەرەپكە ناھايىتى يۇقىرى تەلەپ ۋە شەرتلەرنى قويۇپ تۇرۇۋالىدۇ. يىگىت تەرەپنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئۇ شەرتلەرنى ئورۇنلاشقا يار بەرمەيدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋاللاردا ئۆز ۋىسالىغا يېتىشكە كۆزى يەتمىگەن قىز-يىگىت تەۋەككۇل قىلىپ قېچىشقا مەجبۇر بولىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ خىل ھادىسە يۈز بەرگەندە ئۇنىڭ سەۋەبىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىش ۋە مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش لازىم. ئۇنداق قىلماي يىگىت بىلەن قىزغا قارىتا «جازا يۈرۈش»ى قىلىش ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بىز تارىختىكى قانلىق تراگېدىيىلەرنىڭ بۈگۈنكى كۈندىمۇ تەكرارلىنىشىنى نومۇس دەپ بىلىشىمىز لازىم. رابىيە بىلەن سەئىدىن، ئانارخان بىلەن قۇربان ياشىغان جاھالەتلىك دەۋر ئاللىقاچان كەلمەسكە كەتكەن...

* *

ئوغلى ئادىلنىڭ قادىر ھاجىمنىڭ قىزى زۆھرە بىلەن پۈتۈشۈپ قالغانلىقىنى ئاڭلى-

غاندا ئەمەت ئاخۇننىڭ بېشى پىرقىراپ ئالەم چۆرگىلىگەندەك بولدى. ئۇ: قادىر هاجىم مەھەللىمىزدىكى چوڭ بايلارنىڭ بىرى. قولنى نەگە سوزسا يېتىدۇ، مەن بولسام ئاددىي بىر باغۋەن، قانداقمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭلىشەلەيمەن... ئەڭ ياخشىسى ئادىلنى بۇ نىيىتىدىن ياندۇراي، دەپ ئويلىدى. ئۇ ئايالى زورىخان ئارقىلىق نەسىھەت قىلىپ ئوغلىنى بۇ نىيىتىدىن ياندۇرماقچى بولدى. لېكىن زورىخان ئادىلغا بىرقانچە قېتىم نەسىھەت قىلىپمۇ گېپىنى ئاڭلىتالمىدى. ئاخىرى ئەمەت ئاخۇن ئوغلى بىلەن ئۇچۇق سۆزلىشىپ قاتتىق گەپ قىلغانمۇ بولدى. لېكىن ئادىل زادى گېپىدىن يانمىدى.

ئەمەت ئاخۇن نائىلاج قولۇم-قوشنىلىرى-نىڭ مەسلىھەتى بىلەن مەھەللىدىكى مويسىپىتلاردىن بىر نەچچە كىشىنى قادىر هاجىمنىڭ ئۆيىگە ئەلچىلىككە ئەۋەتتى.

قادىر هاجىم دەسلەپتە «قىزىمنى بىر باققالنىڭ ئوغلىغا بېرەمدىمەن، بولماي-دۇ» دەپ ئۇنىماي تۇرۇۋالدى. لېكىن مەھەللىنىڭ مويسىپىتلىرى قايتا-قايتا گەپ قىلىپ، نىكاھ قانۇنىنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن پەسكويغا چۈشۈپ قوشۇلغاندەك قىلغان بولسىمۇ: «سېلىم بايۋەتچە هاشىم هاجىمنىڭ قىزىغا قانچىلىك تويلۇق ئەكەل-گەن بولسا، ئەمەتمۇ شۇنچىلىك تويلۇق ئەكەلسۇن، بولمىسا تويىنى قىلمايمەن» دېگەن شەرتنى قويۇپ تۇرۇۋالدى. ئەلچىلەر نائىلاج قايتىپ كېتىشتى.

ئەلچىلەر ئۇنىڭغا قادىر هاجىمنىڭ تەلىپىنى يەتكۈزگەندە ئەمەت ئاخۇننىڭ قارامۇتۇق چىرايى تېخىمۇ قارىداپ، تۇرغان ئورنىدا قاققان قوزۇقتەك ئۈنجۈقمەي تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ بۇ تويدىن ئۈمىدى ئۈزۈل-گەندى.

زورىخان ئەلچىلەرنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان-دا بېشىدا چاقماق چېقىلغاندەك بولۇپ، كۆز ياشلىرى ئىختىيارسىز مەڭزىنى بويلاپ ئېقىشقا باشلىدى. بۇ شۇم خەۋەرنى ئوغلى ئادىل ئاڭلىسا نېمە بولۇپ كېتەر... ئاھ، خۇدا، بىزنى نېمىشقىمۇ شور پېشانە قىلىپ ياراتقانسەن... بۇ تەڭسىزلىكنىڭ دەردىنى قاچانغىچە تارتارمىز...

* *

قادىر هاجىم قىزى زۆھرەنىڭ ئەمەت باققالنىڭ ئوغلى ئادىل بىلەن قاچقانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندا، پۇتى كۆيگەن توخۇدەك تىپىرلاپ ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى. ئۇ پېشايۋانلىق يوغان هويلىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇياقتىن-بۇياققا مېڭىپ ئەسە-بىيلەرچە ۋارقىرايتتى:

— هۇ مۇناپىقلار، مېنىڭ ئۇنداق قىزىم يوق، ئادەم تېپىلمىغاندەك بىر گادايىنىڭ بالىسىغا ئەگىشىپ قاچقىنىنى قارا. كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولمىسۇن، بولمىسا ھەر ئىككى-سىنىڭ جېنىنى ئالىمەن...

قادىر هاجىمنىڭ ئايالى ئايشەم خېنىممۇ ئۇنىڭغا جور بولۇپ ئۆزىنى كاچاتلاپ يىغلايتتى:

— ۋاي خۇدايىم، بۇ نېمە شەرمەن-دىچىلىك... خەلقى ئالەم ئالدىدا قانداقمۇ بېشىمنى كۆتۈرۈپ يۈرەرمەن... ۋاي تۇۋا،

قىز بالا باقتىم دەپ بىر بالا-قازانى باققان ئۇخشايمەن... ۋاي ھاجىم، ئەمدى قانداق قىلارمىز!

قادىر ھاجىمنىڭ ھويلىسىدىكى قىيا-چىيا، يىغا-زارنى ئاڭلاپ بىر پەستىلا قولۇم-قوشنىلار كىرىپ كېلىشتى. ئۇلار ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن بەزىلىرى ياقىلىرىنى تۇتۇشۇپ توۋا، دېيىشسە، بەزىلىرى ئىچىدە: «خوپ بوپتۇ، تويلۇق سېلىپ ھەشەمەتلىك توي قىلىمەن دېگەنگە تويسۇن!» دېيىشەتتى، شۇنداق بولسىمۇ: «باللار نادانلىق قىلىپ قويۇپتۇ، سەۋرى قىلىشسىلا، ئەمدى قاقشاپ-يىغلىغان بىلەن ئورنىغا كەلمەيدۇ...» دېيىشىپ ئۇلارغا تەسەللى بېرىشتى. ئەرلەر قادىر ھاجىمنى، ئاياللار ئايشەم خېنىمنى قولتۇقىدىن يۆلەپ ساراي ئۆيگە كىرىپ كېتىشتى.

ئارىدىن بىرەر سائەت ئۆتمەيلا بوستان مەھەللىسىدىكى بىرنەچچە مويسېپىت بىلەن ئاھالە كومىتېتىنىڭ مەسئۇللىرى كىرىپ كېلىشتى. ئۇلار كىرىشى بىلەن قادىر ھاجىم تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ كەتتى. ئۇ گەپ قىلغاندا سوزۇنچاق يۈزى باشقىچە تاتىرىپ ئۆچكە ساقىلى تىترەپ كېتەتتى. ئۇ يىگىتنى «مۇتىھەم»، «قاراقچى»، «ھايۋان» دەپ تىللىسا، قىزنى «نومۇسسىز»، «تۇزكور» دەپ ھاقارەتلەيتتى.

— قادىر ھاجىم! — دېدى مەھەللىدىكى مويسىپىتلاردىن بىرى، — ئارتۇقچە كايىپ ئۆزلىرىنى ئۇپراتمىسىلا، ئويلاپ باقسىلا، بۇ ئىشنى پۈتۈنلەي باللاردىن كۆرۈپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ، ئۆتكەندە بىز ئەلچىلىككە كىرگەندە، ئەمەت باققالغا قويغان تەلەپلىرى ئەسلىرىدە باردۇ، ھەممە گەپ مانا شۇنىڭدا. ئاقىۋەتنى نېمە بولدى؟ ئەمدى باشلىرىنى تاشقا ئۇرسىلىمۇ بىكار... ئەڭ ياخشىسى نىكاھ ئوقۇتۇپ رەسمىيەتنى ئادا قىلىۋېتەيلى، — دېدى.

— ياق، ئۆلسەممۇ بۇنداق شەرمەندە توينى قىلمايمەن، ئاتا-بالىلىقتىن ۋاز كەچسەم كېچىمەنكى نىكاھ ئوقۇتمايمەن. ئۇ مۇناپىقلار، ئۆيۈمگە قەدەم باسقۇچى بولمىسۇن! — دەپ جاھىللىق بىلەن گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالدى قادىر ھاجىم.

— قادىر ھاجىكا! — دېدى ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، — ئۇبدان ئويلانسىلا، ئىككى ياشنىڭ نىكاھ ئەركىنلىكىگە توسقۇنلۇق قىلسىلا بولمايدۇ، ئەگەر گەپلىرىدە چىڭ تۇرۇۋالسىلا، بۇ ئىشقا تەشكىل ئىگە بولۇپ، قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىمىز، ئۇ چاغدا ئۆزلىرىگىمۇ گەپ كېلىپ قالىدۇ. زۆھرە يەنىلا سىلىنىڭ قىزلىرى، ئاتا-بالىلىقتىن ۋاز كېچىمەن دېگەنلىرى توغرا ئەمەس... ئەڭ ياخشىسى توي رەسمىيىتىنى ئۆتتۈۋېتەيلى، شۇ چاغدا سىلىنىڭمۇ، ئايشەم خېنىمنىڭمۇ باش ئاغرىقى ساقىيىدۇ.

قادىر ھاجىم ئاھالە كومىتېتى مۇدىرىنىڭ سۆزىدىن كېيىن نېمىشقىدۇ بىردىنلا جىمىپ كەتتى. ئۇ مۇدىرنىڭ «... بۇ ئىشقا تەشكىل ئىگە بولۇپ، قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىمىز، ئۇ چاغدا ئۆزلىرىگىمۇ گەپ كېلىپ قالىدۇ» دېگەن سۆزىنى


ئويلاپ ئەنسىرەپ قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر چاغلاردا «ھايانكەش»، «ئەتكەس-چى» دېگەن قالپاقلارنى كىيىپ كۆرگەن كۈنلىرىنى ئەسلەپ تېنى شۈركەنگەندەك بولدى-دە، نائىلاج ماقۇل بولدى، مەسلە-ھەت بويىچە يەكشەنبە كۈنى ئىككى ياشنىڭ نىكاھى ئوقۇلىدىغان، توي رەسمە-يىتىمۇ ئۆتكۈزۈلىدىغان بولدى...

* *

يەكشەنبە كۈنى بوستان مەھەللىسىدە يەنە بىر توي ئۆتكۈزۈلدى. بۇ توينىڭ ھېچقانداق داغدۇغىسى بولمىدى. يىگىت تەرەپمۇ، قىز تەرەپمۇ بىرلا قېتىم قازان ئېسىشىپ، مەھەللىدىكىلەرنىلا تويغا چىللاش-تى. قىز تەرەپ يىگىت تەرەپكە ئارتۇقچە تەلەپ قويۇشقا پېتىنالمىدى. ئەمەت ئاخۇن ئاكا قىز-يىگىتكە تاپقىنىنى قىلدى. قىز تەرەپمۇ ئۆز لايىقىدا يارىشقىنىنى قىلدى. بۇ تويدىن ئاز ساندىكى بايلار نارازى بولۇشتى. مۇتلەق كۆپچىلىك كىشى مەمنۇن بولدى. ئەڭ خۇشال بولغانلار قىز بىلەن يىگىت ئىدى. چۈنكى ئۇلار ۋىسالغا يېتىپ، چىن بەختنىڭ لەززىتىنى تېتىغانىدى.

توي جەريانىدا قادىر ھاجىنىڭ زادىلا قاپىقى ئېچىلمىدى. ئۇ تويغا كەلگەنلەر بىلەن ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا ئامانلىشىپ كۆرۈشكەن بولدى. ئۇنىڭ مېڭىسىدە ئاچچىق ئەلەم بىلەن پۇشايمان ئارىلاش ئېچىنىش تۇيغۇسى ھۆكۈم سۈرەتتى.

مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمائىل



غۇنچەم سەمەت

# ياشلىق خاتىرىلىرى

(ھېكايە)

ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا مەن بىلەن بۇرۇنقى ئادىتى بويىچە چاقچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

— ئۇكام، قانداق يەر بۇ، سېغىزخاندەك ئېگىزگە چىقىۋالغاننى ئاز دەپ تېخى بىر قەدەم نېرى-بېرى بولۇپ كەتسىلا خەقنىڭ ئۆيىگە كىرىپ قالىدىغان گەپكە نېمە ئۆزى.

ئۇ سۆزلىگەچ قولىدىكى نەرسە--كېرەكلىرىنى مېھمانخانىنىڭ ئىچىگىچە كۆتۈرۈپ كىردى-دە، مەن بىلەن قايتىدىن سالاملاشتى.

ئۇنىڭ چاچلىرىغا تەكشى ئاق سانچىلغان، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، قەددى سەل پۈكۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما ۋۇجۇدىدىن ئەينى يىللاردىكى كۆتۈرەڭگۈلۈك، قەيسەرلىكنىڭ ئىزنالىرى يەنىلا چىقىپ تۇراتتى.

ئىككىمىز بىردەم ھال-ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ مېنى ئىزلەشتىكى مۇددىئاسىنى ئېيتىپ، ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرگەن ئوغلىنىڭ گېپىنى چىقاردى. ئىككىمىز ئۇنىڭ بىلەن ئوغلىنىڭ ئىشى توغرۇلۇق بىرمۇنچە پاراڭلاشتۇق. بىردەمدىن كېيىن ئايالىمنىڭ تۇمشۇقلىرىنى ئۇچلاپ يۈرۈپ ئەتكەن چۆچۈرىسىنى ئىچىشتۇق. تاماق يەۋېتىپ ئىختىيارسىز ھالدا بۇ ئادەمگە — سالىكامغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار كۆز ئالدىمدىن بىر-بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى...

مەن يېزىغا قايتا تەربىيە ئالغىلى چۈشكەندە سالىكاملارنىڭ مەھەللىسى— شاپتۇللۇققا تەقسىم قىلىنغانىدىم. بارغان كۈنۈمنىڭ ئەتىسىدىن باشلاپلا دۈيجاڭنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن سالىكامغا ياردەملىشىپ دۈينىڭ كالا ھارۋىسىدا خاماندىكى سامانني ماخوغا توشۇشقا كىرىشىپ كەتتىم. سالىكام بىر قاراشتىلا كۆزۈمگە تولىمۇ ئاق كۆڭۈل ھەم رايىش كۆرۈندى. ئىككىمىز تېزلا چىقىشىپ كەتتۇق. ئۇ ئارىلاپ-ئارىلاپ يۇمۇرلۇق گەپلەرنى قىلىپ مېنى كۈلدۈرۈۋېتەتتى. ئاۋغۇست ئايلىرى بولغاچقا، كۈن ئىلىپىدىن بىرەر غۇلاچ چىقىشى بىلەنلا

تىنجىق ئىسسىق باشلىناتتى. ئەزالارنى ئەتىگەنلىك ئىشقا ھەيدەيدىغان داڭ ئۇرۇلۇشى بىلەن تەڭ ھارۋىنىڭ تۈۋىدە ئۆنۈپ بولمىساق بولمايتتى. ئەمما، بىزمۇ ئىشتىن چۈشىدىغان داڭ ئۇرۇلۇشى ھامان خۇددى مەنبەسىدىن ئايرىلغان توك تۈگمىسىدەك نەگە كەلگەن بولساق شۇ يەردىلا، ھەتتا ماخوغا ئىككى قەدەم ئارىلىق قالغان بولسىمۇ ھارۋىنى سامان بىلەنلا تاشلاپ قويۇپ، كالىلارنى چىقىرىۋېلىپ يېتىلەپ ماڭاتتۇق. ئۇ چاغلاردا سالىكام زاغرا يېگىنگە قارىماي ھازىرقىدىن تەمبەل ھەم كۆچتۈگۈر ئىدى...

كەچتە ئىككىمىز تېلېۋىزورمۇ كۆرمەي بالدۇرلا ياتاق ئۆيگە كىرىۋېلىپ ئۆزىمىزگە تونۇش بولغان كونا-يېڭى پاراڭلارغا چۈشۈپ كەتتۇق.

— ھازىرمۇ شەمشىخانئاچام بىلەن ئۇرۇۋاتقانسىز، — دېدىم مەن.

— شۇ بولماي يەنە كىم بولاتتى دەيسەن، ئۇكام، — دېدى ئۇ، — سەن تويىمىزدا كىيگۈزۈپ قويغان ئاق كۆڭلەكنى خېلى بىر ۋاقىلارغىچە سۆرەپ يۈردۈم. ھەي ئۇ چاغلار، — سالىكام ئوراۋاتقان تاماكىسىنى تىلى بىلەن نەمدىگەچ كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭ گېپى مېنىمۇ كۈلدۈرۋەتتى. چۈنكى ئۇنىڭ تويى ئەستىن چىقمايدىغان ئىشلارنىڭ بىرى ئىدى.

مەھەللىدىن ئون نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتا لوقاق كارىز دەيدىغان يالغۇز كارىز بار ئىدى. ئورما مەزگىلىدە دۆيدىكى ياش ھەم بويتاقلاردىن تەشكىللەنگەن بىر گۇرۇپپا ئادەم نەچچە كۈنلۈك ئوزۇق-تۈلۈك ۋە كۆدە-كۆرپىلىرىمىزنى ئېلىپ لوقاق كارىزغا بۇغداي ئورۇغىلى باراتتۇق. گەرچە ئىش ئېغىر، شارائىت ناچار بولسىمۇ، ھەممەيلەن ئۇ يەرگە بېرىشقا نېمىشقىدۇر ئامراق ئىدى. كۈندۈزى پىژغىرىم ئىسسىقتا ئورما ئورۇپ، كەچتە سۈتتەك ئايدىڭدا كارىزنىڭ سۈيى ئاقىدىغان ئوت-چۆپ، دەل-دەرەخلىك ئېرىق بويىغا يىغىلىشىپ ئوغاقلارنى بىلىگەچ قىزىق پاراڭ، كۈلكە-چاقچاقتا چۈشۈپ كېتەتتۇق. بىر كۈنى كەچتە:

— بۇ يەردە يىلدا بىر ياكى ئىككى تويىنىڭ بېشىنى باشلاپ قوياتتۇق، بۇ يىل ئەجەب جىمىلغۇ؟! — دېدى بىر يىگىت.

— يەنە ئىككى كۈنلۈك ئىش قالدى، ئاغىنىلەر، تېزراق بولۇڭلار.

— سالىكا، بۇ يىل نېمىلا بولمىسۇن بىر ئامال قىل، كېلەر يىل سېنى بۇ يەرگە ئەكەلمەيمىز جۇمۇ.

تۇرۇپلا گەپ سالىكامغا مەركەزلىشىپ قالدى. سالىكام ئارىمىزدىكى يىگىتلەرنىڭ ئەڭ چوڭى ئىدى. ئاتا-ئانىسى بالدۇرلا ئۆلۈپ كەتكەچكە، يېشى خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان بولسىمۇ، تېخىچە بېشىنى ئوڭشالماي يۈرەتتى.

بىرى ئۇنى دېسە، بىرى بۇنى دەپ، كۈلكە-چاقچاق قىزىپ كەتتى. بىر چاغدا كىمدۇر بىرى گۇرۇپپىمىزدىكى شەمشىخان ئىسىملىك تۇل چوكاننى سالىكامغا چاقچاق بىلەن چېتىپ قويدى. شەمشىخان قاش-كۆزلىرى كېلىشكەن، دومىلاقىنە چوكان ئىدى. كۆپچىلىك تۇشمۇ-تۇشتىن ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ بۇ ئىشنى راستقا ئايلاندۇرۇپ قويدى

ۋە مېنى رەھبەرلىكنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئىسپات بولۇشقا بۇيرۇدى. مەنمۇ قىزنىڭچىلىقتا بىرپارچە تەستىق خېتى يېزىپ بوغالتېرلىق تامغامنى بېسىپ قويدۇم. شۇنداق قىلىپ بۇ ئىش پۈتكەن بولدى. ئەتىسى كەچتە بىرى سالىكامنىڭ شەمشىخاننىڭ ئۇرغىقىنى بىيلەۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ماڭا بۇ ئىش تولىمۇ تاسادىپىي ھەم كۈلكىلىك تۇيۇلدى. ئەتىسى ئېتىزلىقتا ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە ئوغرىلىقچە يەر تېگىدىن مارىشىپ قاراپ قويۇشقانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ قالدىم. شۇ قېتىمقى چاقچاق راستقا ئايلىنىپ، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلارنىڭ تويى بولدى. توي تازىمۇ قىزىدى. بۇ يەرنىڭ قائىدىسى بويىچە قىزنىڭ ئۆيى يىراقتا بولسا دۆينىڭ بەش ئاتلىق چوڭ ھارۋىسى بىلەن قىزنى يۆتكەپ كېلەتتى. ئەگەر مەھەللە ئىچىدە بولسا قىزنى يېتىلەپ يىگىت تەرەپكە ئېلىپ كېلەتتى. شەمشىخانلارنىڭ ئۆيى مەھەللىنىڭ چېتىدراق بولغاچقا، چوڭ ھارۋىغا ئاۋارىچىلىق، پىيادىگە سەل ئۇزۇن كېلەتتى. قايسى بىرىنىڭ ئەقلىكىن، نەچچە يىگىت «قىز» ـ نى ئېشەك ھارۋىسىغا سېلىپ يىگىت تەرەپكە ئېتىرىپ ئاپىرىدىغان بولۇشۇپتۇ. سالىكامنىڭ يېقىنى قاتارىدا مەنمۇ ھارۋا ئېتىرىپ، قىز ئاپىرىدىغانلارغا قوشۇلۇۋالدىم. نەچچە يەلەن بىرلىشىپ ئۈستىگە بۆرتۈمشال ئارتىلغان «قىز» نى ھارۋىغا سېلىپ، سالىكامنىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق. ئادەملەر توپىدىن ئايرىلىپلا ھارۋىنىڭ سۈرئىتى تېزلىگىلى تۇردى. نەچچەيلەننىڭ بىر ـ بىرىگە سىرلىق بېقىشلىرىدىن ئۇلارنىڭ ئاللىبۇرۇنى كۆڭلىگە پۈككەنلىكىنى پەملىدىم. ياشلىق ـ ساراڭلىق دەپ، مەنمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ كېتىپتىمەن. بىز ھارۋىنى مەھەللىنىڭ ئېگىز ـ پەس، ئەگرى ـ توقاي توپا يوللىرىدا شۇنداق ئايلاندۇرۇۋەتتۇقكى، بىچارە شەمشىخان ئۇياقتىن ـ بۇياققا چايقىلىپ، ھارۋىدىن چۈشۈپ قالايلا دېدى. يا بىزگە بىرنەرسە دېيەلمەيتتى. بىز بولساق، بۇ قىزىقچىلىقتىن ئۈچەيلىرىمىز ئۈزۈلگىچە كۈلۈشكەنىدۇق.

— سالىكا، ھاپىزاخۇن بوۋاي بىلەن ئايىسخان مومايلارچۇ؟ — سورىدىم مەن مەھەللىدىكى باشقىلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەكچى بولۇپ.

— ھەي ئۇكام، ئۇزاق بولدى. ئۇلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆلۈپ كەتتى.

— ھە؟! ئۆلۈپ كەتتىما؟ ھېلىقى باغچۇ؟

— باغنى شەخسىلەرگە بۆلۈپ بېرىۋەتتى.

— رەھمەتلىكلەرجان ئۆزگىچە باغقا قانداق قىيغاندۇ؟

— ھەي ئۇكام، خۇدا جاننى ئالغاندا ھەممىگە تويىدىغان گەپكەن.

كۆز ئالدىمغا بۇ ئىككى رەھمەتلىكنىڭ ھايات چاغدىكى سىماسى كەلدى.

بوۋاي بىلەن موماي دۆينىڭ 20 مودەك كېلىدىغان مېۋىلىك بېغىغا قارايتتى. كوللېكتىپقا بەكلا ساداقەتمەنلىكىدىنمۇ ياكى ئۆزىنىڭ پېخسىقلىقىدىنمۇ، ئۇلار باغقا تولىمۇ سەگەكلىك بىلەن قارايتتى. ھېچكىمگە يۈز ـ خاتىرە قىلمايتتى. ھەرقانداق ئادەم، ھەتتا كادىرلارمۇ ئاسانلىقچە

باغقا كىرەلمەيتتى. ھەممە ئادەمنىڭ
هويلا-ئارام، باغ-ۋارانلىرىدىكى مېۋىلىك
دەرەخلەر كېسىۋېتىلگەن ئاشۇ يىللاردا
پەقەت دوينىڭ شۇ بېغىلا مۇشۇ يەردىكى
بىردىن-بىر مېۋىلىك باغ ئىدى. شۇڭا،
مېۋە پىشقان هامان چوڭ-كىچىك ھەممە يە-
لەننىڭ كۆزى مۇشۇ باغقا تىكىلەتتى.
سالىكام باشچىلىقىدىكى زەربىدارلار دوية-
مىزنىڭ ياشلىرى ھەمىشە دېگۈدەك باغقا
ئوغرىلىققا چۈشۈپ، مېۋە ئېلىپ چىقاتتى.
مەن دائىم سىرتتا تۇراتتىم. بىر كۈنى
باغقا سۇ كىرىدىغان ئېرىق بويىدا پاراڭلى-
شىپ ئولتۇراتتۇق. تۇيۇقسىزلا بىرى گەپ
قىلماڭلار، دەپ قالدى. ھەممىمىز جىم
بولۇپ قالدۇق. باغ ئىچىدىن هاپىزاخۇن
بوۋاينىڭ ئەزان ئوقۇغان ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتات-
تى. ئەزان ئاۋازى توختىشى بىلەنلا
سالىكام يۈرۈڭلار، دەپ بىزنى باشلاپ
باغ تەرەپكە قاراپ ماڭدى. بىز باغنىڭ
تېمىغا يامىشىپ چىقىپ باغقا قارىساق، بوۋاي
بىلەن موماي بىر توپ ئۈرۈكنىڭ تۈۋىدە
تۇرۇپ ناماز ئوقۇۋاتقانىكەن. ئۇلار
ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ تېپىرلىشىپلا قالدى.
بەلكى ھېلىقى يامان قارا ئىتنى ئىزدىگەن
بولسا كېرەك، ئەتراپقا ئەنسىز قاراپ
قوياتتى. ئەمما، ئۇ ئىتمۇ ئىسسىقتا نەگە
يوقالغان، قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. بوۋاي
بىلەن موماي شۇنداق قىينىلىپ كەتتىكى،
خۇددى پۇت-قولى باغلىنىپ، ئېغىز-بۇرنى
ئېتىلىپ ئوتقا تاشلىنىش ئالدىدا تۇرغان
بىچارىلەردەك تېپىرلىشىپ كەتتى. مېۋىلەر-
نىڭ قاراپ تۇرۇپ باشقىلارنىڭ يانچۇقىغا
چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ
ھېچبىر چىدىنغۇچلىكى قالمىدى بولغاي،
نامازنى شۇنداق تېز ئوقۇدىكى، ئۇلارنىڭ
ھەرىكەتلىرىنى كۆرگەن ھەرقانداق
ئادەمنىڭ كۈلكىسى قىستايتتى. شۇنىڭدىن
كېيىن سالىكام پات-پاتلا «پىشىن ۋاقتى
بولدىمۇ» دەپ سوراپ قوياتتى. ئۇلارنىڭ
ئېيتىشىچە، پىشىن نامىزى ئەڭ ئۇزۇن
بولارمىش.

— بۇلتۇر سوپى شۇجىمۇ ئۆلۈپ
كەتتى، — دېدى سالىكام شېرىن خىيال-
لىرىمنىڭ بېلىگە تېپىپ.

— ھە؟ تېخى ياشتىغۇ؟

— ئەزرائىل كەلگەندە مەن تېخى
ياشتىم، دەپ كۆزنى پارقىرىتىپ ئولتۇرغىلى
بولمايدۇ-دە.

— سوپى ئاكام جاپانى خېلى تارتقان
ئادەم جۇمۇ.

— ئۇنى بىر دەيسەن، ئۇكام. ئۇنىڭ-
دىن كېيىن نۇرغۇن ئادەملەر سوراپ باقتى
يۇرتنى. ھەي، ئۇنىڭدەك ئەزانىڭ كۆڭلىنى
چۈشىنىدىغان ئادەملەر ئازكەن. ھازىر
ھەيدەر ئىسلام سۇنجاڭ بولدى. شۇنىڭ
ئاغزىغا قاراۋاتىمىز.

— قايسى؟

— ۋاي ھېلىقى ئىسلام پومىشچىكنىڭ
ئوغلىچۇ؟

— بىر چاغلاردا شۇلارنى پىچەن
قىلىپ يەر بىلەن يەكسەن قىلۋەتكەنىدۇق.
مانا ئەمدى ھوقۇق تۇتتى، دېگىن.

— شۇنى دېگىنە.

— سەنچۇ، سەنمۇ خېلى بېيىپ
قالغانسەن؟

— مەنمۇ يامان ئەمەس، خۇداغا

شۇكۇر، يەر باسار 4-5 كالام، 20-30دەك قوي-ئۆچكەم، بىر قىچىرىم بار. ئوغلۇمنىڭ ئىشى پۈتىدىغانلا بولسا، نېمەم كەتسە مەيلى، ئۇكام، ماڭا ئوخشاش بېشىغا توپا سورۇپ يۈرمىسلا بولدى. سەن ئىغىر كۆرمەي مۇشۇ ئىشقا مېڭىپ قويساڭ، سىنى ئوبدان رازى قىلىۋالىمەن، ئۇكام، — دېدى ئۇ ئۆتۈنۈش بىلەن كۆزلىرىمگە تەلمۈرۈپ.

— قىزىقكەنسەن، ئاكا، سەن بىلەن ئاغا-ئىنىدەك ئۆتكەن تۇرساق، رازى قىلىمەن دېگىنىڭ نېمىسى ئەمدى. تۆت يۈزگە يېقىن نومۇر بىلەن بالاڭ ھەرگىز يەردە قالمايدۇ. ئۇنىڭغا ماڭمىساڭمۇ ئۆزى كېتىۋېرىدۇ.

— نەچچىلا ئالغان بىلەن ماڭمىسا بىكار، دەپ مېنى ئولتۇرغىلى قويمىدى.

— ئۇنچىلىكمۇ بولۇپ كەتمىدى جاھان. سەن خاتىرجەم بول. مائارىپ كومىتېتىدا ئىشلەيدىغان بىر ساۋاقدىشىم بار. ئوغلۇڭنىڭ ئەھۋالىنى ئالدىنئالا ئۇقۇشۇپ، تېلېفون ئارقىلىق ساڭا خەۋەر بېرىمەن.

— بىزنىڭ ئۇ يەردە تېلېفون نېمەقىلسۇن. بۇرۇن بار ئىدى. بۇزۇلۇپ قالدى دەپ ئۈزۈن بولدى ياتقىلى. تېلېگراما بەرسىمۇ ئون نەچچە كۈندە تېگىدۇ. پوچتالىيون دېگەنلەر يېزىغا بارمايدۇ. بارسىمۇ مەكتەپكە بارىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىدەگە، ھازىر تەتىل، دېگىنە.

— مۇنداق دېگىن، ئەمىسە خەۋەر بېرىشمۇ تەسكەندە.

— شۇ، يۇقىرىمۇ قىزىقكەن. بىزنىڭ دادۇيگە ياردەم، مۇكاپات دەپ، يوغان رەڭلىك تېلېۋىزوردىن بىرنى، موتودىن بىرنى بېرىپتۇ. تېلېۋىزور شۇجىنىڭكىدە، موتو سۇنجاڭنىڭكىدە، شۇلار پايدىلىنىۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە شۇ تېلېفوننى ئوڭشاپ قويسىچۇ، ھەممىيلەنگە كېرەكلىك نېمە بولغاندىكىن.

سالىكام ئەسنەشكە باشلىدى. مەن ئۇنى ئۇخلاشقا دەۋەت قىلىپ چىراغنى ئۆچۈردۇم. بىردەمدىن كېيىنلا ئۇنىڭ خورەك ئاۋازى ئاڭلاندى.

مەن سالىكامدىن چىقىۋاتقان دېھقانلارغا خاس بىر خىل كۈچلۈك تەر پۇرىقى ئىچىدە بىردەم ئۇياققا، بىردەم بۇياققا ئۆرۈلۈپ پەقەت ئۇخلىيالمىدىم. توۋا، بىر چاغلاردا مۇشۇ ئادەملەر بىلەن بىر يوتقاندىمۇ خۇشال-خۇرام ياتقان ئىدىمغۇ-ھە؟! خىيالىم يەنە قاناتلىنىپ، شاپتۇللۇقنىڭ ئەينى چاغلاردىكى مەندە ئۇنتۇلغۇسىز خاتىرىلەرنى قالدۇرغان قىياپىتى كۆز ئالدىمدىن بىر-بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى.

**مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم**

مەريەم تۇردى

# بىر تامچە ياش

(ھېكايە)

ئۈچ يىلدىن بۇيان ئۇدا « مەدەنىيەتلىك ئىلغار كوللېكتىپ » دېگەن شەرەپلىك نامغا ئىگە بولۇپ كېلىۋاتقان بىرىنچى خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ يۈرەك كېسەللىكلىرى بۆلۈمى بۈگۈن سەككىز ياشلىق بىر ئوغۇل بالىنى قوبۇل قىلدى. بالىنىڭ ئىسمى قەيسەرجان بولۇپ، ئورۇق ھەم ئاجىز كۆرۈنەتتى. ئەمما ئۇنىڭ ئەدەبلىك ھەرىكەتلىرى، تاتلىق سۆزلىرى ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرەتتى.

قەيسەرجانى بۇ دوختۇرخانىغا ئاتمىش ياشتىن ھالقىپ قالغان مومىسى ئېلىپ كەلگەنىدى. قەيسەرجاننىڭ ئاتا-ئانىسى كەينى-كەينىدىن قازا قىلىپ كەتكەچكە، بىچارە موماي يالغۇز ئوغلىنىڭ يالدامىسى بولغان بۇ نەۋرىسىنى ئۆز جېنىدىن ئارتۇق كۆرۈپ چوڭ قىلغانىدى. بىراق تەقدىرنىڭ چاقى موماي ئۈچۈنلا تەتۈر پىرقىرىغاندەك، خۇددى بەرسە قوشلاپ بېرىپتۇ، ئۇرسا قوشلاپ ئۇرۇپتۇ، دېگەندەك ئۇنىڭ بىردىنبىر ئۈمىدى بولغان نەۋرىسى كېسەلچان بولۇپ قالدى.

مومايىنىڭ مۇشۇ ياشقا كەلگىچە كۆرمىگىنى قالمىدى. ئۇ ياش تۇرۇپلا ئېرىدىن تۇل قالدى. باشقا ئەرنىڭ ئالدىدا ئوغلۇمنىڭ بويىنىنى قىسىپ قويمايمەن دەپ، قايتا ياتلىق بولمىدى. ئۇ كېچە-كېچىلەپ دوپپا تىكىپ، توي-تۆكۈنلەرنىڭ يىغىنە ئىشلىرىنى قىلىپ بېرىپ تاپقان پۇلىغا يالغۇز ئوغلىنى يا خەجلەيدىغان پۇلدىن، يا كىيىم-كېچەكتىن قىسىپ قويماي چوڭ قىلغان، ئۆزى يېمەي-ئىچمەي دېگەندەك يىغقان پۇللىرىغا ئۇنى ئۆيلەپ، بىر ئوبدان ھاردۇقى چىققانىدى. بىراق خۇدانىڭ ھېساباتى دەپتىرىگە ئۇنىڭ تارتقان جاپا-مۇشەققەتلىرى چۈشمەي قالدىمۇ-قانداق، ئۇنىڭ ئوغلى بىلەن كېلىنى يۈرەك كېسىلى ۋە مېڭىگە قان چۈشۈش كېسىلى سەۋەبىدىن بىرىياشقا توشمىغان ئوغلى قەيسەرجانىنى تاشلاپ، كەينى-كەينىدىن ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى. موماي بۇ قاتتىق كۆڭۈلرەنجىشنى چىشلەپ چىدىدى. ئۇ « قۇدرى-

تى ئۇلۇغ ئاللا ماڭا بۇ ئالەملىكنى بەرمىگەن ئوخشايدۇ، بوپتۇ، بۇ ئالەم قىسقا ئالەم، باقىي ئالەم ئۇزۇن. مېنىڭ باقىي ئالەملىكىم ياخشى بولسىلا بولدىغۇ» دەپ ئۆز-ئۆزىگە تەسەللى بېرەتتى. شۇڭلاشقا نەۋرىسىنىڭ يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقى سېزىلگەندىن كېيىن، ئۇ ھېچقانداق ئىككىلەنمەستىن ئۆيىدىكى پۇلغا يارىغۇدەك نەرسىلەرنى ۋە باغۋارانلىرىنى سېتىپ، نەۋرىسىنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىشنى نىيەت قىلدى.

قەيسەرجان دوختۇرخانىغا كەلگىنىگە بىر ھەپتە بولدى. دوختۇرلار ئەترابلىق تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە ئۇنىڭ كېسىلىنى بېنىقلاپ چىقتى. ئەتە ئۇنىڭغا يۈرەك دالانچىسى بىلەن قېرىنچە ئوتتۇرىسىدىكى توشۇكچىنى پۈتەش ئوپېراتسىيىسى ئېلىپ بارماقچى. بۇ ئوپېراتسىيىنى بۆلۈم بويىچە كەسىپتە پىشقان، خىزمەت مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچلۈك، دوختۇرلارغا خاس ئاق كۆڭۈل باش دوختۇر يۈسۈپجان ئۆز ئۈستىگە ئالغانىدى. ئۇ بۈگۈن كەچلىك تامىقنى يەپ بولۇپلا، يەنە دوختۇرخانىغا كەلدى. ئۇ باش دوختۇر ئىشخانىسىغا كىرىپ قەيسەرجاننىڭ كېسەل ئارخىپىنى كۆرۈۋاتاتتى. تۇيۇقسىز ئىشىك يېنىك چېكىلدى.

— كىرىڭ.

يۈسۈپ دوختۇر كۆرۈۋاتقان ماتېرىيالىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئىشىككە قارىدى. ئىشىك ئاستاغىنە ئېچىلدى. ئۇ سەل تارتىنغان قىياپەتتە ئاستا كىرىپ كېلىۋاتقان قەيسەرجاننى كۆرۈپ ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— كېلىڭ، كېلىڭ قەيسەرجان قېنى، بۇياققا كېلىڭ، — ئۇ قەيسەرجاننى يېنىدىكى ئورۇندۇققا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

قەيسەرجان دوختۇرنىڭ ئالدىغا ئاستا كەلدى-يۇ، ئورۇندۇقتا ئولتۇرمىدى.

— يۈسۈپ دوختۇر تاغا، ئەتە... مېنى سىز ئۆز... قولىڭىز بىلەن ئوپېراتسىيە قىلامسىز؟ — دېدى ئۇ دوختۇرنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلگەن ھالدا.

— ھەئە، مەن قىلىمەن. بۇنى سىز قانداق بىلدىڭىز؟ — دېدى يۈسۈپ دوختۇر ھەيرانلىق ھېس قىلغان ھالدا ۋە بالىنىڭ بېشىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلاپ قويدى.

— مو... مومام دەپ بەردى. مومام «يۈسۈپ دوختۇر بەك ئۇستا دوختۇردەك. ئۇ داۋالىغان كېسەللەر پۈتۈنلەي ساقىيىپ كېتىدىكەن. ئۇ سېنىڭ كېسىلىڭنىمۇ چوقۇم ساقايتىدۇ» دەيدۇ.

كۆز ئالدىدا تۇرغان بۇ سەبىي بالىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ يۈسۈپ دوختۇرنىڭ دىماقلىرى ئېچىشقاندەك بولدى. ئۇ ئۆزىنى سەل تۇتۇۋالدى ۋە:

— قەيسەرجان، سىز بەك ئەقىللىق ھەم باتۇر بالا. شۇڭىمۇ سىزگە قەيسەرجان دەپ ئات قويغان. خاتىرجەم بولۇڭ، سىزنى مەن ئۆز قولۇم بىلەن ئوپېراتسىيە قىلىمەن. سىز پات ئارىدا ساقىيىپ كېتىسىز. بۈگۈن چىقىپ ئوبدان ئارام ئېلىڭ، بولامدۇ؟ — دېدى قەيسەرجاننىڭ دۈمبىسىگە يېنىك شاپىلاقلاپ.

— بولىدۇ، مومام... مومام ماڭۇ

خەتنى سىزگە ئەكىرىپ بەر دېگەنىدى، — قەيسەرجان چوكىدەك ئورۇق قوللىرى بىلەن ئاغزى چىڭ چاپلانغان بىر كونۋېرتنى يۇسۇپ دوختۇرغا بەردى. يۇسۇپ دوختۇر ئەجەبلەنگەن هالدا كونۋېرتنى ئېلىپ، يىرتىشقا تەمشىلۋېدى، قەيسەرجان: — يا... ياق، بۇ خەتنى مومام سىزنى ئۆيگە ئاپىرىپ ئوقۇسۇن، باشقىلار كۆرۈپ قالمىسۇن دېگەنىدى، — دېدى ئۆتۈنۈش تەلەپپۇزىدا.

يۇسۇپ دوختۇر زېرەك ئادەم بولغاچقا، ئىشنىڭ تېگىگە يېتىپ بولدى. ئۇ ئەمدى بۇ ساددا، سەبىي هەم ئاجىز يۈرەكنى رەنجىتىشنى خالىمىدى. شۇڭا زورىغا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

— بولىدۇ. بېرىپ مومىڭىزغا دەڭ، بۇ خەتنى مەن ئۆيگە ئاپىرىپ ئوقاي، — دېدى-دە، يانچۇقىغا سېلىپ قويدى. قەيسەرجان چىقىپ كەتكەندىن كېيىن يۇسۇپ دوختۇر كونۋېرتنى ئاچتى. ئۇ پەرەز قىلغىنىدەك كونۋېرتقا ئۈچ يۈز يۈەن پۇل سېلىنغانىدى. يۇسۇپ دوختۇر پۇلنى كونۋېرتقا سېلىپ ئۇنىڭ ئاغزىنى قايتىدىن چاپلىدى ۋە تارتمىغا سېلىپ قويدى. بۇنى قەيسەرجان ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقىدىغان كۈنى ئۇلارغا قايتۇرۇپ بېرىشنى نىيەت قىلدى.

ئەتىسى ئوپېراتسىيە خېلىلا ئوڭۇشلۇق بولدى. قەيسەرجان ئالاهىدە كۆزىتىش ئۆيىدە بىرهەپتە ياتقاندىن كېيىن ئادەتتىكى ياتاققا يۆتكەپ چىقىلدى. دوختۇر ۋە سېستىرالارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ داۋالىشى نەتىجىسىدە ئۇنىڭ سالامەتلىكى كۈندىن-كۈنگە ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. بۇنى كۆرۈپ مومايىنىڭ كۆڭلى خېلى خاتىرجەم بولۇپ قالدى. قەيسەرجان بىلەن بىرياتاقتىكى كېسەللەرمۇ خۇشال بولۇشتى.

ئون بەش كۈندىن كېيىن ئوپېراتسىيە يىپلىرى ئېلىۋېتىلدى. ئۇ ئەمدى چوڭ-كىچىك تەرەتتە مومىسىنى ئاۋارە قىلمايدىغان بولدى. ئۇ كۆڭلىدە: مومام مەن ئۈچۈن كۆپ جاپا چەكتى. چوڭ بولسام مومامغا چوقۇم ياخشى قارايمەن. ياخشى ئوقۇپ، چوڭ كادىر بولۇپ، هەر ئايدا تاپقان مائاشىمنى مومامغىلا بېرىمەن، دەپ ئويلاتتى.

بىركۈنى ئۇ، يۈز يۇيۇش ئۆيىدىن چىقىپ كارىدوردا كېتىۋاتقىنىدا باش دوختۇر ئىشخانىسىدا مومىسى بىلەن يۇسۇپ دوختۇرنىڭ ئۆزى توغرىلىق پاراڭلىشىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ قالدى. ئىشىك قىيا ئوچۇق ئىدى. ئۇ ئىشىككە يېقىن كېلىپ ئۇلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالدى.

— چوڭ ئانا، سىزگە دېمىسەك بولمىدى. سىز تاپشۇرغان پۇل تۈگىدى. نەچچە كۈندىن بۇيان قەيسەرجاننىڭ دورىلىرىنى هېسابات دەپتىرىگە يېزىپ قويۇپ ئىشلىتىۋاتقاندۇق. بۈگۈن سېستىرالار باشلىقى دورا ئالغىلى كىرسە، دورا بۆلۈمىدىكىلەر دورا بەرمەپتۇ. ئەسلى قائىدە بويىچە ئالدى بىلەن پۇل تاپشۇرۇش، ئاندىن دورا ئېلىش بۇ دوختۇرخانىمىزنىڭ بەلگىلىمىسى. بۇنى توغرا چۈشىنىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. قەيسەرجان تېخى خەتەرلىك باسقۇچتىن ئۆتۈپ كەتكىنى يوق. ئەگەر داۋالاشنى توختىتىپ قويساق،

پۈتكەن جاي يىرىڭلاپ قالسا ياكى باشقىچە
ئەھۋال بولۇپ قالسا، ئۇ چاغدا ياخشى
بولمايدۇ، — دوختۇر مومايغا چۈشەندۈرۈۋاتات-
تى.

— جېنىم بالام، پەرىشتىدەك ئادەم
ئىكەنسىز. ھېلىمۇ بىزگە جىق ياخشىلىق
قىلدىڭىز، بالامنى شۇنچىلىك ساقايتىپ
بەرگىنىڭىزگە مىڭ-مىڭ رەھمەت. راست
گەپنى قىلسام، ئەمدى مەندە ھېچقانداق
پۇل قالمىدى. بۇ يەرگە كەلگۈچە پۇلغا
يارىغۇدەك نەرسىلىرىمنى سېتىپ، بار
پۇلنىڭ ھەممىسنى ئېلىپ كەلگەن. ئەمدى
پەقەت قۇلىقىمدىكى مۇشۇ ئالتۇن ھالقىلا
قالدى. بۇمۇ قانچىلىك پۇلغا يارار... مەن
مۇشۇ قېرى جېنىم بىلەن ئەمدى نەدىنمۇ
پۇل تاپارمەن، — موماي شۇ گەپلەرنى
قىلىپ بولۇپ ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلاپ
كەتتى.

مومىسىنىڭ بىچارە ھالىتىنى كۆرۈپ
قەيسەرجان قاتتىق ئازابلاندى. يۈرىكى
يىڭنە سانجىغاندەك قاتتىق بىر ئاغرىدى-
دە، گۇپپىدە يەرگە يىقىلىپ چۈشتى.
دوختۇر بىلەن موماي دەرھال يۈگۈرۈشۈپ
چىقىپ، يەردە سوزۇلۇپ ياتقان قەيسەرجاننى
كۆرۈپ ھاڭ-تاڭ بولۇشقىنىچە بىر-بىرىگە
قارىشىپ تۇرۇپ قالدى.

— تېز بولۇڭلار! جىددىي قۇتقۇزۇش
بۆلۈمىگە ئەكىرىڭلار! — يۈسۈپ دوختۇر
سېستىرالارغا بۇيرۇدى. جىددىي قۇتقۇزۇش
بۆلۈمىدە دوختۇر ۋە سېستىرالار پاتىپاراق
بولۇشۇپ كەتتى. يۈسۈپ دوختۇر سېستىرانى
دەرھال دورا ئەكىلىشكە بۇيرۇدى. سېستىرا
چىقىپ كېتىپ ھايال ئۆتمەي قايتىپ كىردى
ۋە:

— كەچۈرۈڭ، باش دوختۇر، سىز
بۇيرۇغان دورىنى ئەكىلەلمىدىم. ئۇلار
ئالدى بىلەن قائىدە بويىچە پۇل تاپشۇرۇڭلار
دەيدۇ، — دېدى ئامالسىز قالغان قىياپەتتە.
يۈسۈپ دوختۇر چىرايى بارغانسېرى تاتىرىپ
كېتىۋاتقان قەيسەرجانغا قاراپ جىددىيلىشىپ
كەتتى. كارىدوردا ئۆزىنى ئۇياقتىن بۇياققا
ئېتىپ يىغلاۋاتقان مومايىنىڭ يىغىسى ئۇنى
تېخىمۇ بىئارام قىلىۋاتاتتى. دوختۇرنىڭ
ۋەزىپىسى كېسەلنى داۋالاپ، ئادەمنى
قۇتقۇزۇش، شۇڭا كىشىلەر دوختۇرنى
«ئاق خالاتلىق پەرىشتىلەر» دەپ
تەرىپلىشىدۇ. لېكىن دوختۇرنىڭ ھەرقانچە
كارامىتى بولغان بىلەن دورا بولمىسا،
ئۇنىڭ ئۇ كارامىتى نېمىگە ئەسقاتىدۇ،
دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەن يۈسۈپ
دوختۇر يانچۇقىدىن ئىككى يۈز يۈەن پۇلنى
چىقىرىپ سېستىراغا ئۇزاتتى. بۇنى كۆرگەن
باشقا دوختۇر ۋە سېستىرالارمۇ يېنىدا بار
پۇللارنى چىقىرىشىپ سېستىراغا ئۇزىتىشتى.
بۆلۈم ئالدىدا توپلىشىپ تۇرغان كېسەللەر
ۋە كېسەللەرنى يوقلاپ كەلگەنلەر بۇ
مەنزىرىدىن قاتتىق تەسىرلەندى. ئۇلارمۇ
ئاز-كۆپتىن پۇللارنى چىقىرىپ، ئاز بولسىمۇ
بىزنىڭ كۆڭلىمىز، بالىنى بىر ئامال قىلىپ
قۇتقۇزۇۋېلىڭلار، — دەپ ئۆز كۆڭۈللىرىنى
ئىزھار قىلىشتى. دورا، ئوكۇللار ئېلىپ
كېلىندى. كەچ كىردى. بىراق قەيسەرجان
يەنىلا بىھوش ياتاتتى. نەۋرىسىنىڭ بېشىدا
يۇم-يۇم يىغلاپ ئولتۇرغان مومايغا قاراپ
يۈسۈپ دوختۇرنىڭ يۈرىكى ئېچىشاتتى.
ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە قەيسەرجاننىڭ:

«ئەتە مېنى سىز ئۆز قولىڭىز بىلەن ئوپېراتسىيە قىلامسىز؟ مومام كېسەللىكنى چوقۇم ساقايتىدۇ، دەيدۇ» دېگەن ئاۋازى قايتا جاراڭلىغاندەك بولدى. ئۇ ئۆزىنى زورىغا تۇتۇۋالدى.

بالىنىڭ ئەھۋالى بارغانسېرى ناچارلىشىپ كېتىۋاتاتتى. دوختۇرنىڭ قالتىس كاراماتمۇ تەقدىرنىڭ ئالدىدا ئاجىزلىق قىلىۋاتاتتى. ئۇ بار ئامال-چارىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىشقا سالدى، بىراق نەتىجىسى بولمىدى. ئۇ يۈرەك تىڭشىغۇچنى قەيسەرجاننىڭ كۆكرىكىگە قويۇپ ئۇزاققىچە تىڭشىدى. لېكىن بۇ يۇمران يۈرەك سوقۇشتىن ئاللىقاچان توختىغانىدى.

قەيسەرجاننىڭ مومىسى نەۋرىسىنىڭ جەسىتىنى چىڭ قۇچاقلىغىنىچە ھۆڭگۈرەپ ئېتىپ يىغلاپ، دوختۇرخانىنىڭ ئىچىنى بىر ئالدى. «ۋاي جېنىم بالام... جېنىم قوزام... مېنى يالغۇز تاشلاپ نەگە كېتىسەن؟ بىچارە موماڭ ئەمدى قانداق قىلىدۇ؟! ئاھ خۇدا، سېنى ئادىل دەيدۇ. سېنىڭ نەرىڭ ئادىل؟! مەن بىر ئاجىز بىچارە قۇلۇڭغا مۇشۇنداقمۇ رەھىمسىزلىق قىلامسەن؟! مەن سېنىڭ ئالدىڭدا شۇنداق تۈگىتكۈسىز گۇناھ ئۆتكۈزدۈممۇ؟!» ئەتراپتا توپلىشىپ تۇرغانلارمۇ ئىختىيارسىز كۆز يېشى قىلىشتى. يۈسۈپ دوختۇر ئۆز ئىشخانىسىدا ئولتۇرۇپ مومايىنىڭ زارىغا چىدىمىدى.

ئۇ مومايىنىڭ قېشىغا چىقىپ ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى:

— چوڭ ئانا، سەۋرى قىلىڭ، ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ. ئۆلگەننىڭ كەينىدىن ئۆلگىلى بولمايدۇ. يىغىغا، داد-پەريادقا ئۆلگەن ئادەم تىرىلىپ كەلمەيدۇ. ئەگەر شۇنداق بولغان بولسا، ھەممىمىز سىزگە ياردەم قىلغان بولاتتۇق. نەۋرىڭىزنى قايتا تىرىلدۈرۈپ سىزنى بۇ ئازابتىن قۇتۇلدۇرغان بولاتتۇق. بىراق بۇ بىز بەندىلەرنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. سىزگە ئوخشاشلا بىزمۇ قەيسەرجاننى ياخشى كۆرىمىز. بىز ھەرقانچە ئامال قىلىپمۇ ئۇنى قۇتقۇزۇپ قالالمىدۇق، بىزنى كەچۈرۈڭ، چوڭ ئانا!

ئۇ مومايىنى يۆلەپ دېرىزە ئالدىدىكى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. موماي يىغىدىن ئۆزىنى زورىغا توختىتىپ، ئىسەدەپ تۇرۇپ:

— جېنىم باللىرىم، رەھمەت سىلەرگە. ھېلىمۇ كۆپ جاپا چەكتىڭلار. نەۋرەمنىڭ يەيدىغان رىسقى شۇنچىلىك ئىكەن، بۇنى سىلەردىن كۆرمەيمەن. بۇمۇ مېنىڭ تەقدىر-پېشانەم، كىم مېنى مۇشۇنداق شورپېشانە تۇغۇلسۇن دەپتۇ؟! ئەمدى مەن بۇ دۇنيادا تىكەندەكلا يالغۇز قالدىم؛ ئاھ، خۇدا... — موماي يەنە بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

قەيسەرجاننىڭ جەسىتى جەسەت ساقلاش ئۆيىگە ئەكىرىپ كېتىلدى. ئەتىسى يۈسۈپ دوختۇر مومايغا ھەممە يەر ئوخشاشلا خۇدانىڭ زېمىنى بولغاندىكىن جەسەتنى مۇشۇيەردىلا دەپنە قىلىش ھەققىدە مەسلىھەت بەردى. بىراق موماي بۇنىڭغا ئۇنىمىدى.

ئۇ، نەۋرەمنىڭ ئۆلۈكىنى ياقا يۇرتتا قويۇپ كېتىشكە كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ، ھېيت-ئايەملەردە ئۇنىڭ تۇپراق بېشىنى يوقلاپ

تۇرغۇدەك بۇ يۇرتتا مېنىڭ ئۇرۇق-تۇغقىنىممۇ يوق. ھەرقانچە جاپاچەكسەممۇ ئۇنى يۇرتقا ئەكەتمەن، دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن يۈسۈپ دوختۇر ئۇلارنى بىرئامال قىلىپ يۇرتىغا يولغا سېلىپ قويماقچى بولدى.

ئۇيانىدىن-بۇيانىدىن ئۇقۇشۇش ئارقىلىق مومايىنىڭ تەلىيىگە يۇرتقا ماڭىدىغان تونۇش شوپۇرمۇ چىقىپ قالدى.

يۈسۈپ دوختۇر ئۇلارنى يولغا سېلىش ئالدىدا قەيسەرجاننىڭ يۈزىگە يېپىلغان ئاق رەختنى ئاستا ئاچتى. قەيسەرجان ھېلىلا ئۇخلاپ قالغاندەك ياتاتتى. ئۇنىڭ سول مەڭزىدە بىر تامچە ياش، ياق، بىرتامچە سۈپسۈزۈك مۇز پارچىسى پارقىراپ تۇراتتى. لەۋلىرى خۇددى بىر گەپ قىلماقچى بولۇپ تەمشىلىۋاتقاندەك، يېرىم ئېچىلغان ھالەتتە ئىدى. ئۇ نېمە دېمەك-چىدىكىنە؟ يا دوختۇرتاغام مېنىڭ ھاياتىمنى قۇتقۇزۇپ قالالمىدى دېمەكچىمىدۇ؟

يۈسۈپ دوختۇر كۆڭلى بۇزۇلغان ھالدا ئېغىر ئۇھ تارتتى. ئۇ جەسەتنى ماشىنىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇپ، 300 يۈەن پۇل سېلىنغان ھېلىقى كونۋېرتنى يانچۇقىدىن ئېلىپ مومايىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

ئاردىن بەش يىل ئۆتۈپ كەتتى. يۈسۈپ دوختۇر ھەر قېتىم ئارخىپ ساقلاش ئۆيىگە كىرگىنىدە ئىختىيارسىز قەيسەرجاننىڭ كېسەل ئارخىپىنى قولىغا ئېلىپ، چوڭقۇر خىيالغا پاتاتتى...

مەسئۇل مۇھەررىرى سارەم ئىبراھىم

---

بېشى (115-بەتتە)

بىردەم ئۇننى ئىچىگە يۇتۇپ، بىر نېمىلەرنى ئوقۇپ تۇرىدىكەن. مۇسا قارىي «مېنىڭ پۇتۇم ئەمەس. دېۋە-پەرىلەرنىڭ پۇتى. يا-داۋا، يا-شىپا... چىق! كودى چىق! رەسۋا كودى، بىھايا كودى. ئەسكى تۈگمەنگە بار، يالغۇز قەبرىگە بار! ئېشىنى يېيەلمەس، چېپىنى ئىچەلمەسنىڭ يېنىغا بار!» — دەپ قىپ-قىزىل كەتمەننىڭ ئۈستىگە پۇتىنى قويۇپ، دەرھال پۇتىنى كۆتۈرۈپ، كېسەلنىڭ يالىڭاچ بەدىنى ئۈستىگە دەسسەيدىكەن.

تۇخۇم بىلەن پاتلانغان تونۇر كاۋىپى ئوتتا كۆيمىگەنگە ئوخشاش، ئۇنىڭ پۇتىنىڭ ئالقىنىغا قېلىن بىر قەۋەت تۇخۇم ئۇيۇپ قالغانلىقتىن، ئۇنىڭ پۇتى دەرھاللا كۆيمىگەن بىلەن قىزدۇرۇلغان كەتمەندىن ئېلىنغان پۇتى كېسەلنىڭ يالىڭاچ بەدىنى ئۈستىگە قويۇلغان ھامان كېسەلنىڭ بەدىنى كۆيۈپ، ئاغرىققا چىدىيالماي ۋارقىراپ كېتىدىكەن. مانا بۇ مۇسا قارىينىڭ قىزدۇرۇلغان كەتمەن ئۈستىگە دەسسەپ كېسەل داۋالىشى ئىكەن.

1996-يىل، دېكابىر، ئۈرۈمچى

مەسئۇل مۇھەررىرى ماموت زايىت

مۇھەممەت ئىمىن

## كۆڭۈل ئاسىمىنىدىكى چاقماقلار

### كۈتتىدۇ مېنى سەھرادا بىر قىز

كۈتتىدۇ مېنى سەھرادا بىر قىز،
مېھرى ئوت-لاۋا، قارامتۇل چىراي.
شوخ تەبەسسۇمى، نۇرلۇق سىماسى
يۈرەك-باغرىمدىن ئالغان چوڭقۇر جاي.

كۈتتىدۇ مېنى سەھرادا بىر قىز،
شەپەقنى يىرتىپ ئارتىپ بېشىغا.
كۆزلىرى يۇلتۇز، مەڭزى چوغ-توقاچ،
ياراشقان ئوسما ئەگىم قېشىغا.

كۈتتىدۇ مېنى سەھرادا بىر قىز،
سېغىنىشنى يەتكۈزەر شامال.
ئەسلىتەر ئۇنىڭ سۇمبۇل چېچىنى
تەۋرەنسە لەرزان تاغدا مەجنۇنتال.

كۈتتىدۇ مېنى سەھرادا بىر قىز،
دۇتار تارىدىن ۋاپاسى ئايان.
سۆزلۈك سۇنىڭ شىلدىرلىشىدىن
شوخ كۈلكىسىنى ئاڭلايمەن ھامان.

كۈتتىدۇ مېنى سەھرادا بىر قىز،
ئېسىمگە سېلىپ سەبىي چاغلارنى.

كەڭ شورتاڭ دالا،
توپا يول،
ئۆستەڭ،
شورىدىن كىرگەن گۈزەل باغلارنى.

كۈتتىدۇ مېنى سەھرادا بىر قىز،
ئات قىلغان چۆنىق قالدى قەيەردە؟
لايدىن ياسىغان قوچاق بالىمىز،
ئويىنامدۇ خۇشال قوپۇپ سەھەردە؟

كۈتتىدۇ مېنى سەھرادا بىر قىز،
تەلمۈرۈپ يولغا ھىجران-پىراقتا.
يەنە بىر كەلسە شۇ سەبىي چاغلار،
زارىقمايتتۇق، ئاھ، بۇنچە يىراقتا!

### نادامەت

قالغانمۇ چىمەندە ياشلىق باھارىم،
ئىزدىدىم، يەنجىلگەن كوكات تۆكتى ياش.
مۆكۈنۈپ ئالغانمۇ يا كۆل بويىغا،
سۆزلۈك سۇ ئەلەمدە چايقاپ كەتتى باش.
ئاھ ئىسسىت، قېنى سەن گۈلدەك ياشلىقىم،
بېشىمغا چىقتىمۇ بەگباش — شاشلىقىم؟!

ئاق بولۇت قونغاندا ئىككى چېكەمگە ،
چۆچىدىم، ئىزدىدىم، قالدىم تېڭىرقاپ.
نەزمىنى بەزمىگە قىلغاندا تۇتروُق ،
قاچقانمۇ ياشلىقىم ئىزىپ، يېتىرقاپ؟
ئاھ ئىست، قېنى سەن گۈلدەك ياشلىقىم،
بېشىمغا چىقتىمۇ بەگىباش-شاشلىقىم؟!

كۆز تىكسەم زەر كۆككە ، كۆز قىساس يۇلتۇز ،
مەسخىرە ، رەنجىش بار قاراشلىرىدا .
ئاچچىق بار چېچىمنى تاراشلىرىدا .
ئاھ ئىست، قېنى سەن گۈلدەك ياشلىقىم،
بېشىمغا چىقتىمۇ بەگىباش-شاشلىقىم؟!

تەگتۈشلەر چېھرىگە قونغان غەيۇرلۇق ،
يىغلايدۇ ئىزىنى كۆمەلمەي بوران .
باقسام يوق ئارقامدا ھەتتا بىر چوغلۇق ،
لەيلەيدۇ ئالدىمدا قويۇق ئىس-تۇمان .
ئاھ ئىست، قېنى سەن گۈلدەك ياشلىقىم،
بېشىمغا چىقتىمۇ بەگىباش-شاشلىقىم؟!

پۇشايمان تۇلپىرى قارىغۇ، ئورۇق ،
يىراقتا قالدى يول، مەنزىل ۋە ئارمان .
ئەمدى چىلك تۇتسامۇ يۈگەننى تولۇق ،
قاچقان پەيت كەلمەيدۇ قولۇمغا ھامان .
ئاھ ئىست، قېنى سەن گۈلدەك ياشلىقىم،
بېشىمغا چىقتىمۇ بەگىباش-شاشلىقىم؟!

## رەنجىمە ، ئادەملەر ياشايدۇ شۇنداق

كۆكلىدىك ، شاخلىدىك ، مېۋەك مول-سانجاق ،
دۆپۈرلەر ئاستىدا مىڭلىغان ئاياق .
سىرىق سۇ تامچىغان ئىغىزلار كەك ھاك ،
كۆك تامان سوزۇلغان قوللاردا تاياق .
ئېگىلگەن شاخلىرىك پۇتالدى، سۇندى ،
كېلەر كۆز ئەسقاتار دېھىدى بىراق .
قۇرۇدۇك ، كېسىلدىك ، غولۇك تۆيگە خە ،
ياسالدى ئەگمەڭدىن ئىگەر ، لىڭگىلچاق .
تەمچىك تونۇرغا قىلىندى تۇتروُق ،
كۆللىرىك سورۇلدى كۆككە بى سوراق .
ئىمىتىك يۈزىنى قىلمىدى ھېچكىم ،
شەربىتىك سۈمۈرۈپ سالىسمۇ قورساق .
رەنجىمە ، ئادەملەر ياشايدۇ شۇنداق ،
تاماقنى يەپ بولۇپ چاقىدۇ تاۋاق .

ئۇخچۇساك كار قىلماي تاغ-داۋان ، توساق ،
تۈيىقىك تاش ئۈزرە چاقاتتى چاقماق .
سۈرئىتىك ئەسلەتسە ئۇچقۇر شامالنى ،
پەمىگە يات ئىدى نىشاندىن ئازماق .
ئىگەڭنى قۇتقۇزغان قورشاۋنى يېرىپ ،
ياۋ قىستاپ كەلگەندە دەپ ئورنۇك دوزاق .
تەگكۈزگەن مايغا ھەم ئىگەك ئاغزىنى ،
پەللىگە ئۇچۇپ تېز ، تارتقاندا ئۇغلاق .
قانچە رەت بەيگىدە شان قۇچقان يەنە ،
ئىگەڭنىك قويىنغا ئاققان زەر يارماق .
جېنىم سەن ، دەيتتى ئۇ يايلىڭنى تاراپ ،
شادلىنىپ ، تىلىدىن تامدۇرۇپ قايماق .
قېرىدىك ، تېنىڭدىن كەتتى كۈچ-ماغدۇر ،
سالدى ئۇ سېنى قوش-سۆرەمگە ھەرۋاق .
ئاچ قالدىك ھەم ئۇسسۇز ، كەتتىك ماكچىيىپ ،
ئۆكسىمەي دۈمبەڭدىن قامچا ۋە تاياق .
رەنجىمە ، ئادەملەر ياشايدۇ شۇنداق ،
ۋاپاغا جاپادىن قۇرىدۇ توزاق .

ئاتلانىدىك سەپەرگە ، مەنزىلىك يىراق ،
دىلىڭغا ئەقلىڭدىن يېقىلدى چىراق .
تازا مول غەملىدىك ئوزۇق-تۈلۈكنى ،
ئىگەردە قوش تۇلۇم ، بېلىڭدە قاپاق .
شوڭغۇدۇك قىزىغان تونۇرغا گويا ،
قوملۇققا ئىچكىرلەپ باسقاندا ئاياق .
كۆردۈڭكى ، توپ كارۋان قالغان يىقىلىپ ،
بەئەينى يىلتىزى قىرقىلغان قىياق .
ئۇسسۇزلۇق سۆرەيدۇ جەھەننەم تامان ،
تىنىقى ئوت-ئاتەش ، لېۋى قاغجىراق .
قاپاقتىن بىر-بىرلەپ تېمىتتىڭ زەم-زەم ،
سۇندى شۇم ئەجەلدىن تەگلەنگەن چوماق .
ئەپكەتتى تۈلۈمنى تىرىلگەن جانلار ،
قۇتقۇزساڭ قىلىشىپ بۇرنۇڭدىن بۇلاق .
رەنجىمە ، ئادەملەر ياشايدۇ شۇنداق ،
بولمىسا چىن مىزان ئىنساب ۋە ئەخلاق !

## مەن سېنى سۆيىمەن سۆيۈملۈك نىگار

مەن سېنى سۆيىمەن سۆيۈملۈك نىگار ،
نېمىشقا سۆيىمەيمەن يۈرەكتە تۇرساڭ ؟ !
بولغاندا كۆڭلۈ تۈن دىدارىڭغا زار ،
زەر شەبنەم چاقنىغان چېچەكتە تۇرساڭ ؟ !
سەن ئۈچۈن قەلبىمدە تۇغۇلغان باھار
تەپتىدىن ئۇلغايغان تىلەكتە تۇرساڭ ؟ !

* * *

مەن سېنى سورىدىم ئايدىن ، قۇياشتىن ،
ئۈيۈلۈپ ئاي ، قۇياش سۈرمىدى زۇۋان .
مەن سېنى سورىدىم گۈلدىن ، قاشتاشتىن ،
باستى گۈل ، قاشتاشنىڭ چېھرىنى تۇمان .
لەۋ ، مەڭزىڭ رەڭ ئالغان چوغدىن ، ئوتقاشتىن ،
سەن گۈزەل پەرىزات ، يوق قىلچە گۇمان .

كۈندە كۆز ئالدىمدىن كەتمەيسەن نىگار ،
تەلمۈرسەم پەلەككە ، يۇلتۇز ، ئايدا سەن .
دەرياغا قارىسام بولۇپ ئىنتىزار ،
كۈلسەن سۇ ئۇزرە بولۇپ پەيدا سەن .
سېغىنىش قىلدىغۇ ئۇيقۇدىن بىدار ،
تولغىنىپ ، ئۆرتىنىپ دەيمەن قايدا سەن ؟

سەن ياكى ئالۋۇنمۇ چۆلدە چاقنىغان .
قاقشايمەن يېتەلمەي ۋەسلىڭگە ئەجەب .
يىراقلاپ كېتىسەن كەلسەم تىكىپ جان .
يۈرۈيمەن دەشت كېزىپ تىنەپ ، تەمتىرەپ .
ئىشقىڭدا مەجنۇنمەن ئەقلىمدىن ئازغان ،
ئەپكەتكىن يېنىڭغا مېنى يېتىلەپ .

قېرىشىپ قالدىمۇ تەقدىر ئىلاھى ،
لېۋىڭدىن سۇ ئىچمەي كەتتىم قاغجىراپ .
چۈشۈمدە تەسەللى بېرىدۇ گاھى ،
ئۈمىدكە-مىنگەشكەن ۋىسال يالتىراپ .
تىلەيمەن ، ھىجراننى مۆھەببەت شاھى
مۆكچەيگەن يەلكەمگە ئارتما ئالدىراپ .

* * *

مەن سېنى سۆيىمەن سۆيۈملۈك نىگار ،
نېمىشقا سۆيىمەيمەن يۈرەكتە تۇرساڭ ؟ !
بولغاندا كۆڭلۈ تۈن دىدارىڭغا زار
زەر شەبنەم چاقنىغان چېچەكتە تۇرساڭ ؟ !
سەن ئۈچۈن قەلبىمدە تۇغۇلغان باھار
تەپتىدىن ئۇلغايغان تىلەكتە تۇرساڭ ؟ !

ئابدۇللا ساۋۇت

# ۋىسال ئارزۇسىدا

1

نىگاھىڭ تەپتىدىن ئالەم كۆيۈپ ھەر بارە ئېرىيدۇ،
يەنە يۇلتۇز بىلەن ئاي ھەم پۈتۈن سەييارە ئېرىيدۇ.
ئېچىلسا گۈل كەبى چېھرىڭ گۈزەللىكنى قىلىپ شەرھى،
جامالىڭ ۋەسپىگە تويماي جىمى رۇخسارە ئېرىيدۇ.
گۈزەللىك شاھى سەن يەكتا، گۈزەللىك كۆندىشىڭ مەڭگۈ،
ئۇلار رەشىك ئەيلىسە ئاخىر تاپالماي چارە ئېرىيدۇ.
مۇھەببەت بابىدا بىرلا مېنى مەپتۇن، ئەسىر قىلدىڭ،
ۋىسالىڭنىڭ تەمەسىدە يۈرەك سەدپارە، ئېرىيدۇ.
ۋۇجۇدۇم ئوت بولۇپ ياندى، كۆيەر ئۇ تائەبەد ئۆچمەي،
تېنىم شۇ ئوتقا تاشلاندى، بولۇپ مىڭ پارە ئېرىيدۇ.
ئاشۇ قىسمەت ماڭا تالىق، كىمكى بولسا ئۆزگەرتمەك،
قولىدىن كەلمىگەي ئى يار، ئۆزى ئاۋارە ئېرىيدۇ.
سېنى سۆيگۈ قۇياشىم دەپ پىدائىي زىكرى-تەلقىندە،
شۇڭا ئاھىدا ھەتتاكى قۇياش بىچارە ئېرىيدۇ.

2

ھاياتىم ئىشقىنى ئىشقى ناۋالارغا چاچاي دەيمەن،
مۇھەببەتنى ھامان قەلبى لاۋالارغا چاچاي دەيمەن.
ۋىسال ئارزۇسىدا دايىم ئۇلۇغ دەريا بولۇپ ئاقتىم،
يېشىمنى گۈل-چىمەن، سۇمبۇل، گىياھلارغا چاچاي دەيمەن.
نىگار لەۋ جامىدا كەۋسەر ئۆزاتماي قىلدى دىۋانە،
يۈرەكنىڭ ئاھىنى دەردلىك نىدالارغا چاچاي دەيمەن.
ۋۇجۇدۇم ئەسلىدىن تۇپراق ئىدى، توزانغا ئايلاندى،

توزانىمنى شامال مىسلى ھاۋالارغا چاچاي دەيمەن.
گۈزەللىك ئالىمىدىن ھەي، ئەگەر بىر زەررە نۇر تاپسام،
قۇياشقا تەڭ قىلىپ قەددى زىبالارغا چاچاي دەيمەن.
دىلىم خۇمدانىدا بىر جان ئەجەب مىڭ جان بولۇپ پىشتى،
جىنىمنى دان قىلىپ ئاھ جان پىدالارغا چاچاي دەيمەن.
نومۇس-ئارىمنى كۆيدۈرگەن ۋاپاسىزلار دىسە، ئاسىي؛
قېنىمنى تامچە قويماستىن رىيالارغا چاچاي دەيمەن.
پىدائىي خەزىنىسى لىقتۇر ئۈمىد، غەيرەتكە، پاك روھقا،
ئاشۇ بايلىقنى مەن روھىي گادايلارغا چاچاي دەيمەن.

3

ئالەم غېمىدىن ھەر زامان بۇ تەندە جانىم ئۆرتىنەر،
ئادەم غېمىدىن بىگۇمان گۈل رەڭدە قانىم ئۆرتىنەر.
ئالەم نېمە؟ ئادەم نېمە؟ ئارزۇ-ئۈمىد، غايەم نېمە؟
شۇ ئويى بىلەن ئاققان يېشىم، ئۆركەش-قىيانىم ئۆرتىنەر.
ئەجدادلىرىم بەرگەن مىراس، دەسمايە بولدى ماڭا خاس،
دەسمايە يەپ باققاچقا جان، ئاش بىرلە نانىم ئۆرتىنەر.
غەپلەتنى بىلدىم تىل تۇمار، سۆيىقەستكىمۇ بولدۇم خۇمار،
دوستلارنى ساتتىم، سودىدا پايدا-زىيانىم ئۆرتىنەر.
كەلدىم پېشىماي ئۆزئارا، ئۈچلۈك توپەيلى دىل يارا،
ئۆملۈك-زەپەر-شانىم ئىدى، ئەپسۇسكى، شانىم ئۆرتىنەر.
ھەر بىر قەدەمنى تەستە مەن ماڭدىم، لېكىن بەك پەستە مەن،
جاھىللىقىمدىن نەدە مەن، ئۇشبۇ گۇمانىم ئۆرتىنەر.
شۇمۇ مېنىڭ ئىنسانلىقىم، بولدى بالا نادانلىقىم،
شۆكۈر-ساناغا ياندىشىپ ھەسرەت-پىغانىم ئۆرتىنەر.
ئۇنتۇلدى ئاھ ئەسلىم مېنىڭ، قانداق بولۇر نەسلىم مېنىڭ،
پىكرۇ خىيالىم «مەن» دېگەن چوتلاردا سانىم ئۆرتىنەر.
«مەن»لىك تەمەنناسى نېمە، دەۋران تەقەززاسى نېمە؟
بىلگىل پىدائىي، بىلمىسەڭ روھىم، ئىمانىم ئۆرتىنەر.

ئابلەت ئەخمەت

# تىلەيمەن سىلەرگە خەيرلىك سەھەر

### يىگىت

ھەر گىياھ سىڭىنگەدەك بىخ يارىدۇ تىك،
بىجىرىم بەستىڭدىن سىن ئالغان تاغلار.
ئاي-قۇياش چىقىدۇ-پاتىدۇ مەغرۇر،
جەسۇردۇر شەندەكلا ئۆستۈرگەن باغلار.

ئوت نىمە؟ ئاتەش ھەم يالقۇنلار نىمە؟
ھەممىسى جىسمىڭدىن توزىغان بىر كۆل.
تاش نىمە؟ پولات ھەم ئالماسلار نىمە؟
سۇ بولۇپ ئېرىيدۇ قولۇڭدا پۈتكۈل.

قەھرىڭدە يولۋاسلار قايتار ئىزىدىن،
ئاۋازىڭ چاقماقنى قىلىدۇ كۆيۈك.
مېھرىڭدىن بارخانلار قالار پۈرەكلەپ،
شاپتۇلدەك بۇ دۇنيا قولۇڭدا شۆيۈك.

ئاجايىپ قىسمەتكە دۇچارسەن ھامان،
غىدىقلاپ تۇرىدۇ شەيتان يېنىڭدا.
گۇمراھلار دارىغا بارالايسەن تىك،
بوۋىلار ئۇدۇمى ئۇزەر قېنىڭدا.

### گۇزگۇم

ئۇۋىسىغا ماڭار ئاق قۇشقاچ،
يۇلتۇزلارنى ئېسىپ بوينۇڭغا.
ئەجەب بۈيۈك كۆيلەر جىلۋىسى
يېپىلماقتا ئىللىق قوينۇڭغا.

يېشىل چۈشلەر سىلكىنەر غۇۋا،
قىز ھىدىنى سۈمۈرەر ئورمان.
يىراقتىكى مەۋھۇم بوشلۇقتىن،
چەكسىز سۈكۈت توزىتار مانان.

ئۇزىماقتا تاڭنىڭ كۆلكىسى،
يىرتىلماقتا بۈگۈندىن بىر بەت.
قۇياش سۆيگەن ئىللىق بىر شامال،
ئەبە ئۇچۇن، چىشلەپ كېلەر خەت.

### شېئىر ۋە شائىر

شېئىر يېزىپ باقمىغانلارغا
شېئىر دېگەن ئاددىي بىر قوشاق.
شېئىر ئۇچۇن مەجنۇن بولغانغا،
شېئىر دېگەن سىرلىق تېپىشماق.

يېزىلمىغان شېئىرلار تالاي،
يېزىلغانلار كىچىك تامچىدۇر.
شائىر دېگەن ئەمەس ئەۋلىيا،
شېئىر دېگەن گاھى قامچىدۇر.

ئادەملىكى سۇسلىغانلارنىڭ
روھلىرىغا بېرەر بەرنالىق.
شائىر دېگەن گاھى پەرىشتە،
گاھى ئاددىي، نامرات سەھرالىق.

شېئىر دېگەن پارلاق بىر قۇياش،
گاھى شۇنداق كەلدۇق قۇتلۇقلاپ.
ھاياتلىقتا شائىرنى ئەيىبلەپ،
ئۆلگەندىلا قويدۇق ئۇلۇغلاپ.

قىسمەتلىرى ئاجايىپ بىر خەق،
شائىر دېگەن تۆھمەتكە يېقىن.
چۈشىنەلمەي كېتىدۇ كۆپلەر،
شېئىر دېگەن چەكسىز بىر ئېقىن.

**ئەركىن مۇھەممەت كامالى**

# ئۇلۇغ جان ئانا

ئاي بىلەن كۈن ئۇچراشقان كەبى
مىڭ جاپادا ئۇچراشقان ئىدۇق،
گويا چاقماق بولۇپ ئايرىلدۇق.

سېنىڭ تونۇش ھىدىڭنى پۇراپ،
كۈمۈش كەبى ئاپئاق چېچىڭغا
سۈرتۈپ كۆزۈم قارىچۇقىنى مەن،
بىر كېچە،
پەقەت بىر كېچە،
قونالىدىم يېنىڭدا ئانا.
ئانام ئىدىڭ ئەسلىدە ئۆزۈڭ،
ئانا بولدۇم ساڭا بۇ كېچە،
ھەر سۆزۈڭدە «ئانام بالام» دەپ
ئەركىلىتىپ سۆيۈشلىرىڭدىن.

سېنىڭ تونۇش ھىدىڭنى پۇراپ،
كەيىپ بولۇپ قالدىممىكىن تاڭ؟!
نۇرغۇن-نۇرغۇن گېپىم بار ئىدى،
كېتىپتىمەن،
پارىڭىمىز تۈگىمەي تۇرۇپ،
ماڭا تونۇش پەنەر چىراغىنىڭ
يورۇقىدا ئۇيقۇغا ئانا.

ئۆزىتىپ قويدۇڭ سەھەردە مېنى،
كۆزلىرىڭدىن ئۈنچە ياغدۇرۇپ.

مېنىڭ بىلەن كەتكۈڭ بار ئىدى،
كېتەلمىدىڭ،
كېندىك قېنىڭ تامغان سەھرادىن
ئايرىلىشقا قىيمىغاچ كۆزۈڭ.
قورقتۇڭمىكىن ياكى جان ئانا
مەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بۇ ماكان،
مېنى ئۇنتۇپ قالارمىكىن دەپ.
قورقتۇڭمىكىن ياكى جان ئانا،
بۇ سۆيۈملۈك توپىلىق يوللار
مېنى ئەسلەپ قالارمىكىن دەپ.
سەن نەقەدەر ساددا ئانىجان،
ئەمما، مەن ئۈچۈن
ساددىلىقىڭ شۇنچە سۆيۈملۈك.
سېغىنىمەن شۇڭا ھەردەقىق
گەرچە يىراق جايدا بولساممۇ
سېنىڭ ئاشۇ ساددىلىقىڭنى.

پەرىشتىدەك ئوماق جان ئانا،
كۆرمىگەنتىڭ ھېچيەرنى تېخى
ئالقانچىلىك كەنتىڭ باشقا.
ئايرىلىشقا قىيساڭمۇ مەندىن،
قىيالمىدىڭ
شۇ سۆيۈملۈك سەھرايىڭنى سەن،
پەرىشتىدەك ئۇلۇغ جان ئانا...

ئۆمەرجان شاۋۇدۇن

# ھايات قەدرى

## 1

كۆڭلى ئالەمدىنمۇ كەڭ مەردلەرنى جۈرئەتتىن سوراڭ،
كۆكتە پەرۋاز ئەيلىگەن قۇشلارنى سۈرئەتتىن سوراڭ.
لەيلى-مەجنۇندەك ۋاپادار ئوت يۈرەك بىر جۈپنى سىز،
خۇددى ئوت-يانغىن كەبى، ئۆچمەس مۇھەببەتتىن سوراڭ.
دوست دېگەنلەرگۇ تولا، ئامەت بىراۋغا بولسا يار،
ئاشۇ دوستنى باشقا كەلگەن جەبرى-كۈلپەتتىن سوراڭ.
غورىدىن ھالۋا پۈتەركەن بولسا ئىنساندا چىدام،
شۇ چىدامنى ياخشى خىسلەت، سەبرى-تاقەتتىن سوراڭ.
قىلچە نۇقسانسىز قىلىپ كۆرسەتسە كىمدۇر ئۆزىنى،
شۇنى سىز ھەر خىل كۆرۈنگەن خۇي ۋە ئىللەتتىن سوراڭ.
بىر ئۆمۈر ئۆز نەپسىچۇن ئۆتكەننى چوغ تارتىپ ھامان،
ئوق بولۇپ ئەل نەپرىتى باسقان پالاكەتتىن سوراڭ.
يىلنى كۈنگە تەڭ قىلىپ ئۆتكەن ھاياتنىڭ قەدرىنى،
ئەل ئۈچۈن تۆككەن كۈمۈش تەر، ئەجرى-مېھنەتتىن سوراڭ.
تۆھپىدىن تاغلار ياساپ، سەپ ئالدىدا ماڭغاننى سىز،
دىلدا جۇش ئۇرغان ئۇلۇغۋار غايە-ئىستەكتىن سوراڭ.

## 2

پەسىللەر شاھى-سۇلتانى باھارغا شۇنچە ئامراق بىز،
باھاردىن نۇر ئىچىپ دائىم ياشاپ كەلگەچكە قۇۋناق بىز.
باھار كەتمەس ۋەتەنگە چىن ئەقىدە باغلىدۇق مەڭگۈ،
ۋەتەن بىر تۈپ دەرەخ بولسا، ئۇنىڭ جىسمىدا ياپراق بىز.
باھار بىرلە شەرەپ قۇچتۇق، سامادا-كۆكتىمۇ ئۇچتۇق،
ۋاقىتنىڭ تىزگىنىنى چىڭ تۇتۇپ كەلگەچكە ھەر ۋاق بىز.
مۇھەببەت، مېھرى-شەپقەتتە باھاردىن ئۈلگە ئالغاچقا،
مېغىزنى تەڭ چېقىپ يەيمىز بىرەر تال ئۈچكە تاپساق بىز.

جاھانغا سۆيگۈ، نۇر چاچقان باھار ئاتلىق پەرى بىرلە
ئەزەلدىن قان بىلەن گۆشتەك بولۇپ كەلدۇققۇ قوشماق بىز.

3

مەن بۈگۈن كەلدىم سالام دەپ، دوست-يارانلار ئالدىغا،
چېھرى نۇر-ئاپئاق گويا شۇ مېھرىبانلار ئالدىغا.
دەستە-دەستە گۈل ئېلىپ كەلدىم تەبەسسۇم ئىلكىدە،
ئىسلاھات ئاتلىق چېلىشتا قەھرىمانلار ئالدىغا.
شاشلىقىم-بەگباشلىقىمغا ئەمدى مەن سالدىم يۈگەن،
چىقمىغايمەن ئالدىراپ قاشى كامانلار ئالدىغا.
ماڭغىنىم ماڭغان مېنىڭ پارلاق ئىجادنىڭ يولىدا،
بارمىغايمەن ئەمدى ئويناشقا نادانلار ئالدىغا.
ئارزۇيۇمدۇر كەلتۈرۈش ئىلھام بۇلاقىدىن شاراب،
نەزمە-كۈيگە قەلبى تەشنا چاڭقىغانلار ئالدىغا.

مۇرات ناسىر

## نورۇز ئىلھامى

كەلدى نورۇز سۆيگۈ ئېلىپ زېمىنغا،
خىسلىتىدىن يەر-جاھانى ئىللىتىپ.
ئۇيقۇسىدىن تۇردى خۇشال كەڭ دالا،
پاك جىسمىدىن ئىپار ھىدى تارقىتىپ.

كەلدى نورۇز سۆيگۈ ئېلىپ زېمىنغا،
شوخ شامالار سۆيگۈ چاچتى باغلارغا.
قىزىپ كەتتى مەشرەپ نورۇز شەنىگە،
ئامەت تىلەپ تولدى شاراب جاملارغا.

كەلدى نورۇز سۆيگۈ ئېلىپ زېمىنغا،
ئۇرۇقلار بىخ يېرىپ چىقتى تۇپراقتىن.

خۇشاللىقى سىغماي بۈگۈن ئىچىگە،
خۇش يېقىملىق كۈي ياڭرىدى بۇلاقتىن.

كەلدى نورۇز سۆيگۈ ئېلىپ زېمىنغا،
خۇشاللىققا تولدى، ئەلنىڭ يۈرىكى.
قۇياش نۇرى چاقنار دېھقان چېھرىدە،
مول-ھوسۇل ۋە باياشادلىق تىلىكى.

كەلدى نورۇز سۆيگۈ ئېلىپ زېمىنغا،
پاك مۇھەببەت چېچەكلىدى شۇنچە ئۆز.
ھاياجاندا دېدى ئاشىق-مەشۇقلار:
ۋىسال سەندە، سۆيگۈ سەندە ئەي نورۇز.

نۇرمۇھەممەت ياسىن ئۆركىشى

# ئون توققۇزىنچى باھار

3

## قەلبىمنىڭ ئىنتىلمىسى

تۈن نىسبى سۇمۇرەر كىرپىكلىرىمنى،
سائىتىم توختىدى ۋاقىت ئالدىدا.
تۈگىدى ھەممىسى بۇ پەيتتە ئۇيراپ،
قۇيقۇرۇق قەلبىمدە قېپقالدى ۋىدا.

تۆكۈلەر سىملداپ ئاخىرقى ئاخشام،
لەيلەيدۇ قەلبىمدە غۇۋۋا بىر سايە.
زۇمرەتتەك چۈشلەرنىڭ تۇتۇپ قولىدىن،
سۆزلەيدۇ يۈرىكىم سىلىق-سىپايە.

ئالماشتى بېكەتتىن كېچە پويىزى،
ئۆتىدۇ چوقۇمكى مۇڭلانغان بىر قىز.
راۋاقتا يۆلىنىپ خىيال سۈرەر ئاي،
نەشپۈتتەك سۆزلەرنى تېرىپ كېلەر كۆز.

سۈكۈنات جىلمىيار پەيلەپ مېنى،
چاقنىتار يۇلتۇزلار پەلەك سەتھىنى.
چىرىگەن يۈرەكتىن ئۈنەر تۆتقۇلاق،
بارمىقىم سۆزلەيدۇ كىمنىڭ خېتىنى.

سوغۇلۇپ بارىدۇ تەمخۇش كۆكرىكىم،
تۈن نىسبى سۇمۇرەر كىرپىكلىرىمنى.
تىلىمدىن ئۈچمىغان سۆزلەر بەك نۇرغۇن،
بىلمەن شۇندىمۇ بىرلا ئىسمىنى.

## قەلبىمدىكى قىز خاتىرىسىگە

مۇقەددەس ھېسلارنى قىلىپ كۆمپەيكۆم،
ئارزۇيۇم قېتىدىن چىقتىڭ سۇغۇرۇلۇپ.
مەن يەنە پەرۋاسىز قالدىم تېڭىرقاپ،
ئۇنتۇلغان كۈنلەرنى ئويلاپ مۇڭلىنىپ.

خاتىرەم بەتلىرى سۇندى شىرىقلاپ،
مۇمكىنسىز تارىخنىڭ تاقاپ ئىشىكىنى.
چاناقلار لىقلاندى مىسكىن ناخشىغا،
كەلمەسكە يول ئالدى ئەمدى كەتكىنى.

قىپقىزىل رەڭ بېرىپ قاتتىق تاشئەينەك،
گۈل بەرگى سەلكىندە قاقتى يۇمشاق پەر.
تۆكۈلەر باغرىمدا يىپىلغان ئۆتمۈش،
ئايلىنار چۈشلەرگە بولۇپ پەيغەمبەر.

لەپىلدەپ يىراقتا تاشلانغان خىيال
تىمتاسلا بوپقالدى كوچا قويرۇقى.
كۆمتۈرۈپ سەھەرنىڭ سىم-سىم كۆيىنى،
تارالدى ئاخىرقى گۈللەر پۇرىقى.

زېرىكتىم ئەبەدىي چۈشلەردىن قەۋەت،
خۇيلاندى سەزگۈمدە ئۇنتۇلغان ناخشا.
ئېپكەتتىڭ سەن مېنى يىراق بىر جايغا
قەلبىمدىن سۇغۇرۇپ تىۋىشسىز ئاستا.

## ئون توققۇزىنچى لىرىكا

خىيالچان گۈللەرگە ھېرىس سەن قەۋەت،
مۇلايىم تارلارغا تېگەر بارمىقىڭ.
سۆلكە تىلىك باغلاردىن تېرىپ چىمەننى،
چۈللۈكلەر ئىلكىدە ئۆزەر ئۇيقۇڭ.

تەنتەكمۇ ئەمەسسەن ۋە ياكى ئاقىل،
سۆيگۈدىن سۆزلەشكە توشامدۇ شەرتىڭ.
كىمىرىپ تۇرىدۇ باغرىڭنى ئويلار،
گۈللەردىن جۈيلۈشكە بار نېمە ھەققىڭ.

سويلايدۇ باغرىڭدا گۈزەل بىر ئاخشام،
چېكىلەر مەڭزىڭگە نۇر ياپراقلىرى.
بىلمەيسەن ئازابىنىڭ شىرىنلىكىنى،
پۇرلانغان باغرىڭدا قەلبىڭنىڭ سىرى.

سۆزلەيسەن ئۇيقۇلۇق ئاستا پىچىرلاپ،
ئالدىڭدا خىيالچان كۆز شامالىرى.
مانانلىق بىر ناخشا قەلبىڭدە، لېكىن
ئېقىتىپ بارىدۇ چۈش تۇمانلىرى.

سۆيەرسەن نېمىنى خالاپ-خالىماي،
ئوخشىماس بۇگۈنگە ئەتىكى تەققىڭ.
تېپشماق قولۇڭدا ئۆزەر مۆلدۈرلەپ،
ئەجەبكى بۇ ئۆمۈر، ئەجەبكى بەختىڭ؟

## ئۆزۈمگە ئېنىقلىما

گۈگۈمغا كۆمتۈرۈپ ئۇزاق خىيالنى،
ئۆزىمەن گۈگۈمدەك ئۇزاق بىر كېچە.
مەستلىكنى خالايدۇ مەست بولغان ئالەم،
كۆتەرگىن قەدەھنى ئىچە-ئىچ، ئىچە!

تۇرىدۇ رەڭگىدىن كەتكەن بىر ئاۋاز
بىر دۆۋە ئازابقا قاراپ خىيالچان.
تۆكۈلەر قەلبىدىن نەگىدۇ تىم-تىم
ئازابتەك چىرايلىق ئازابلىق ئارمان.

نە ئۈچۈن كۆرۈنمەس كەيىپسىز دەملەر،
يىراقتا-يىراقتا ئۆزەر بىر گۈگۈم.
ئاھ، نېچۈن چۈشەنمەس ئۇقماي قەلبىمنى،
ئىھ، مېنىڭ يەڭگىلتەك، يالغان كۆز نۇرۇم.

شىۋىرغان كوچىدىدى، كوچىدىدى يەنە،
قەيەردە تىترەيدۇ يېگانە بەختىم.
گۈگۈمغا كۆمۈلۈپ تۇرار بىر سايە،
ئۆزۈم دەپ بارىمەن، ئەمەس ئۇ بەلكىم...

ئەنۋەر قۇتلۇق نەزەرى

# سېنى ئىزدەپ كېتىپ بارىمەن

## شائىر

كېچە كۆكتە ئۈزۈپ يۈرگەن تولۇنئاي
كۆمۈش تېنى بولسا كېرەك شائىرنىڭ.
ئورنىۋاپتۇ نەچچە تۈمەن يۇلتۇزلار،
ئاققان قېنى بولسا كېرەك شائىرنىڭ.
قۇچاق ئاچار ئورمان، دەريا، تاغلارغا...
بەلكىم، كۆڭلى بولسا كېرەك شائىرنىڭ.

كىرىپ كەتتى قۇياش، ئاينىڭ قوينىغا،
بەلكىم ئۆيى بولسا كېرەك شائىرنىڭ.
ئەتىگەندە ھايات ئېلىپ چىقتى، كۈن،
بەلكىم، روھى بولسا كېرەك شائىرنىڭ!

## رۇبائىيلار

بىر تالاي ئارماننى قالدۇرۇپ ئۆتمۈش،
ھەر ئارمان كەلگۈسى كۆرمەك بولغان چۈش.
ھازىرقى رېئاللىق ھەممىدىن مۇھىم،
ئۆزگەرتسەك قۇتلۇقلار ئۈسۈش-گۈللىنىش.

* *

گۈزەللىك ۋە ھېكمەت بولسا مۇجەسسەم،
ۋاپا مەملىكىتىگە سۇلتاندۇر ئادەم.
قىلدىن قېيىق كەتتى، ئىشەنچ يوقالدى،
سەن نەگە بارغىن، دوزاخ بۇ ئالەم.

* *

دۇنيادا ھەممىدىن ئادەم بولماق تەس،
تا ئۆلۈپ كەتكىچە قىلمىز ھەۋەس.
ناۋادا تىرىلىپ ياشىدۇق دەيلى،
شۇندىمۇ چىن ئادەم بولالمايمىز، بەس.

**ئەخەت كەلپىن ئىنسانى**

# ئۆلۈكلەر ناخشىسى

بىز ئۆلۈك ئادەملەر، تىرىكلەر ئەكسى،
كۆڭلىكى يەيمىز دەل ئۈچ ۋاختىن تاماق.
كۆڭلىمىز رېتىدە ئۆتسىلا مەيلى،
بۇنىڭدىن ئارتۇقى لازىممەس بىراق.

بىز ئۆلۈك ئادەملەر، تىرىكلەر ئەكسى،
جىمجىتلىق بىزلەردىن شۇ قەدەر يىراق.
غەيۋەت ۋە ھەسەتتىن سۆزلىسەك بولدى،
كېچە ھەم كۈندۈزدە يېقىشىپ قولاق.

بىز ئۆلۈك ئادەملەر، تىرىكلەر ئەكسى،
ئويلايمىز تولىمۇ ياشاشنى ئۇزاق.
ياشايمىز دۇنيادا خىيالەن، ئەمما
ئىزدەپمۇ باقماستىن ھاياتنى بىراق.

**ئەزىز روزى**

# بىلدى

نىگار دەپ باشتا بىر گۈل يۈز مېنى بەك بىباھا بىلدى،
يېنىمدا ئايلىنىپ پەرۋانىدەك پىر-ئەۋلىيا بىلدى.
مۇھەببەت ۋەجدىن شەيدالىقنى لاپ ئۇرۇپ ھەردەم،
شۇ بۇ ھۆسنۈمنى گۈل، جىسمىمنى جاندىن ئەتىۋا بىلدى.
سۆيۈندۈم مەھلىيا قىلغاچقا رىشتىم باغلىنىپ ئاندىن،

كۆرۈك ئۇ دەردى ئىشقىمدا ئۆلۈشنى ھەم راۋا بىلدى.
پىراقتىن زارلىدى دائىم يېنىدا بولمىسام ھەمراھ،
ۋىسالدىن دەردىگە دەرمان بولۇشنى ئەك داۋا بىلدى.
ئىشەندىم، ئىنتىزار بولدۇم ئۇنىڭ سۆيگۈسىگە ھەردەم،
ئېچىپ قوينۇمنى كۈلدۇم، يار قۇچاقلاپ بىر لاۋا بىلدى.
ۋىسالغا بىز يېقىنلاشتۇق، بىراق ئۆتمەي رىيا مەندىن،
چېنىپ جانان، مۇھەببەتكە پىدالىقنى گۇناھ بىلدى.
يىراقلاپ باردى پەرۋاسىز ۋاپايۇ ئەھدىدىن ئاخىر،
ھىدى ئەنبەرچە قەددىمنى زەھەرلىك بىر گىياھ بىلدى.
پۇشايمان، ئەمدى قان باغرىم، يۈرەك ھەسرەتتە مىڭ پارە،
گۈزەللىك سېھرى ئول جادۇ جۇدالىقنى راۋا بىلدى.

**غوجىمۇھەممەت مۇھەممەت**

# ئىككى غەزەل

## 1

باراڭلار ئۆزرە ئاي مىسكىن قارار ھەيرانە-ھەيرانە،
سامادىن چۈشتى بىر يۇلتۇز بۇيان سەيلانە-سەيلانە.
قونۇپ تارىغا تەمبۇرنىڭ پەلەكتىن ساقىغان ئەبغان،
ئاھاڭلار كەينىدە ئۆكسۈپ يۈرەر سەرسانە-سەرسانە.
ئەسىرلەر دەھشىتىدىن مۇڭ-پىغان ئەيلەر قوشۇق، تاشلار،
ساباغا ئەگىشىپ كۆكلەم يۈرەر ھەريانە-ھەريانە.
ساھىلغا لەيلىنىپ چىقتى دۇتارنىڭ كۆبچەگەن زارى،
مۇھەببەت قۇشلىرى كەلدى ئۇچۇپ بىگانە-بىگانە.
يورۇپ كۆك گۈمبىزى، چاقماق چېقىپ يىرتىلدى بىردىن تۈن،
قېنى مىسكىن، مۇقام ياڭرات بوۋاڭدەك سەنمۇ مەردانە.

## 2

شەيتىنى ئەسلاكى شەيتان، ئادىمى ئادەم يەنە،
ئادىمى شەيتان بولۇشقا قىستىغان ئادەم يەنە.
تەدبىرۇ تەقدىركى بىر جۈپ پالاغى شۇ كېمىنىڭ،
كېمىنى ھەيدەپ بىغەم يۈرگەن ھامان ئادەم يەنە.
ئۆزىنى كۆرمەك بولۇپ تەگرى كۆزىدە بىر ئۆمۈر،
تەگرىنى تۇغقان، ئۆزىدىن ئايىنغان ئادەم يەنە.
جەننەتنى تۇرسا تىرىكلىك ئالىمىدە قاغجىراپ،
روھىدا ئاسراپ ئۆلۈمنى ساقلىغان ئادەم يەنە.
بول ئاگاھ مىسكىن، ياراتماق بوپ ئۆزىنى قايتىدىن
بىگۇناھ تۇپراقنى تىلغاپ ئالجىغان ئادەم يەنە.

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى مامۇت زايىت، ئوسمانجان ساۋۇت

ئايگۈل مويدىن

# يېرىلغان باش

(ھېكايە)

بۆلۈم ئىشىكىنى ئەمدىلا ئېچىپ تۇرغان زەينەپ ئۆزىنىڭ كەينىدىن سوڭدىنىشىپلا كىرىپ كەلگەن غۇنچەمگە قاراپ:

— بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟ — دەپ سورىدى.

— قىزىق گەپ قىلدىڭىز، ئىشى بولمىغان ئادەم بۇ يەردە نېمىش قىلىدۇ؟ — دېدى غۇنچەم تېرىكىپ، — مەن نىكاھتىن ئاجراشقىلى كەلدىم.

كۈتۈلمىگەن جاۋابتىن زەينەپ سەل-پەل ئوڭايسىزلىنىپ قېلىپ، ئۆزىنى دەرھال ئوڭشىۋالدى.

— قېنى بۇياققا ئۆتۈپ ئولتۇرۇڭ، — دېدى ئۇ ئۇدۇلىدىكى يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقنى غۇنچەمگە كۆرسىتىپ.

— خانىم، مەن ئالدىرايتتىم، ئاجرىشىش خېتىنى پاتراق كېسىپ بەرگەن بولسىڭىز.

غۇنچەمنىڭ مىجەزىنىڭ چۇسلۇقىمۇ ياكى تۇرمۇشىدا يۈز بەرگەن كۆڭۈلسىزلىك تۈپەيلىدىنمۇ ئۇنىڭ گەپ-سۆزلىرى قوپال ھەم چىرايى خاپا كۆرۈنەتتى.

— ئالدىرىماڭ، نىكاھتىن ئاجرىشىش سىز ئويلىغاندەك ئوڭاي ئىش ئەمەس. ئەھۋالنى ئەتراپلىق تەكشۈرگەندىن كېيىن ئاندىن بىر تەرەپ قىلىمىز، — دېدى زەينەپ گەپنى كەسكىن قىلىپ. زەينەپ ئەھۋالنى بايان قىلمايلا، ئاجرىشىمەن، تېزراق خەت كېسىۋېتىڭ، دېيىشلىرىدىن بۇ ئايالدا نېرۋا كېسىلى ياكى بىرەر نورمالسىزلىق بارمۇ قانداق دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ باش-ئايىغىغا سەپسېلىپ قاراپ قويدى.

— خانىم، تەكشۈرگۈدەك ئىش يوق. «ئۆزۈمنى چاغلىماي شىلتىڭ ئېتىپتىمەن» دېگەندەك قەدەمنى ئويلىماي باسقانلىقىم ئۈچۈن ھەممە گۇناھ ئۆزۈمدە. مېنى ئۇنىڭدىن بالدۇرراق ئاجراشتۇرۇۋەتسەڭلار.

— سىز ئالدى بىلەن ئەھۋالنى تولۇقراق سۆزلەپ بېرىڭ، — دېدى زەينەپ ئۈستەل تارتمىسىدىن قەغەز-قەلەم ئېلىۋېتىپ.

— بوپتۇ، سۆزلىمىسەم بولمايدىغان يېرى بولسا سۆزلەپ بېرەي. بىراق،

ئەكشۈرۈشكىلارنى بەك كەينىگە سۈردۋەتمەڭلار، — دېدى ئۇ سۆزلەشكە ئەمشلىپ.

— تۇرۇپ تۇرۇڭ، ئىسمىڭىز نېمە؟

— غۇنچەم.

— نەدە ئىشلەيسىز؟

— «باھار» مېھمانخانىسىدا كاسسىرلىق قىلىمەن.

— يولدىشىڭىزنىڭ ئىسمىچۇ؟

— ئەيسابارات.

— قەيەردە ئىشلەيدۇ؟

— 105-ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ.

— سىلەر توي قىلغىلى قانچە ئۇزۇن بولدى؟

— تېخى ئىككى ئاي بولمىدى.

— نېمە، توي قىلغىلى ئىككى ئاي بولمىدى دەمسىز؟

— شۇنداق خانىم، ئىككى ئاي بولمىدى، — دېدى غۇنچەم قىسقىچىلا قىلىپ.

ئەيسابارات دېگەن ئىسمنى ئاڭلىغان زەينەپ قانداقتۇر بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك قەلەمنى لېۋىگە تەگكۈزگەن ھالدا يېنىك باش لىڭشىتىپ قويدى. ئۇ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە ئارىلىقتا نۇرغۇن ئىشلارنى ئەسلەشكە ئۈلگۈردى. چۈنكى بۇرۇن ئەيسابارات بىلەن ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ئايالى قەمەرنىڭ نىكاھىنى ئاجرىشىش رەسمىيىتىنى ئۇ بېجىرگەنىدى. لېكىن ئۇ ئەيسانى تونۇيدىغانلىقىنى غۇنچەمگە ئاشكارىلىمىدى.

— ئاراڭلاردا نېمە ئىش يۈز بېرىپ ئاجراشماقچى بولدىڭىز؟ — دېدى زەينەپ سوئالنى داۋاملاشتۇرۇپ.

— نېمە ئىش يۈز بېرەتتى دەيسىز، كېلىشەلمىدۇق.

— بىر-بىرىڭلارنى چۈشىنىپ ئاندىن توي قىلمىغانمۇ؟

— ياق، خانىم. ئادەمنى نەس باسقۇسى كەلسە كۆزگە ھېچنەرسە كۆرۈنمەيدىغان چېغى كونىلار، ئايال كىشى دېگەن ئۈچكە يىغىغا ئوخشاش ئاسان ئېرىپ كېتىدىغان نەرسە، دېسە نېمە دېگىنىكىن دەپتىكەنمەن. بۇ ھەقىقەتكە ئەمدى ئىشەندىم. بولۇپمۇ مەن بىر ئىشقا ئاسان ھاياجانلىنىپ كېتىمەن. بىرى يىغلىسا تەڭ يىغلايمەن. كۆڭلۈم بەك يۇمشاق. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، ئەيسانىڭ يالغان-ياۋداق گەپلىرىگە، كۆيدۈم، پىشتىم، دەپ يازغان شېئىرلىرىغا ئېرىپ كېتىپتىمەن.

— ئېرىڭىز تېخى شېئىرمۇ يازامتى؟ — دېدى زەينەپ كۈلۈمسىرەپ.

ئۇ غۇنچەمنىڭ ئوچۇق-يورۇقلۇقىغا قىزىقىپ قالغانىدى.

— شۇنداق. ئۇ شېئىرنى خېلى قاملاشتۇرۇپ يېزىپ قويىدۇ. راستىنى ئېيتسام، ئۇنىڭ شېئىرلىرى، چىرايلىق گەپلىرى مېنى ئۆزىگە رام قىلىۋالغان.

— سىلەر قانداق تونۇشۇپ قالغانتىڭلار؟

— ئىككىمىز بىر دوستۇمنىڭ ئۆيدىكى ئولتۇرۇشتا تونۇشۇپ قالدۇق. ئۇ قىزىق چاقچاق، يۇمۇرلۇق گەپلىرى بىلەن سورۇندىكى ھەممەيلەننى كۈلدۈرۈپ ئولتۇردى. بىردەمدىن كېيىن چاقچاق بوپتاقلارغا

مەركەزلەشتى. ئارىدىن بىرەيلەن «ئەيسا، بۈگۈن مۇشۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ كۆڭلۈڭگە يارىغاندىن بىرىنى كاپلا قىلىپ تۇتامسەن» دېدى مېنى كۆزى بىلەن ئىما قىلىپ. «ئاداش، كاپلا قىلىپ تۇتۇۋالىدىغان مال بازىردىكى قوي ئەمەس. ئالدىرىمىساڭمۇ ھازىرلا ئۆزۈمگە يارىغاندىن بىرىنى كەلتۈرۈۋالىمەن» دېدى ئۇمۇ بوش كەلمەي ھىجىيىپ. ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى پاراققىدە كۈلۈشتى. كېيىن تانسا باشلاندى. ئۇ مېنى بىرىنچى بولۇپ تانسىغا تارتتى. ئۇماڭا چاقچاق قىلىپ: «سىڭلىم، مەن تانسا-پانسا، ئۇسسۇل-پۇسسۇل دېگەنلەردىن خەۋىرىم يوق ئادەم. قېنى ئۆلتۈپات قىلىپ ئۆگىتىپ قويارسىز» دېدى. شۇ كۈنى ئىككىمىز بىر نەچچە قېتىم تانسا ئوينىدۇق. ئۇ ئىسكەتى سەت، كۆرۈمسىز كىشى ئىدى. لېكىن، نېمىشقىدۇر كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ قالدى.

شۇ كۈنىنىڭ ئەتىسىلا ئۇنىڭدىن بىر پارچە خەت تاپشۇرۇپ ئالدىم. ئۇ خەتتە:

بىر كۆرۈپ كۆيدۈم ساڭا،
دىلبىرىم ئوماق غۇنچە.
يەتكۈزگىن ۋىسالىڭغا،
تەلمۈرتمە مېنى مۇنچە.

ئاھ، سۆيۈملۈكۈم غۇنچەم، ياخشىمۇسىز؟ مېنىڭ سىزگە بولغان ياللۇنلۇق ھېسسىياتىمنى ئىزھار قىلىشىمغا رۇخسەت قىلغايسىز. جېنىم غۇنچەم، مەن سىزنى بىر كۆرۈپلا كۆيۈپ قالدىم. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى سىزدەك گۈزەل خۇلقلىق نازىنىنى ئەجەپ كۆرمەپتىكەنمەن. خەير، كېرەك يوق. ھېلى ھەم تەلىيىم ئوڭدىن كەلدى. جېنىم غۇنچەم، ھازىر تاقىتىم تاق بولدى، ئىككىمىز توي قىلايلى، مەن سىزنىڭ تەلىپىمنى رەت قىلماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، دېگەندەك گەپلەرنى يېزىپتۇ.

مەن ئەيسا تەسۋىرلىگەندەك گۈزەل، خۇلقلىق نازىنىنلاردىن ئەمەسلىكىمنى بىلىپ تۇرسامۇ ئۇنىڭ خېتىنى ئوقۇپ سىماپتەك ئېرىپ كەتتىم. شۇنداق قىلىپ ئىككىمىز تېزلا توي قىلدۇق.

— ئەمدى نېمىشقا ئاجراشماقچى بولدۇڭلار؟

— مەن ئەيسانىڭ بېشىنى يېرىۋەتتىم.

— نېمە ئۈچۈن؟

— بولدى خانىم. ئۆتۈنۈپ قالاي، ئىچكىرىلەپ سوراۋەرمىسىڭىز.

— بىز سەۋەبىنى بىلمىسەك قانداق بولىدۇ؟

— ئاچچىقىمدا كۆزۈمگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەي قاپتۇ.

— شۇنچىۋالا ئاچچىقىڭىز كەلگەندەك نېمىش بولغانتى؟

— «ئۆيدىكى گەپ تالاغا توغرا كەلمەپتۇ» دېگەندەك، ئىنسانىنىڭ ئېغىزىدىكى گېپى بىلەن ئەمەلىيىتىنىڭ بىردەك بولمىقى تەس ئوخشايدۇ. مەن ئەيساغا بەرگەن باھايىمدا ئۇتتۇرۇۋېتىم. ئەرلەرنىڭ ھەممىسى مەرد-مەردانە، كەڭ قورساق، قولى ئوچۇق، سېخىي كېلىدۇ، دەپ ئويلاپ قاپتىمەن. شۇڭا ئۇنىڭ

چىرايى بىلەنمۇ ھېسابلىشىپ ئولتۇرماستىن ماقۇل بوپتىكەنمەن. توي قىلىپ بىر ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ قانداقلىقىنى بىلدىم. ئۇ ئۆتۈپ كەتكەن پىخسىق، چاكىنا، نامەرد نېمىكەن.

— ئۇچۇقراق سۆزلەڭ، — دېدى زەينەپ خاتىرە يېزىۋاتقاچ ئىزاھات بېرىپ.

— بولىدۇ، مەن سىزگە بىر-ئىككىلا مىسال كەلتۈرۈپ بېرەي، — دېدى غۇنچەم سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بىز توي قىلىپ ھەپتە ئۆتمىگەن چاغ ئىدى. بىركۈنى مەن ئۇنىڭغا، خەلق باغچىسىدا ناھايىتى قىزىقارلىق پانۇس سەيلىسى بولۇۋېتىپتۇ. بىزمۇ بېرىپ كۆرۈپ كېلەيلىچۇ، دېدىم يېڭىياچە توي قىلغان چوكانلارغا خاس ئەركىلەش بىلەن.

— نېمە دېدىڭىز؟ مۇشۇ ئىت ئۆلىدىغان سەنجۇسەن سوغۇقتا باغچىدا كۆرگۈدەك نېمە بار ئىكەن؟ — دېدى ئۇ ئەجەبلەنگەن ئاھاڭدا.

— قىشنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق گۈزەل مەنزىرىسى باردە، شۇنى كۆرمەمدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىچكىرىدىن مۇز ئويمىچىلار كېلىپ، مۇشۇك ئېيىق، ئەجدىھا، بېلىق قاتارلىق ھەر خىل جانىۋارلارنىڭ، ئىمارەتلەرنىڭ مۇز ھەيكەللىرىنى ياساپتۇدەك. نەچچە كۈندىن بىرى تېلېۋىزوردا تەشۋىق قىلىۋاتقىنىنى ئاڭلىمىدىڭىزمۇ. تېخى ئۇنىڭ بېلىتى بەك باس-باسكەن. سوغۇق دەپ ئۆيدىلا ئولتۇرۇۋېرەمدۇق، — دېدىم.

— بۇنداق سوغۇقتا جاق-جاق تىترەپ ئۇنى كۆرگىلى بارمىسىمۇ نېمە بوپتۇ، پۇلنى بىكاردىن-بىكار ئورۇنسىز يەرگە بۇزۇپ، — دېدى ئەيسا غودۇراپ.

— ۋاي خۇدايىمەي، ھەجەب غودۇراپ كەتتىڭىزغۇ، بىر-ئىككى بېلەت جانغا كېلەتتىمۇ، بىزنىڭ ئىدارىدىكىلەر بېرىپ كۆرۈپتىكەن، ماختىشىپ كەپتۇ. شۇ خەقمۇ سوغۇقتا مۇزلاپ بىر نېمە بولۇپ قالماپتىغۇ، — دېدىم.

— بارغىڭىز كەپكەتكەن بولسا ئۆزىڭىز بېرىڭ. مەن ئۆيدە تۇرۇپ تۇراي. سوغۇقتا ھېچيەرگە بارغىم يوق، — دېدى ئەيسا قوپاللىق بىلەن.

مەن ئۇنىڭ ماڭا مۇنداق مۇئامىلە قىلىشىنى زادى ئويلىمىغانىدىم.

— قىزىقكەنسىز ئەيسا، سىز بارمىغان يەرگە مەن ئۆزۈم يالغۇز بارسام قاملاشارمۇ؟ كىشىلەر مېنى نېمە دەر، ئىككى بېلەت ئېلىشقا چىدىمىسىڭىز مەن ئالسامۇ بولۇۋېرەتتىغۇ؟ — دېدىم مەنمۇ ئۆكتۈپ.

— بولدى-بولدى، خاپا بولماڭ؛ بارساق بارىلى، قاچان بارىمىز؟ — دېدى ئۇ ئۆزىنى سەل-پەل ئوڭشىۋېلىپ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ.

ئەيسا بىلەن ئىككىمىز ئەتىسى ئىشتىن چۈشۈپ باغچا ئالدىدا ئۇچرىشىشقا كېلىشىۋالدۇق.

ئەتىسى مەن ئىشتىن چۈشۈپلا ئۇدۇل باغچىغا يول ئالدىم. مەن ئۇنى باغچا ئالدىدا مېنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقاندۇ، دەپ پەرەز قىلغانىدىم. لېكىن ئۇ تېخى كەلمىگەنىكەن. توپتوغرا بىر سائەت كۈتتۈم. سوغۇق جان-جېنىمدىن ئۆتۈپ ۋۇجۇدۇمنى مۇزلىتىۋەتتى. مەن پۇتلىرىمنى بىر-بىرىگە يېنىك ئۇراتتىم. ئۇياقتىن-بۇياققا ماڭاتتىم.

قوللىرىمنى ئۇۋۇلايتتىم. باش ياغلىقىمنى ھېلىدىن-ھېلىغا تۈزەشتۈرەتتىم. بىر چاغدا ئەيسا قەدەملىرىنى ئالدىرىماي يۆتكەپ كەلدى.

— ئەمدى كەلدىڭىزمۇ؟ مەن بەك توڭلاپ كەتتىم. سىزنى ساقلىتىپ قويماي دەپ تاماقمۇ يېمەي كېلىۋاپتىمەن، — دېدىم مەن سەل قىيدىغان ئاھاڭدا.

— كىم سىزنى ئۇنچىۋالا بالدۇر كېلىۋېلىڭ دەپتۇ. قورساقنى توقلاپ ئالدىرىماي كەلسىڭىز بولماسمىدى. ئازراق غەيرەت قىلىڭ. باغچىدىن چىقىپ ئۆيگە بارغاندا تاماق ئېتىپ يەرسىز، — دېدى ئۇ بىپەرۋا ھالەتتە، ئاندىن، — بولمىسا ئازراق گازىر ئېلىپ بېرەي، چىقىپ تۇرۇڭ — دەپلا باغچا ئالدىدىكى گازىرچىلارنىڭ يېنىغا قاراپ ماڭدى.

ئەيسانىڭ بۇ گېپىدىن گويا بېشىمغا توك كالتىكى تەگكەندەك ئۇچۇقۇپ، ئىزىمدا تاياقتەك قېتىپلا قالدىم. مەن تېخى ئۇنى، سۆيۈملۈكۈم كەچۈرۈڭ، سىزنى ساقلىتىپ قويۇپتىمەن، ھازىر ھاۋا بەك سوغۇق، ئالدى بىلەن تاماق يەيلى، — دەيدىغۇ، دەپ ئويلاپتىمەن. نەدىكىنى، ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئۇنداق گەپ چىقىش تۇگۇل، چىرايى خۇددى موردىن چىققان ئىستەك تۇتۇكۇپ كەتتى.

— بولدى ئەيسا، مەن باغچىنى كۆرمەيمەن، ئۆزىڭىز كۆرۈڭ، گازىرنىمۇ ئۆزىڭىز چېقىڭ، — دېدىم-دە، ئالدى-كەينىمگە قارىماي ئۆيگە كەتتىم.

ۋەقەنىڭ جەريانىنى سۆزلەپ ۋاقتىڭىزنى ئەپقويدۇمغۇ دەيمەن. سۆزۈمنى قىسقارتاي، — دېدى ئۇ قارشى تەرەپنى زېرىكتۈرۈپ قويۇشتىن ئېھتىيات قىلىپ.

— قورۇنماي سۆزلەڭ. ماڭا ھەرگىز زېرىكىشلىك تۇيۇلمايدۇ، — دېدى زەينەپ، — ئۆيگە كېلىپ بىرەر نەرسە قىلىپ يېدىڭىزمۇ ياكى ئاچ قورساق يېتىپ قالدىڭىزمۇ؟

— بىرنەرسە ئېتىشكە رايىم بارمىدى. مەن مېھمانخانىدا ئىشلىگەچكە، كۆپ ھاللاردا ئۆيگە تەييار يېمەكلىكلەرنى ئالغاچ كېلەتتىم. ھەسەل، مۇراببا، پېچىنە-پىرەنىك قاتارلىق تاتلىق-تۈرۈملارنىمۇ ئۆكسۈتمەيتتىم. ئۆيگە كېلىپ ئازراق بىر نەرسە يەي دەپ قارىسام ھېچنەرسە يوق. ئىلگىرىمۇ ئەكەلگەن نەرسىلەر ئۆزىچىلا يوقاپ كېتەتتى. بۇ نېمە ئىش، بۇ ئۆيدە ئىككىمىزدىن بۆلەك ئادەم بولمىسا، دەيتتىم ئۆزۈمچە ھەيران بولۇپ، ئاخىرى كۆزۈمگە بىر قەغەز يەشىك چېلىقتى. يەشىكنى ئالدىمغا تارتىپ قارىسام بىر مۇنچە كېرەكسىز تۆمۈر-تەسەك، قۇرۇق بوتۇلكا، مۇراببا قۇتىلىرى قاتارلىق نەرسىلەر بار ئىكەن. توۋا، بۇ كېرەكسىز نەرسىلەرنى تاشلىۋەتمەي يىغىپ نېمىش قىلىدىغاندۇ، دەپ ھەيران بولدۇم. ئاندىن يەشىكنى ئۆز جايىغا ئىتتىرىپ قويماي دېيىشىمگە، ئۇنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان كىچىككىنە ساندۇقتا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. ئۇنىمۇ ئېچىپ قاراپ باققۇم كېلىپ ئاغزىنى ئاچسام، خۇدايا توۋا، ساندۇق ئىچىدە ھەسەل، مۇراببا قۇتىلىرى، پېچىنە-پىرەنىكلەر ۋە پارچە-پۇرات نانلار تۇرىدۇ. توۋا، دەپ ياقامنى تۇتۇپ تۇرۇپلا قالدىم.

يەيدىغان نەرسىنىمۇ يوشۇرالمىدۇ كىشى، بۇ قانداق مىجەزلىك مەخلۇقتۇ، دېدىم ئىچىمدە ئۆز كۆزلۈرۈمگە ئىشەنمەي. مەن ئۇ نەرسىلەرنى ئۆز جايىغا ئاۋۋالقىدەك قويۇپ قويدۇم. شۇنىڭدىن كېيىن ئەيساغا بولغان ھۆرمىتىم، ئىشەنچىم، مۇھەببىتىمنىڭ ئورنىنى نەپرەت، يىرگىنىش ئىگىللىدى. ئۇنىڭ پەس، چاكىنا قىلىقلىرىغا غەزىپىم كەلدى. تۇرمۇشتا ئويلىماي باسقان قەدىمىم ئۈچۈن پۇشايمان ئازابىدا ئۆرتەندىم. ئۆز-ئۆزۈمنى ئەيىبلىدىم.

— ئەيسا باغچىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قانداق بولدى، يۈزىگە سالدىڭىزمۇ؟— دېدى زەينەپ كېيىنكى ئىشلارنىڭ قانداق بولغانلىقىنى بىلىشكە ئالدىراپ.

— ياق، مەن ئۇنىڭغا ھېچنەرسە دېمىدىم. بۇ ئىشلارنى ئۇنداق ئادەمنىڭ يۈزىگە سېلىشىمۇ ھاجەتسىز. ئەيسا شۇ كۈنى خېلىلا كەچ قايتىپ كەلدى. سوغۇقتا ئۇنىڭ قاش-كىرپىكلىرىنى ئاپئاق قىراۋ باغلاپ كەتكەنىدى. ئۇ خىيالىدا مېنى ئوخشىتىپ تاماق ئېتىپ قويدى، ئىسسىق تاماقنى يەپ ھاردۇقۇمنى چىقىرىمەن دەپ ئويلىسا كېرەك، قازاننىڭ تۇۋاقلىرىنى، كورىلارنىڭ ئاغزىلىرىنى بىر-بىرلەپ ئېچىپ باقتى. مەن ئوخلىغان بولۇپ ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ ياتتىم. شۇ كېچىسى تاڭ ئاتقۇچە زادى ئۇخلىيالمىدىم. سانسىز غەم-ئەندىشىلەر كۆز ئالدىمدا دۆۋىلىنىپ، يۈرىكىمنى مۇجۇيتتى. ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت يىرىكلەشسە، تۇرمۇشتا زادىلا خاتىرجەملىك بولمايدىكەن. ھاياتنى قانداق ئۆتكۈزۈشنى بىلمىگەن ئادەم بىلەن بىر ئۆيدە تۇرمۇش كەچۈرۈش نەقەدەر كۆڭۈلسىز-ھە!؟ مەن شۇلارنى ئويلاپ، خۇددى تېگى يوق ھاڭغا غۇلاپ كەتكەندەك ئازاب ئىچىدە قالدىم. خانىم، بىز ئاياللار نېمىدېگەن ئاجىز ھەم بىچارە... مەن بىر ئەرگە تەگسەم شۇنىڭ بىلەنلا مەڭگۈ ئۆتسەم دەيتتىم. بىراق، مېنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىم بەربات بولدى.

ئۆتكەن كۈنى مەن دوختۇردا يېتىپ قالغان بىر خىزمەتدىشىمنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن تاماق ئەتكەنىدىم. دوختۇرخانىغا ئىسسىق ئاپىرىمەن دەپ، ئەيساغا ئاشنى ئۇسۇپ بېرىپلا ئالدىراپ دوختۇرخانىغا ماڭدىم. قايتىپ كېلىپ تامىقىمنى يەي دەپ قازانغا قارىسام قازان قۇرۇق تۇرىدۇ. مەن ئۆيگە بىرەر مېھمان كىرگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدىم. ئەمما ھېچكىممۇ كىرگەنىدەك قىلمايتتى. ئەيسا مېنىڭ تامىقىمنى چىنىگە ئۇسۇپ بىر يەرگە ئېلىپ قويغانمىدۇ، دېگەن ئوي بىلەن ھەممە جاينى قاراشتۇردۇم. كۆڭلۈمگە بىردىن ھېلىقى كۈنى كۆرگەن نەرسىلەر كەلدى-دە، ئىختىيارسىز كارىۋاتنىڭ تېگىدىكى ھېلىقى ساندۇققا قارىدىم. دېگەندەك بىر چىنە ئاش ئاشۇ ساندۇقنىڭ ئىچىدە تۇرىدۇ. مەن ئاچچىقىمدا تىترەپ كەتتىم، شۇ ئاچچىقىمدا ساندۇقتىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى جوزا ئۈستىگە ئېلىپ قويدۇم. مەن ئەيسادىن ھەقىقەتەن قاتتىق نەپرەتلەندىم. ئۇنى قانداقمۇ ئەركەك دېگۈلۈك، بۇ نېمىدېگەن رەسۋاچىلىق، نېمىدېگەن سەت قىلىق. دەل شۇ چاغدا ئۆيگە ئەيسا كىرىپ كەلدى. جوزا ئۈستى-

ـدـدىكى نەرسلەرنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ
چىرايى تاتىرىپ كەتتى. ئۇ مېنىڭ كۆزلە-
رىمگە قاراشقا جۈرئەت قىلالماي يەرگە
قارىۋالدى. بىردەمدىن كېيىن «قورققان
ئاۋۋال مۇش كۆتۈرەر» دېگەندەك، ھە،
نېمە بولدى، ماڭا نېمانچە سەت قاراي-
سەن؟ دەپ، ئاچچىقى بىلەن ھۆرپەيدى.
«جۇر، تەشكىلگە بارىمىز. نېمە
بولغانلىقىمنى شۇ يەردە ئېيتىپ بېرىمەن»
دەپ ئۇنىڭ بىلىكىدىن تارتتىم.
«تەشكىلگە بارغۇدەك نېمە ئىش
بوپتۇ» دېدى ئۇ بىپەرۋا ھالدا. كېلىپ
ئولتۇرۇۋالدى.
«ھەي، سەن نەدە ئاچ قالغان
مەخلۇقسەن، يەيدىغان نەرسىنى كارد-
ۋاتنىڭ تېگىگە يوشۇرۇپ قويۇپ نېمە
قىلاتتىڭ؟» دېدىمەن ئاچچىقتىن يىغلىغۇ-
دەك بولۇپ.
«ساقلاپ يەيمەن، قانداق، گېپىڭ
بارمىتى؟» دېدى ئۇ قىزارماي تۇرۇپ.
ۋۇجۇدۇمغا يىغىلىپ قالغان غەزەپ ئوتى
بىراقلا يالقۇنجاپ، جان ئاچچىقىمدا چىنىدىكى
ئاشنى ئېلىپلا، «مانا، توي ئەمىسە»
دەپ ئەيسانىڭ بېشىغا ئاتتىم. ئۇنىڭ بېشى
يېرىلدى. ئەھۋال مانا مۇشۇ.
— خىزمەت ئىشلىسەك ئەپلىشىپ
قالساڭلار قانداق؟ — دېدى زەينەپ
غۇنچەمگە نەسىھەت قىلغان ئاھاڭ-
دا، — ئىنسان بولغاندىكىن ئۇقۇشلىپ
قالامدىكىن دەيمىنا.
— خۇدايىم ساقلىسۇن، مەن ئەمدى
ھەرگىز ئەيسا بار كوچىغا كىرمەيمەن، —
دېدى غۇنچەم بېشىنى چايقاپ، — ئۇڭلانسا
بۇ چاققىچە ئۇڭلىنار ئىدى. مەن ئەزەلدىن
قىزغانچۇق، ئىچى تار، خوتۇن كىشىنىڭ
تۆشۈك ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋالىدىغان چوپەي
ئەرگە ئۆچ ئىدىم. بۇ ئادەم تاماق
ئەتسەم قازان بېشىغا كېلىۋېلىپ، ياغنى
ئازراق سېلىڭ، گۆشنى ئۇششاقراق توغراڭ،
ئۇننى چاغلاپ يۇغۇرۇڭ دېگەندەك گەپلەر-
نى قىلىپ بۇرنى-قۇلىقىمچە تويغۇزۇۋەتتى،
بولدى، ئۇنىڭدىن يەتكۈچە بىزار بولدۇم.
— بولىدۇ. سىزنىڭ پىكرىڭىزنى
ئاڭلىدۇق. ئەمدى ئېرىڭىزنىڭ پىكرىنىمۇ
ئالماي بولمايدۇ. ھازىرچە سىز قايتىپ
تۇرۇڭ، — دېدى زەينەپ.
غۇنچەم چىقىپ كەتتى. زەينەپ ئېغىر
ئۇھ تارتقىنىچە ئويغا پاتتى. شۇ تاپتا
ئۇنىڭ ئېسىغا ئەيسانىڭ بىرىنچى قېتىم
ئالغان ئايالى قەمەر كەلدى.
بىر كۈنى زەينەپنىڭ ئالدىغا بۇغداي
ئۆڭ، زىلۋا بوي، تارتىنچاق بىر چوكان
كىرىپ كەلدى. ئۇ تولىمۇ چىرايلىق ئىدى.
لېكىن ئۇنىڭ چىرايىدا بىر خىل بىچارىلىك
ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.
— خانىم، مەن يولدۇشۇمدىن
ئاجراشماقچىدىم، قانداق رەسمىيەتلەر
بېجىرىلىدىكىن؟ — دېدى ئۇ تارتىنغان
ھالدا يەرگە قاراپ.
— ئەر-ئايال ئىككىڭلا ئاجرىشىشقا
بىرلىككە كەلگەنمۇ؟ — دېدى زەينەپ
چوكانغا قاراپ.
— يولدىشىم بىردەم خېتىڭنى بېرىمەن
دەيدۇ. بىردەم بەرمەيمەن دەيدۇ، قىلغان
گېپىنىڭ ھېچ تۇتامى يوق. بىراق مېنىڭ
ھېچ چىدىغۇچىلىقىم قالمىدى، — دېدى

چوكان يىغلامسىراپ، — خېتىمنى ئالسام
باللىرىمنى ئېلىپ ئۆز يۇرتۇمغا كېتەتتىم.
— قانچە بالىڭىز بار؟
— ئىككى، بىرى ئوغۇل، بىرى قىز.
— ئەھۋالىڭىزنى تەپسىلىيرەك سۆزلەپ
بېرىڭ.
— بىز بىر يۇرتلۇق بولساقمۇ بۇرۇن
تونۇشمايتتۇق. مەن يېزىدا تۇغۇلۇپ چوڭ
بولدۇم. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈ-
رۈپ يېزىدا خەلق ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ
ئىشلەۋاتقاندا ئەيسا تويۇقسىزلا يۇرتقا
پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ مېنى كۆرۈپلا
كەينىمگە كىرىۋالدى. ئۇ ناھايىتى گەپدان،
قاقباش نەرسە بولغاچقا، يالغان-ياۋىداق
ياغلىما گەپلەر بىلەن ئاق كۆڭۈل ئاتا-
ئانامنى ئاسانلا ئىندەككە كەلتۈرۈۋالدى.
مەنمۇ چوڭ بولۇپ شەھەر كۆرۈپ باقمى-
غانلىقىم ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە ئەپكېتىمەن
دېسە، ئۇنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ
ماقۇل دەپتىمەن. ئۇ ئاتا-ئانامغا، مەن
يۇرتقا توي قىلىش مەقسىتىدە ئەمەس،
خىزمەت سەۋەبىدىن تەسادىپىي كەپقال-
دىم. «نىكاھ غايىب، دىدار غايىب»
دەپ، قەمەر بىلەن كېلىشىپ قالدۇق.
ئۇنى ماڭا قوشۇپ قويساڭلار، ئۈرۈمچىگە
بارغاندا ھەممىنى قىلىپ بېرىمەن. بانكىدا
يېتەرلىك پۇلۇم بار، شەھەرنىڭ ئاۋات
كوچىسىدا بىر يۈرۈش ئىسىل ئۆيۈم بار،
تېلېۋىزور، توڭلاتقۇ، كىر ئالغۇ، گاز ئو-
چاق... ھەممىسى بار. ئۇزۇنغا قالماي
قەمەرنىڭ خىزمىتىنى ئۈرۈمچىگە يۆتكەي-
مەن، — دېدى. شۇنداق قىلىپ مەن
ئەيسا بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلدىم. ئۇنىڭ
نەدىمۇ ئېسىل ئۆيلىرى بولسۇن، ئۇ مېنى
بىر ئېغىزلىق كونا، تام-تورۇسلىرى مەينەت،
دېرىزە ئەينەكلىرىنىڭ يېرىمى بار، يېرىمى
يوق، ئىشكىگە گېزىت قەغىزى چاپلانغان
قاپقاراڭغۇ بىر ئۆيگە باشلاپ كىردى.
ئۆيگە كىرىپلا ئالدانغانلىقىمنى بىلىپ،
دېمىم ئىچىمگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ نېمىشقا
راست گەپ قىلماي مېنى ئالدىغاندۇ. مەن
ھەرقانچە ئويلاپمۇ بۇنىڭ تېگىگە يېتەلمى-
دىم، بۇ ھەقتە گەپ قىلىشقىمۇ جۈرئەت
قىلالمىدىم. ئۇ مېنىڭ قوشنا-قولۇملارغا
ئارىلىشىپ ئۆتۈشۈمنى خالىمايدۇ. بىرەر
ئايال بىلەن تۇرغىنىمنى كۆرۈپ قالسا ئۆيگە
چاقىرىۋېلىپ، ئۇ نېمە دېدى، سەن نېمە
دېدىڭ، نېمە دەپ گەپ ئۆگەتتى، دەپ
سوراق ئاستىغا ئالىدۇ. سىرتقا چىقسا
ئىشكىنىڭ سىرتىدىن قۇلۇپ سېلىپ كېتىدۇ.
مەن ئۆيگە سولىنىپ قالىمەن. ئاتا-ئانامنى
سېغىنىپ ھەرقانچە يالۋۇرغان بولساممۇ،
ئەيسا يۇرتقا بېرىشىمغا رۇخسەت قىلمىدى.
خىزمىتىمنى يۆتكەپ كېلىش ئىشى بولسا
ئۇنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمىدى. كەينى-
كەينىدىن ئىككى باللىق بولدۇم. ئۇ
ئۆزىنىڭ قورسىقىنى سىرتلاردا تويغۇزۇۋېلىپ،
ئۆيى بىلەن، بىزنىڭ نېمە يەپ، نېمە
ئىچىدىغىنىمىز بىلەنمۇ كارى يوق. خانىم،
بۇنىڭ قىلغان-ئەتكەنلىرىنى دەپ كېلىدىغان
بولسام خۇددى مىڭ بىر كېچىنىڭ ھېكايىسى-
دەك نەچچە كۈندىمۇ تۈگىمەيدۇ. بۇ يىل
روزى ھېيتتا ئەتە ھېيت دېگەن كۈنى
ئۆيدە ساڭزا سالغۇدەك ئۇن بىلەن ماي
يوق. ھەتتا داستىخانغا تىزغۇدەك تاتلىق-
تۈرۈمۇ يوق ئىدى. جىلى بولۇپ تۇرغىنىمدا

ئەيسا سىرتتىن پەرۋاسىز كىرىپ كەلدى.
« ئەتە ھېيت ئىكەنلىكى ئېسىڭىزدە
يوقمۇ، داستىخانغا تىزغۇدەك ھېچنەرسە
بولمىسا، نېمە بىلەن ھېيت قىلىمىز؟ »
دېدىم.
ئەيسا لام-جىم دېمەي تاماكىسىنى
پۇرقىرىتىپ چەككىنىچە بىر ھازا زوۋان
سۈرمەي ئولتۇرغاندىن كېيىن:
« ئۆيدە ساڭزا سالغۇدەك ئازراقمۇ
بىرنەرسە يوقما؟ » دېدى.
« بىزگە نەچچە كۈندىن بېرى
نورما تەگمىدى، ئەكىرىپ بېرىدىغان دەۋاتىمەن-
غۇ، ئىشەنمىسىڭىز، مانا قاراڭ، — دېدىم
مەن قۇرۇق خالتا بىلەن تېگى كۆرۈنۈپ
قالغان سۇلياۋ ماي تۇڭىنى ئەيسانىڭ
ئالدىغا قويۇپ، — پۇل بولغان بولسا
ئۆزۈممۇ ئەكىرەلەيتتىم، جۇرۇڭ بولمىسا،
ھازىرلا ئىككىمىز چىقىپ ئەكىرەيلى، كېچىلەپ
بولسىمۇ ئازراق ساڭزا سالاي. ئەتە
ھېيتلاپ ئىدارىڭىزدىكىلەر كىرىپ قالسا
سەت بولمىسۇن » دېدىم.
ئەيسا مېنىڭ گېپىمگە ئىنكاس
قايتۇرماي ئىشىككە قاراپ مېڭىۋىدى،
يۈگۈرۈپ بارغىنىمچە ئۇنىڭ ئالدىنى
توسۇۋالدىم.
« توختاڭ، نەگە بارىسىز، يەنە
غېپىدە قاچماقچىمۇ؟ بالا، ئۆي، خوتۇن
بىلەن قىلچە كارىڭىز بولمىسا، بۇلار نېمە
يەپ، نېمە ئىچىۋاتىدۇ دېمىسىڭىز، ئۇنداق
ئادەم خوتۇن ئېلىپ، بالا تېپىپ نېمە
قىلىدۇ. بولدى، مېنىڭ ئەمدى چىدىغۇچىلى-
قىم قالمىدى بۇنداق مەنىسىز تۇرمۇشتىن
تويدۇم » دېدىم يىغلاپ تۇرۇپ.
« بولدى قىل، ھازىر ھېچنەرسە
ئۆلگۈرمەيدۇ، ماڭا چوڭراق بىر سومكا
بەر، بازارغا بېرىپ ھۆكۈمەت ئاشخانىلىرىدى-
كى تەييار ساڭزىدىن، تاتلىق-تۈرۈملەردىن
ئەكىلەي » دېدى ئەيسا ئىشىكنى تولغىرا
توساپ تۇرغان قولۇمنى تارتىپ.
مەن ئەيسانىڭ ساڭزا، تاتلىق-تۈرۈملەر-
نى ئەكىلىشىنى كۈتۈپ يېرىم كېچىگىچە
ئىشىككە قاراپ ئولتۇردۇم. تاڭ ئاتقۇچە
ئەيسانىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. مەن
ئەتىگىنى ئۆيىنى تازىلاپ بولۇپ، يېنىمدا
بار ئازغىنا پۇلغا سىرتتىن بەش نان
بىلەن بىر بولاق قەنت ئەكىردىم.
داستىخانغا قاراپ كۆڭلۈم بەك يېرىم
بولدى. چۈنكى، داستىخان ئۈستىدە ئىككى
تەخسە قەنت بىلەن بەش ناندىن باشقا
ھېچنەرسە يوق ئىدى.
ئۈچ كۈن ھېيت ئەنە شۇنداق ئۆتۈپ
كەتتى. ئەيسا شۇ چىقىپ كەتكەنچە
قايتىپ كەلمىدى. تۇرۇپلا ئۇنىڭدىن ئەنسى-
رەپ قالدىم. ئۇ نېمىلا بولمىسۇن ئىككى
بالامنىڭ دادىسى بولغاچقا، ئۇنى ئىزدەپ
بېقىش قارارىغا كەلدىم.
مەن ئىزدەپ، سوراپ يۈرۈپ ئۇنى
بىر ئاغىنىسىنىڭكىدىن تاپتىم. ئۇ بىر نەچچە يى-
لەن بىلەن ھاراق ئىچىپ ئولتۇرغانىكەن.
مېنى كۆرۈپ:
« سۆيۈملۈكۈم، مېنىڭ ئارقامدىن
سايىدەك ئەگىشىپ كەلمىسەڭمۇ مېنى ئوغرى
ئېلىپ كەتمەيتتىغۇ، تېخى ئىككى كۈچۈكۈڭنىمۇ
بىللە ئەگەشتۈرۈپ كەپسەن. مېنى ئۇچار
تەخسە ئاسمانغا لەپپىدە كۆتۈرۈپ ئەپچىقىپ
كەتمىسكىن دەپ قالدىڭمۇيا؟ ئاھ قەدىرلىكىم،

مەن بار، خاتىرجەم بول، مەندەك ئىسكەت-
سىزنىڭ سەندەك گۈزەل ئامرىقى تۇرسا
نەگىمۇ كېتەي» دېگەندەك گەپلەرنى
قىلىپ لاۋزىلاشقىلى تۇردى.

مەن زادى تاقەت قىلالمىدىم. شۇ
تاپتا ئەل-ئاغىنىلىرىنىڭ ئالدىدا رەسۋاسىنى
چىقارغۇم كەلدى. ئىتنىڭ كۈچۈكلىرىگە
ئوخشاتقان ئىككى بالىنى ئۇنىڭ ئالدىغا
تاشلاپ بېرىپ، بىراقلا ئادا-جۇدا بولاي
دەپمۇ ئويلىدىم، بىراق، كىشىلەرنىڭ ئالدىدا
ئويۇن قويۇپ بەرمەي دەپ ئۆزۈمنى
بېسىۋالدىم.

خانىم، سىلىگە ھەممىنى دەۋېتىدىغان
بولدۇم. دۇنيادا ئەيادىن چاكىنا، پەس
ئىنسان بولمىسا كېرەك. مەن بىرىنچى
بالامنى تۇغقاندا قوشنىلار تۇغۇتۇمنى يوقلاپ
بىر مېتىر يىگىرمە سانتا سارجا ئەكىرگەن
ئىدى. ئەيا بۇ رەختنى مەندىن ئېلىۋېلىپ
ئىشتان كىيدى. بۇنى كۆرگەن قولۇم-قوشنى-
لار بالىنى قەمەر ئەمەس، سىز تۇغۇپسىز-
دە، دېيىشىپ ئۇنى مەسخىرە قىلىشتى.

خانىم، قان بىلەن كىرگەن خۇي
جان بىلەن چىقىدۇ، دەپ، ئىنساننىڭ
خۇي-پەيلىنىڭ ئۆزگەرمىكى تەس
ئوخشايدۇ. ئۆتۈنۈپ قالاي، ئاجراشتۇرۇۋېتىڭ-
لار. ئەيادىن ئۈمىد كۈتۈپ ئولتۇرۇۋەر-
سەم بالا ئۈچ-تۆتمۇ بولۇپ كېتىدىغان
ئوخشايدۇ، — دېدى قەمەر زەينەپكە
يالۋۇرۇپ.

* *

بۇ قېتىم سوتقا كىرىپ زەينەپنى
كۆرۈپلا ئەيانىڭ بېشى چۈشۈپ كەتتى.
ئۇ يەرگە قاراپ لام-جىم دېمەي ئولتۇرۇپ
قالدى. زەينەپ ئۇنىڭدىن:

— ئايالىڭىزنىڭ ئاجرىشىش تەلىپىگە
قانداق قارايسىز؟ — دەپ سورىدى.

— مەن-مەن، — دېدى ئەيا
دۇدۇقلاپ، — مېنىڭ ئاجراشقۇم يوق.
ئىللەتلىرىمنى تۈزەتسەم...

— ھازىرغىچە تۈزەتمىگەن ئىللەتلەرنى
قانداق قىلىپ تۈزەتمەكچىسىز؟

— مەن كۆپ ئويلاندىم، — دېدى
ئەيا يەرگە قاراپ ئولتۇرغىنىچە، —
مەكتەپ رەھبەرلىكىمۇ مېنى قاتتىق تەنقىد
قىلدى. بىر ئوقۇتقۇچى بولغان ئادەم ئۆز
ئىللەتلىرىنى تۈزەتمەي تۇرۇپ ئوقۇغۇچى
تەربىيىلىيەن دېيىش تولىمۇ بىمەنىلىككەن.
ھازىر مەن قاتتىق نومۇس قىلىۋاتىمەن.
ئالغان ئاياللىرىمغا يۈز كېلەلمەيمەن.
غۇنچەمنىڭ بېشىمنى يېرىۋەتكىنى توغرا بولدى.
مۇشۇ ۋەقە يۈز بەرمىگەن بولسا مەن يەنىلا
ئۆزۈمنى بىلەلمەسكەنمەن. بۇ قېتىم مەن
ھەقىقەتەن خاتالىقىمنى تونۇدۇم. بۇنىڭدىن
كېيىن ئۆزگىرىپ ياخشى ئادەم بولۇشۇمغا
پۇرسەت بېرىشنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى
ئۇ. ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى تىترەك ئارىلاش
چىقتى. ئىشىك يېنىغا كەلگەن غۇنچەم
ئەيانىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ يا يىغلاشنى
يا كۈلۈشنى بىلمەي تۇرۇپلا قالدى.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

غازى ئەھمەد

# بالا باخشى

(ئەسلىمە)

باخشى ياكى داخان توغرىسىدا گەپ-سۆز بولۇپ قالدۇ. شۇنداق چاغلاردا بۇنىڭدىن يېرىم ئەسىر مۇقەددەم ئالدىمدىن ئۆتكەن مۇنداق بىر ۋەقە ئىختىيارسىز ئېسىمگە كېلىدۇ.

ئەينى زاماندا قەشقەر شەھىرىدىن تەخمىنەن ئىككى-ئۈچ كىلومېتىر يىراقلىقتا، شەھەرنىڭ شىمال تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان بىر يېزىدا ھاجى تۆرەم نامىدا ياسالغان كاتتا جامە بولۇپ، بۇ ئورۇندا قەشقەر شەھىرىنىڭ تۈۋرۈكلىرىدىن بىرى دەپ ئاتالغان ئەپەندىم مەخسۇمنىڭ مەشھۇر شاگىرتلىرىدىن بىرى، ئۈستۈن ئاتۇش ئۇچالىق ھاجى قارىي دېگەن زات دىنىي مەكتەپ ئاچقانىدى. بۇ مەكتەپتە ياز كۈنى يۈزدەك بالا ئوقۇسا، قىش كۈنلىرى ئۈچ-تۆت يۈزدەك بالا ئوقۇيتتى. مەن مانا مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتاتتىم. بوي تۇرقى ۋە ياش قۇرامى ماڭا ئوخشاپراق كېتىدىغان مۇساقارىي ئىسىملىك بىر ساۋاقدىشىم بولۇپ، ئىككىمىز ناھايىتى يېقىن دوست ئىدۇق. مۇساقارىينىڭ دادىسى ئۆلۈپ كەتكەن، ئۆيىدە پەقەت ئانىسىلا بار ئىدى. ئۇ ئالدى-كەينىدە بىر تۇغقانلىرى يوق يالغۇز ھەم كەم سۆز، خىيالچان، ناھايىتى ھوشيار، ئەقىللىك بالا ئىدى. ئىككىمىز ھەر كۈنى قارىيخانىدىن قايتىشتا ئىككى كىلومېتىردەك يولنى بىللە مېڭىپ، ئاندىن ئىككى يۆنىلىشكە قاراپ ئۆيلىرىمىزگە كېتەتتۇق. بۇ جەرياندا بىز بەزىدە ئۆستەڭدە سۇغا چۆمۈلەتتۇق. بەزىدە بولسا، ئېقىن بويىدىكى قۇملاقتا چېلىشاتتۇق. ئىككىمىز چېلىشىپ، بەزىدە ئۇ مېنى يىقىتىپ ئالسىمۇ ئۇنىڭ مەندىن يىقىلىدىغان چاغلىرى كۆپرەك ئىدى. گاھىدا مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئويناپ كېلەتتىم. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ناھايىتى نامرات ئىدى. ھازىرمۇ كۆز ئالدىمدا تۇرىدۇ: ئۇلار كېسەك بىلەن سېلىنغان، ئۈستى پەس يېپىلىپ، تورۇستىن تۈگلۈك ئېچىلغان، ئىشىكلىرى ھەم كىچىك، ھەم قىڭغىر-سىڭغىر، تام-تورۇسلىرى ئىسلىشىپ قارىداپ كەتكەن ئىككى ئېغىز ئۆيدە ئولتۇراتتى.

1948-يىلىنىڭ ئەتىياز كۈنلىرى ئىدى. ھەر كۈنى ئەتىگەندە جامائەت ناماز

بامداتتىن يانغاندا، ھاجى قارىم چوڭ شاگىرتلىرىنىڭ دەرسىنى ئاڭلاپ بولۇپ، كەينىدىن يېڭى دەرس بېرەتتى. تالىپلار بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى نۆۋەت بىلەن قارىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، قۇرئاننى يېيىپ قويۇپ قىرائەت قىلاتتى. دەرس ئېلىپ بولغان تالىپلار ئۆزلىرىگە تەقسىم قىلىنغان كىچىك ئوقۇغۇچىلارغا دەرس بېرەتتى. ھاجى تۆرەم جامەسىنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى خانىقاسى ھەممە جامەنىڭ ھويلا-مەرئاسى چوڭ-كىچىك تالىپلار بىلەن تولغان بولۇپ، بەزىلەر ئالدىدىكى رەھلە ئۈستىگە ئېچىپ قويۇلغان قۇرئانغا بىردەم قاراپ، بىردەم كۆزىنى يۇمۇپ، ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن ئوقۇپ سۈرىلەرنى يادلىسا، بەزىلىرى بىرەر كەلىمە ئايەتنى ئون ۋە بىر قانچە ئون قېتىم تەكرارلاپ، ئۇنى يادلايتتى. ئەڭ كىچىك ئوقۇغۇچىلار بولسا، قوللىرىغا ھەپتىيەك ياكى تاختايلىرىنى ئېلىپ، ھەرپلەرنى بىر-بىرىگە قوشۇپ ھەجىلەيتتى. ئەتىگەندىكى بىر-ئىككى سائەت ۋاقىت، قارىم دەرسخانىدىن ئايرىلماي ئولتۇرىدىغان، چوڭ-كىچىك شاگىرت-تالىپلارنىڭ ھەممىسى دەرس تەكرارلاش بىلەن بولىدىغان، جامە ئىچىدە بىرمۇ ئادەم لاغايلاپ يۈرمەيدىغان، ناھايىتى سۈرلۈك كەيپىيات ھۆكۈم سۈرىدىغان مەزگىل ئىدى. بۇ چاغلاردا تالىپلارنىڭ قىرائەت قىلغان يۇقىرى-تۆۋەن، ئالتاغىل ئاۋازلىرى ياڭراپ خېلى ئۇزاق يەرلەرگە كېتەتتى.

بىر كۈنى مانا شۇنداق پەيتتە، پەشلىرى يەرگە تېگىپ تۇرىدىغان ئاق پەرەنجە بىلەن لىباسلانغان، يۈزىگە قارا چۈمبەل تارتقان بىر ئايال دادۇ پەرياد كۆتۈرۈپ، ۋارقىراپ-جارقىراپ يىغلىغان پېتى جامە ئىچىگە كىرىپ كەلدى. تالىپلار شۇئانلا قىرائەتلىرىنى توختىتىپ، بىردىنلا جىم بولۇشتى. بۇ ئايال ئولتۇرغان تالىپلارنى ئايرىلاپ ئالدىغا ئۆتۈپ يىغلاپ تۇرۇپ، ھاجى قارىمغا سۆزلەپلا كەتتى.

ئايال مۇنداق دەپ نالە قىلاتتى: مۇسا قارىي مېنىڭ بىردىن-بىر يالغۇز ئوغلۇم ئىدى. كىچىكىدىلا ئۇنىڭ دادىسى ئۆلۈپ كېتىپ، مەن ئۇنى مىڭ بىر جاپادا چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشقانىدىم. مېنىڭ بۇ بالامدىن باشقا ھېچنەرسەم يوق ئىدى. ھەر كۈنى بالام بىلەن ئىككىمىز بىر ئۆيدە ياتاتتۇق. ئاخشام ئۇ مېنىڭ يېنىمدا يېتىپ ئۇخلاپ قالغانىدى. مەن ئىشكىنى كۈندىكىدەك دەم بىلەن تاقاپ، لوكىنى ئېتىپ قويۇپ يېتىپ قالغانىدىم. ئەتىگەندە ئويغانسام، بالام مۇسا قارىي ياتقان ئورنىدا يوق. ئىشىككە قارىسام ئۆز پېتى تاقاقلىق تۇرىدۇ. پەقەت تۆڭلۈكنىڭ ئىككى تال توغرا ياغىچى ئورنىدىن قوزغىلىپ، ئارىسىدىن كەڭ بىر يوچۇق ئېچىلىپ قاپتۇ. ئۇ ياتقان كۆرپىنى قولۇم بىلەن سىلىسام ئىسسىقلا تۇرۇپتۇ. قارىم، ئۆزلىرى بالامنىڭ ئۇستازى، بىزدەك تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇلنىڭ باش پاناھى. ئۆزلىرىدىن خۇش بولۇپ قالاي. بالامنى تېپىپ بەرسىلە، ۋاي بالام... جېنىم بالام... سەندىن ئايرىلىپ قانداق ياشايمەن، بالام!

مەن باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ بولۇپ، ئاندىن دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغانىدىم. مۇساقارىي بولسا، باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇمايلا دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغانىكەن.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ دىنىي ئوقۇشى گەرچە مەندىن سەل ئۈستۈنرەك بولسىمۇ، مېنىڭ كۆرگەن-بىلگەنلىرىم ئۇنىڭدىن كۆپرەك ئىدى. مەن ئۇنى قەيەرگە باشلىسام، ئۇ شۇ يەرگە باراتتى. ئائىلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئۇلارغا قارىغاندا ياخشى بولۇپ، جىلتىمدا بار يېمەكلىكنى ئۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز بىللە يەيتتۇق. شۇ كۈنلەردە مەن ئۇن تۆت ياشلاردا، ئۇ ئون ئۈچلەردىن ئاشقانىدى. مۇسا قارىي ھەر ھالدا مېنىڭ ئاغزىمغا قارايتتى. مەنمۇ ئۇنى ياخشى كۆرەتتىم.

مۇسا قارىينىڭ مۇنداق ئۇشتۇمتۇت ئۆيدىن غايىب بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئىچىمگە بىر خىل قورقۇنچ كىرىۋېلىپ، يۈرىكىمنى بىر نەرسە مۇجۇۋالغاندەك بولۇپ قالدىم. يەنە بىر تەرەپتىن مەن بۇ ئىشقا ناھايىتى ھەيران بولۇپ، ئۇستازىمىز ھاجى قارىمنىڭ بۇ ئائىلىگە نېمىدەپ جاۋاب بېرىدىغانلىقىغا قىزىقىپ، تەلمۈرۈپ قاراپلا تۇراتتىم. قارىم بولسا: «سەبىر قىلسىلا» دېگەندىن باشقا ھېچنەرسە دېمەيتتى.

جامە ئىچىدىكى يېشى چوڭراق تالىپلار بۇ ئائىلىگە بىرنېمىلەرنى دەپ تەسەللى بېرەتتى. ئائىل بولسا چۇقان سېلىپ، بىر مەھەل جامەنى بېشىغا كىيىپ، ئاندىن پەسكويىغا چۈشۈپ، ئاستا ئۆيىگە قايتتى. تالىپلارنىڭ بەزىلىرى «بۈگۈن كېچە چارشەنبە ئاخشىمى بولۇپ، كوھقاپتىن كەلگەن جىن-ئالۋاستىلار ئادەملەرنى ئېلىپ كېتىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ» دېيىشەتتى. بەزىلەر «مۇسا قارىي سېنىڭ يېقىن دوستۇڭ ئىدى. پەخەس بول، بەلكى ئۇ سېنى يېنىغا ئېلىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن» دەپ ماڭا ۋەھىمە سالاتتى. شۇنداق قىلىپ بىر ھەپتە ۋاقىت ئۆتتى. مەن بۇ بىر ھەپتە ۋاقىتنى تولىمۇ كۆپ ئوي-خىيال، ھەر خىل دەككە-دۈككە ئىچىدە ئۆتكۈزدۈم. مۇسا قارىينىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇ توغرۇلۇق بىرەر خەۋەر ئۇقماقچى بولدۇم. ئەمما ئۇنىڭ زادىلا ئىز-دېرىكى يوق ئىدى. ئانىسى تېخىچە يىغلاپ يۈرۈپ، بىر قانچە يۇرتنى ئايلىنىپتۇ.

ئارىدىن توپ-توغرا بىر ھەپتە ئۆتكەنىدى. جامائەت ناماز بامداتتىن يانغاندا، مۇساقارىينىڭ ئانىسى جامە ئالدىغا يېتىپ كېلىپ، جامائەت ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، يىغلاپ تۇرۇپ: «ئاللاھۇ تابارەك ۋە تائالا ھاجى قارىمغا، پۈتۈن جامائەتكە رەھمەت ۋە شاپائەت ئاتا قىلسۇن، ھەممىلىرىگە رەھمەت، ھەر بىرلىرىنىڭ دۇئالىرىنىڭ بەرىكاتىدىن بۈگۈن كېچە ئوغلۇم مۇسا قارىي ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئاخشام كۈندىكىگە ئوخشاشلا ئورۇن-كۆرپىلىرىنى سېلىپ قويۇپ، ئىشىكنى تاقاپ يېتىپ قالغانىدىم. سەھەردە ئويغانسام، ئوغلۇم يېنىمدا ئۇخلاپ يېتىپتۇ. ئىشىكلەر تاقاقلىق پېتى تۇرۇپتۇ. مەن بۇ خۇش خەۋەرنى دەرھال ھەر بىرلىرىگە ئېلىپ كەلدىم. رەھمەت! مىڭ مەرتىۋە رەھمەت!» دېگەن پېتى شادلىق ياشلىرىنى سۈرتكىنىچە ئارقىسىچە مېڭىپ جامەدىن چىقىپ، ئۆيى تەرەپكە ئۇچقاندەك كېتىپ قالدى.

ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتە-ئۆتمەي يۇرت ئىچىگە: «ئۆتكەن چارشەنبە چىقار، پەيشەنبە كىرەر ئاخشىمى مۇساقارىينى دېۋىلەر ئۆيىنىڭ تۈڭلۈكىدىن ئېلىپ

چىقىپ، كوھقاپقا ئېلىپ بېرىپ، ئوقۇتۇپ داخان قىلىپ، مۇشۇ چارشەنبە ئاخشىمى يەنە ئۆيىگە ئەكىلىپ قويۇپتۇ. مۇساقارىي ھازىر ھەرقانداق ئادەمگە بىرلا كۆز سېلىپ، ئۇنىڭدا قانداق كېسەلنىڭ بارلىقىنى بىلىدىكەن. ھەتتا كېسىلى ئېغىرلاپ، سەكراتقا چۈشۈپ قالغان ئادەمنىمۇ بىر نېمىلەرنى ئوقۇپ، داپ چېلىپ، ئورنىدىن دەس تۇرغۇزۇپ، پېرە ئوينىتىدىكەن. ئۇ يەنە كەتمەننى ئوتتا قىزدۇرۇپ، قىپ-قىزىل چوغ قىلىپ يالىڭاياغ پۇتى بىلەن ئاشۇ كەتمەننىڭ ئۇستىگە دەسسەيدىكەن. بۇ چاغدا پاژ قىلىپ ئاۋاز چىقىپ ئۆينىڭ ئىچى ئىسقا تولۇپ، كاۋاپ پۇراپ كېتىدىكەن. ئەمما مۇسا قارىينىڭ پۇتى كۆيمەيدىكەن. ئۇ پۇتىنى كەتمەندىن ئېلىپ، كېسەلنىڭ يالىڭاچ بەدىنىگە دەسسىسە كېسەل كىشى چىدىيالماي ۋايجان دەپ ۋارقىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدىكەن، بۇنىڭ بىلەن بىمارنىڭ ئاغرىقى شىپا تاپىدىكەن» دېگەن سۆزلەر كەڭ تارقىلىپ كەتتى. بۇ سۆزلەر زادىلا ئەقلىمگە سىغمايتتى.

مەن مۇسا قارىينىڭ كارامەتلىرىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ بېقىش نىيىتىدە دەرستىن يانغاندىن كېيىن مۇسا قارىينىڭ ئۆيىگە بىر قانچە قېتىم بارغان بولسامۇ، ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرەلمەي قايتىپ كەلدىم. مۇسا قارىينىڭ مەھەللىسى ۋە ئىشىك ئالدى خۇددى بىر ۋاژ-ۋاژ بازارغىلا ئوخشاپ قاپتۇ. ئىشىك ئالدىدىكى ئېرىقنىڭ بويىدىكى دەرەخلەرگە ۋە دەرەختىن دەرەخكە تارتىلغان دارغا يۈزدىن ئارتۇق ئات-ئېشەكلەر باغلانغان، چوڭ كۆلنىڭ بويىدىكى مەيداندا يۇرت-يۇرتتىن كەلگەن بىمارلار كىگىز-كېچەك، يوتقان كۆرپىلىرىنى سېلىشىپ يېتىشقانىكەن. كۈن-كۈنلەپ نۆۋەت ساقلاپ ياتقان بىمارلار، ئۇلارنى ئېلىپ كەلگەن كىشىلەر ۋە ئۇلارغا ناۋاي، لەڭپۇڭچى ھەمدە باققاللار قوشۇلۇپ، بۇ مەھەللە بەئەينى بىر بازارغا ئايلىنىپ قاپتۇ. مەن قانچە قىلىپمۇ مۇسا قارىينىڭ ئۆيىگە كىرەلمىدىم. ھېچبولمىسا، ئۇنىڭ ئانىسى بولسىمۇ تالا-تۈزگە چىقمىدى.

بىر كۈنى مەن قارىيخانىدىن قايتىپ يالغۇز كېلىۋاتاتتىم. مۇسا قارىي قۇتپىددىن غوجام جامەسى تەرەپتىن ناماز جۈمەنى ئوقۇپ بولۇپ ئۆيىگە قايتىپ كېلىۋاتقانىكەن. ئۇنى كۆرۈپ، تونۇمايلا قاپتىمەن. ئۇنىڭ كىيىنىشى ۋە يۈرۈش-تۇرۇشى ئالاھىدە بولۇپ، بۇرۇنقىغا ئوخشىمايتتى. ئۇ بېشىغا سەرپۇچ تۇماق كىيىپ، ئۇستىگە چىلگىدەك سەللە ئوراپتۇ. ئۇچىسىغا بولسا، چىغ يوللۇق ئاق پاكچۇدىن ھەم ئۇزۇن، ھەم كەڭ تىكىلگەن يەكتەك، پۇتىغا مەسە-كالاچ كىيىۋاپتۇ. سەككىز-ئوندەك ئادەم مۇسا قارىينى ئوتتۇرىغا ئالغان ھالدا غاز قانىتى بولۇپ ئۇدۇل كېلىۋاتاتتى. ئىككىمىز بىر-بىرىمىزنى كۆرۈپ، ئېتىلىپ كېلىپ قۇچاقلاشتۇق. بىزنىڭ كۆرۈشمىگىنىمىزگە ئۈچ ئايدەك بولۇپ قالغانىدى. قارىسام مۇسا قارىي كۆزىگە ياش ئالدى. بۇنى كۆرۈپ مەنمۇ ھاياجىنىمنى باسالماي قالدىم. ئەتراپتىكىلەر ئىككىمىزگە تەئەججۇپ بىلەن قاراپ قېلىشتى. مەن مۇسا قارىيغا:

— مەن ئۆزلىرىنى ناھايىتى سېغىندىم. بىر قانچە قېتىم سىلە بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىش نىيىتىدە سىلەرنىڭ ئىشىك ئالدىغا بارغانىدىم. بىراق ئادەم بەك كۆپ ئىكەن.

سىلەرنىڭ ئۆيگە كىرىش مۇمكىن بولمىدى، — دېدىم.
— مەنمۇ ئۆزلىرىنى شۇنداق سېغىندىم، — دېدى مۇسا قارىي.
— ئەگەر ۋاقىتلىرى بولسا، ئازراق مۇڭدىشايلى، — دېيىشىم بىلەن ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، ئۆزى بىلەن ئەگىشىپ كېلىۋاتقان كىشىلەرگە قاراپ:
— سىلەر ھازىر مېنىڭ ئۆيۈمگە بېرىپ، مېنى كۈتۈڭلار. مەن بىرەر سائەتلەردىن كېيىن ئۆيگە يېتىپ بارىمەن، — دېدى-دە، مەن بىلەن بىللە ماڭدى. ئىككىمىز ھەر دائىم سۇغا چۈمۈلۈپ ئوينايدىغان ئۆستەڭنىڭ بويىغا كېلىپ، ئۇ يەردىكى پاكىز قۇم دۆۋىسىدە ئولتۇردۇق. ئولتۇرۇپلا «سىلە، ئۆزلىرى» نى قويۇپ، يەنە بۇرۇنقىدەك سەنلىشىپ سۆزلىشىپلا كەتتۇق.
— ئاداش، — دەپ سۆز باشلىدىم مەن، — بىز ئىككىمىز جان-جىگەر ئاغىنە. ھەر ئىككىمىزنىڭ ئالدى-كەينىمىزدە ئاكا-ئۇكىمىز يوق يالغۇز ئوغۇل ئىكەنمىز. بىز ئىككىمىز بىر-بىرىمىزدىن زادىلا سىر ساقلىغان ئەمەس. راستىنى ئېيتسام، سېنى دېۋىلەر تۇتۇۋېلىپ ئېلىپ قېچىپ كېتىپتۇ، دېگەن سۆزلەرگە زادىلا ئىشەنگۈم كەلمىدى. سەن راستىنى دېگىن. بۇ زادى قانداق ئىش؟ — مۇسا قارىي ماڭا قاراپ كۈلۈپلا قويدى، خالاس.
— ھېچكىشىگە ئېيتمايمەن. ئۆزۈملا بىلىپ قالاي، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا يەنە.
— مەن ساڭا ھەقىقىي گەپنى قىلىشنى خالايمەن، — دېدى ئۇ سەل-پەل ئىككىلىنىپ، — سېنى بىر تۇغقىنىمدىنمۇ چارە كۆرىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ساڭا ئىشىنىمەن، بىراق، ھازىر نەچچە مىڭلىغان ئادەمنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولدۇم. ئەگەر بۇ ئىشلار خەلقى ئالەم ئالدىدا ئاشكارىلىنىپ قالسا، ناھايىتى چوڭ خاپىلىق يۈز بېرىدۇ. ھەتتا ئانامنىمۇ ئاز دېگەندە بالىلىقتىن كېچىپ، مېنى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىدۇ.
— خاتىرجەم بول، ئاداش! «لەۋزە ئەبزەل» دېگەن گەپ بار. مەن چوقۇم لەۋزىمدە تۇرىمەن.
— ھەي... بۇنىڭ ھەممىسى ئانامنىڭ قىلغان ئىشلىرى، — دەۋەتتى ئۇ ئاخىرى.
مۇساقارىينىڭ ئانىسى ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىدىن ئازراق خەۋىرى بولغان، بۇۋىلەرگە قول بېرىپ مۇرت بولغان مۇنەججىم ئايال ئىدى. ئۇ تۇرمۇشىنىڭ قاتتىقلىقىدىن كۈن كەچۈرۈشنىڭ ھەر خىل يوللىرى ئۈستىدە ئۇزۇن يىل ئىزدىنىپ كەلگەنىكەن. ئۇ باغئېرىقتىكى سېلىمخان بۇۋىم، شەھەر ئىچىدىكى سادەتخان بۇۋىم، بۇلاق بېشىدىكى ھاپىزخان بۇۋىم دېگەنلەرنىڭ خانىقالىرىدا چۈرۈلگەن خەتمىلەرگە داخىل بولغاندىن باشقا، ئانىسىنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىش يولىدا باغئېرىقتىكى مەتنىياز داخان ۋە ئۇنىڭ ئوغلى تەۋەككۇل داخان، ھوجىدارىدىكى ئىبراھىم باخشى، گالۋاڭ مەھەللىسىدىكى شەرۋانىخان تىۋىپ دېگەنلەرنىڭ ئۆيلىرىگە كۆپ قېتىم بېرىپتۇ. بۇ جەرياندا باخشى، داخان ۋە تىۋىپلارنىڭ ھېچقانچە جاپا تارتماي ياكى دەسمايە سالماي ئاسانلا تاپاۋەت

قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا تولىمۇ ھەۋىسى كېلىپتۇ. ئۇ خېلى ۋاقىتتىن بېرى يالغۇز ئوغلى مۇسا قارىيغا باخشىلىق، داخانلىق ھەم تىۋىپلىقتىن تەلىم بېرىشكە باشلاپتۇ. بىر مەھەل ئۆتۈپ ۋاقتى-سائىتى كەلگەندە ئوغلى مۇسا قارىينى بىردىنلا داخان قىلىپ ئوتتۇرىغا چىقارماقچى بولۇپتۇ. مۇسا قارىينىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، چارشەنبە چىقىپ، پەيشەنبە كىرىدىغان بىر كېچىسى ئانىسى ئۇنى بىر كاتىنىڭ ئىچىگە سولاپ، يېمەك-ئىچمەكلىرىنى ئىچىگە سېلىپ، كاتىنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ قۇلۇپلاپ قويۇپ، ئالدى بىلەن بالىسى ئوقۇيدىغان قارىيخانىغا بېرىپ، بالىسىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى داۋراڭ قىلىپتۇ. ئاندىن بىر ھەپتىگىچە يۇرتمۇ يۇرت يىغلاپ-قاقشاپ يۈرۈپ بالىسىنى ئىزدەپتۇ. ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن يەنە شۇ چارشەنبە ئاخشىمى «ئوغلۇم قايتىپ كەلدى. دىۋىلەر ئوغلۇمنى كوھىقاپقا ئېلىپ بېرىپ، ئوقۇتۇپ داخان قىلىپ قويۇپتۇ» دەپ تەشۋىق قىلىپتۇ. ئۇ يەنە «ئوغلۇم مۇسا قارىي ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن بۇيان تاھارەتسىز يەرگە دەسسىمەيدىغان، ئاغزى بېسىقماي بىر نەرسىلەرنى ئوقۇيدىغان، ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلىشىدىغان بولۇپ قالدى. ئوغلۇمنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ دىۋىلەر بىلەن دائىم سۆزلىشىپ تۇرىدىكەن، ھەرقانداق ئادەمگە بىرلا قاراپ، ئۇ كىشىدە قانداق كېسەلنىڭ بارلىقىنى بىلىدىكەن ۋە ئۇنىڭ كېسىلىنى ساقايتالايدىكەن» دېگەن سۆزلەرنى تارقىتىپتۇ. بۇ خەۋەر ناھايىتى تېزلا يۇرت ئىچىگە تارقىلىپ، يىراق-يېقىن جايلاردىن كېسەللەر مۇساقارىينىڭ ئالدىغا كېلىشكە باشلاپتۇ. مانا شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ «بالا باخشى»، «بالا داخان» دېگەن ئاتاققا ئېرىشىپ، ئۇنىڭ نامى مەھەللىدىن-مەھەللىگە، يۇرتتىن-يۇرتقا، ھەتتا قەشقەر تەۋەسىگە تارقىلىپ كېتىپتۇ.

— سەن ئالدىڭغا كەلگەن كىشىلەرنىڭ زادى قانداق كېسىلى بارلىقىنى ئۇقامسەن؟— مەن ئۇنىڭدىن سورىدىم.

— ئەلۋەتتە بىلىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.

— قانداق بىلىسەن؟

— دەسلەپتىكى ۋاقىتلاردا ئانامنىڭ ياردىمىگە تايانغانىدىم. ھازىر ئاساسەن ئۆزۈم ھۆكۈم قىلىمەن. ئۆزۈم زادىلا ئاڭقىرالماي، ئىككىلىنىپ قالغان كېسەللەرگە كەلگەندە، يەنىلا ئانام ياردەم قىلىدۇ. ئانامنىڭ ماڭا چۈشەندۈرۈشىچە، — دېدى مۇسا قارىي، — ئۆزى ياداڭغۇ، رەڭگى-روھى سۇنۇق ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىسىدە ئاشقازان كېسىلى بولىدىكەن. بۇنداق ئادەملەرنىڭ ئىشتىھاسى ياخشى بولمايدىكەن. روھى چۈشكۈن، كۆزلىرى نۇرسىز ئادەملەر سىل كېسىلى يەنى ئۆپكە كېسىلى ئىكەن. نەپەسنى تولدۇرۇپ ئالىدىغان، سۆزلىگەندە دېمى سىقىلىپ، سۆزنى ئۈزۈپ-ئۈزۈپ سۆزلەيدىغان كىشى زىققا كېسىلىگە مۇپتىلا بولغان كىشى ئىكەن. ئاۋازى جاراڭلىق بولماي، پەس ياكى تىترەك ئاۋازدا سۆزلەيدىغان ئادەملەرنىڭ يۈرىكى بىجىرىم ئەمەس ئىكەن، ئۆزى خام سېمىز، رەڭگى بىرئاز تاتىراڭغۇ، قاپاقلىرىدا ئىششىق بولۇش بۆرەك

كېسلدىن بشارەت ئىكەن، ئۆزى يادائغۇ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشقان، روھسز بولۇش سەۋدا، ئۇيقۇسى كەم بولۇشىنىڭ ئىپادىسى ئىكەن. ئادەملەرنىڭ ھەر خىل كەچۇرمىشلىرى، روھىي ھالىتى سالامەتلىككە تەسىر كۆرسىتىدىغان بولغاچقا، بىمارلار بىلەن سۆھبەتلىشىش ۋە مۇڭدىشىپ ئەھۋاللىشىش ۋە بىمارلارنى كۆپرەك سۆزلىتىپ ئاڭلاش ئارقىلىقمۇ قانداق كېسلى بارلىقىنى بىلگىلى بولىدىكەن.

مۇسا قارىينىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ تۈڭلۈكىگە توم ئېشىلگەن بىر تال قارا ئارغامچا باغلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىر ئۇچى پەگاغا مۇستەھكەم قېقىلغان قوزۇققا باغلانغانىكەن. بۇ ئارغامچىنىڭ ئۇستۈنكى قىسمىغا ھەر خىل رەڭلىك لاتىلار چىگىپ قويۇلغانىكەن. ئۆيىنىڭ بىر تەرىپىگە ئورۇن-كۆرپە سېلىنىپ، كېسەل ئالدى بىلەن شۇ يەرگە ياتقۇزۇلىدىكەن. مۇسا قارىي ئالدى بىلەن كېسەلدىن سوئال سوراپ، ئۇنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى بىلەن تونۇشىدىكەن. ئاندىن ئۇ كىشىدە قانداق ئالامەتلەرنىڭ يۈز بېرىپ تۇرىدىغانلىقىنى، كېسلىنىڭ زادى قايسى يېرىدە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىپ، كېسەلنىڭ دەسلەپكى ئىشەنچىسىگە ئىگە بولىدىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ كېسەلنى داۋالاشنىڭ چارىسىنى ئېيتىدىكەن. ھال-كۈنى ياخشىراق بىمارلارنى بايقىغاندا، «ئال»غا ئوقۇيمەن دەيدىكەن. «ئال»غا ئوقۇيمەن دېگىنى مۇنداق بولىدىكەن: كېسەل كىشى ئۆيىدە بار بولسا ئۆيىدىن، ئەگەر ئۆيىدە بولمىسا، بازاردىن بىر ئوغلاقنى سېتىپ ئېلىپ، يېرىم كېچە بولغاندا ھېچكىمگە چاندۇرماي داخاننىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بارىدىكەن. داخان بۇ ئوغلاقنى دەرھال ئۆلتۈرۈپ، كېسەلنى ئوغلاقنىڭ ئىسسىق تېرىسىگە يۆگەپ تەرلىتىدىكەن. گۆشىنى داخان يەيدىكەن. ئەگەر كېسەل يوقسۇل بولسا، «ئوغرى ئال»غا ئوقۇيمەن دەيدىكەن. «ئوغرى ئال» دېگىنى بىمار قولۇم-قوشنىلىرىنىڭ ياكى باشقا ھەر قانداق كىشىنىڭ بىر ئوغلىقىنى، ھېچبولمىغاندا، بىر توخۇسىنى ئوغرىلاپ، ئاندىن داخاننى يېرىم كېچىدە ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كېلىپ، ئوغرىلىغان ئوغلاق ياكى توخۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئوغلاقنىڭ تېرىسىگە بىمارنى يۆگەپ تەرلىتىپ، گۆشلىرىنى پىشۇرۇپ يەپ، كاللا-پاقالچاق، ئىچكى ئەزالىرىنى بارلىق ئۇستىخانلىرى بىلەن قوشۇپ تېرىسىگە يۆگەپ، كېسەل ياتقان ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر ئورا كولاپ، شۇ ئورىغا كۆمىدىكەن. ئېشقىلىپ، ئوغرىلانغان ئوغلاق ياكى توخۇنىڭ بىر تال موينىمۇ قالدۇرماي، تاڭ ئاتقۇچە كۆزدىن يوقىتىش لازىم ئىكەن، ئەگەر داخان بىمارنىڭ ئۆيىگە كېلىشنى خالىمىسا، ئوغرىلانغان ئوغلاق ياكى توخۇنى كېچىسى چاندۇرماي داخاننىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بارىدىكەن. داخان بۇنى قوبۇل قىلىپ، ئاۋۋال مەن بۇنىڭغا ئوقۇيمەن. كېيىن بۇنى يەرگە كۆمۈپ تاشلايمەن دەپ ئاخىرى ئۆزى يەيدىكەن.

مۇساقارىي بۇ سىرلارنى ماڭا سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن ئۇنىڭدىن سورىدىم:

— ھەرقانداق ئادەمنىڭ كېسلىنى بىلەلەمسەن؟

— ياق، بەزىلەرنىڭ كېسلىنى ئۇقالماي گاڭگىراپ قالىدىغان چاغلىرىممۇ بار، بۇ چاغدا،

ئانامغا: مەن تاھارەت يېڭىلاپ ئالاي، دەپ قويۇپ مۇستەھەپخانىغا كىرىپ كېتىمەن. ئانام ئۆزى بۇ كېسەل بىلەن ھال-ئەھۋاللىشىپ، ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدۇ. ئاندىن مېنىڭ يېنىمغا كىرىپ، بۇ كىشىنىڭ كېسىلىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى، بۇ كېسەلنى قانداق بىر تەرەپ قىلسام بولىدىغانلىقىنى ماڭا ئېيتىپ بېرىدۇ، — دېدى ئۇ.

مۇسا قارى بەزى كېسەللەرنى ئۆيىگە باغلانغان تۇغقا ئېسىلدۇرۇپ، ئۆزى بىر ئېملەرنى ئوقۇپ، داپ چېلىپ پېرە ئوينىتىدىكەن. كېسەلنىڭ تۇغنى تۇتقان قولى سىيرىلىپ كەتمىسۇن ئۈچۈن ئارغامچىنىڭ ھەر بىر غېرىچ يېرىگە بىر توقۇناق چىگىپ قويىدىكەن. مۇسا قارى بىمارنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، مۇشۇ تۇغقا ئېسىلدۇرىدىكەن. بىمار داخاننىڭ بىر خىل چالغان دېپىنىڭ رېتىمى بويىچە ھېلى ئوڭ تەرەپكە، ھېلى سول تەرەپكە ئايلىنىدىكەن. بۇنداق ئايلىنىش دەسلەپتە ئاستا بولۇپ، كېيىن بارا-بارا داپ رېتىمىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ، تېزلىشىپ بارىدىكەن، ئەسلىدە ئۆرە تۇرغىدەك ماغدۇرى بولمىغان بۇ بىمار مەلۇم ۋەھىمە، قورقۇنچنىڭ تۈرتكىسى ياكى مەلۇم روھنىڭ مەددىتى بىلەن كۈچ-قۇۋۋەتكە ئىگە بولۇپ، ئۆزىنى ئۇنتۇتقان ھالدا داپ رېتىمى بويىچە ئايلىنىپ، پېرە ئويناپ پۈتۈن بەدىنى قارا تەرگە چۆمۈلۈپ، ئاخىرى ھالسىزلىنىپ يىقىلىدىكەن. دەل ئۇ يىقىلىۋاتقاندا، باخشى چاققانلىق بىلەن بىمارنى يۆلىۋېلىپ ئورۇن-كۆرپە ئۈستىگە ياتقۇزۇپ، دەرھال ئۈستىگە يوتقان ياپىدىكەن. بىمار تەرلىگەن پېتى بىر ئاز يېتىپ، خېلىلا يەڭگىپ قالغاندەك بولۇپ، ئۆيىگە قايتىدىكەن.

— «مەلۇم روھنىڭ مەددىتى» دېگەن گەپ قانداق گەپ؟ — مەن قىزىقىپ ئاسماقچىلاپ سورىدىم.

— مېنىڭ ئالدىمغا كەلگەن كېسەللەر ئاغرىقىنىڭ ئازابىنى ناھايىتى كۆپ تارتقان، ياخشى بولۇپ قالارمەن دېگەن ئۈمىد بىلەن كۆزى كۆرگەن، قولىقى ئاڭلىغان چارىلارنىڭ ھەممىسىنى قىلغان. لېكىن ھېچبىر داۋاسى بولمىغانلىقتىن يۇرت ئارىلاپ ئىزدەپ سوراپ كۆپلىگەن زەخمەت چېكىپ، ئاقىۋەت ئۆيۈمگە كەلگەنلىكى ۋە بىرقانچە ۋاقىت نۆۋەت ساقلاپ ئالدىمغا كىرىشكە مۇيەسسەر بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەم خۇشال، ھەم ئۈمىدۋار بولىدىغانلىقى ئېنىق. ئىككىنچىدىن، زور ئىشەنچ ۋە ئەقىدە بىلەن قىلىنغان رېتىملىق ھەرىكەت تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ بەدىنىدە قان ئايلىنىش تېخىمۇ راۋانلىشىپ، تەرلەپ-پىشىپ، ئۆزىنى بەلگىلىك دەرىجىدە يەڭگىللەپ قالغاندەك ھېس قىلىدىغانلىقى تېخىمۇ ئېنىق. مېنىڭ نامىمنىڭ شۇنچە تېز تونۇلۇپ كېتىشتىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى مانا مۇشۇ، — دېدى مۇسا قارى.

مەن ئۇنى «سەن كوھنىقاپقا بېرىپ ئوقۇپ كەلدىم» دەپ كىشىلەرنى ئالداپسەن دەپ ئەيىبلىمىگەنلىكىم ئۈچۈن، ئۇنىڭ مەندىن نارازى بولغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

مۇسا قارى ئۆيىگە كېتىشكە ئالدىرىدى.

— ئاداش، سەن بىلەن كۆرۈشۈش بەكمۇ تەس ئىكەن، بۈگۈن ئىككىمىز

مۇگدىشىپ، كاللامدىكى چىگىشلەر يېشىلىپ قالغاندەك بولدى. ئەمدى ئاخىرقى بىر سوئالىمغا جاۋاب بەرگەن بولساڭ بەكمۇ خۇش بولاتتىم، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلىپ.

— نېمە سوئال ئىدى؟ — دېدى ئۇ.

— ئاڭلىشىمچە، ئوتقا سېلىپ قىزدۇرۇلۇپ، قىپ-قىزىل چوغقا ئايلانغان كەتمەننىڭ ئۈستىگە سېنى يالاڭ ئاياغ دەسسەيدىكەن. شۇ چاغدا پاژ قىلىپ ئىس چىقىپ، ئۆپنىڭ ئىچى كاۋاپ پۇراپ كېتىدىكەن، دېيىشىدۇ. راستتىن شۇنداقمۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— راست، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.

— توۋا، بۇ زادىلا مۇمكىن بولمايدىغان ئىش، — دېدىم مەن. چۈنكى مۇسا قارىينىڭ ئورۇق-ئاجىز پۇتلىرىنى مەن ياخشى بىلەتتىم. ئۇنىڭ قونجى قورۇلۇپ، هوشۇقىغا چۈشۈپ قالغان مەسە ئىچىدە ئاۋاق پۇتلىرىنىڭ بارلىقى ئارانلا بىلىنىپ تۇراتتى، — سەن راستتىنلا شۇنداق قىزىق تۆمۈرنىڭ ئۈستىگە يالاڭ ئاياغ دەسسەيدىغان بولساڭ، پۇتلىرىڭ كۆيۈپ كەتمەي قالماسمۇ، پۇتۇڭنىڭ سۆڭەكلىرىمۇ كۆيۈپ چۈچۈلا بولۇپ، يىلىكلىرىڭ ئېرىپلا كەتمەمدۇ؟ — دېدىم كۈچلاپ.

— ئاداش، ھەممە سىرلارنى ساڭا بىر-بىرلەپ ئېيتىپ بەردىم. ئەمدى قىزدۇرۇلغان كەتمەننىڭ ئۈستىگە يالاڭ ئاياغ دەسسەشتىن ئىبارەت بۇ ھېكمەتنى سەن مەندىن سورىمىغىن. مەن بۇ سىرنى ساڭا ھەرگىز ئېيتىپ بېرەلمەيمەن، — دېدى ئۇ تەلپىمنى كەسكىن رەت قىلىپ.

— ئۇنداق بولسا، سەن قارىغۇ ئۆيدە كۆز بويىغان ئوخشايسەن. قىزدۇرۇلغان كەتمەننىڭ ئۈستىگە يالاڭ ئاياغ دەسسىمىگەن بولساڭ بوپتۇ. مەنمۇ بۇ يوق ئىشنى كولاپ سوراپ ئولتۇرمايمەن، — دېدىم.

— ياق، مەن ھەقىقەتەن يالاڭ ئاياغ پۇتۇم بىلەن قىپ-قىزىل چوغ بولغان تۆمۈرنىڭ ئۈستىگە دەسسەيمەن، — دەپ سالدى ئۇ.

— ئۇنداق بولسا، بۇ سىرنى نېمە ئۈچۈن ماڭا ئېيتىپ بەرمەيسەن؟ — دەپ سوراپ تۇرۇۋالدىم مەن.

— مۇشۇ بىرلا سىرنى سەن مەندىن سورىمىغان بولساڭ بولاتتى. مېنى بۇنچىۋالا خىجىل قىلمىغىن.

— سەن بۇنى مەندىن سىر تۇتۇپ يوشۇرغانسىرى مېنىڭ ئۇنى بىلگۈم كېلىپ كېتىپ بارىدۇ. جېنىم ئاداش، مەن ئۆزۈملا بىلىپ قالاي. ھامىنى دېگەندىكىن بۇنىمۇ دەۋەتكىن، — دېدىم مەن يېلىنىپ.

— ئۇنداق بولسا مېنىڭ ساڭا قويىدىغان بىر شەرتىم بار. سەن ئۇنى چوقۇم بەجا كەلتۈرمىسەڭ بولمايدۇ، — دېدى ئۇ.

— بولىدۇ، قانداق شەرت ئىدى ئۇ؟ — سورىدىم تەقەززا بولۇپ.

— سەن ماڭا بۇ سىرنى ھېچكىشىگە ئېيتمايمەن دەپ قەسەم بەر، — دېدى ئۇ. مەن بۇ شەرتنى ئاڭلاپ ئويلىنىپ تۇرۇپلا قالدىم.

— قەسەمخورنىڭ ئۆمرى قىسقا بولىدۇ، دېگەن گەپ بار. سەن مېنى قەسەم قىلىشقا قىستىما. مەن قەسەم قىلمىساممۇ، بۇ سىرنى چوقۇم ساقلايمەن. كۆرۈپ تۇرۇپسەنغۇ، قوينۇمدا قۇرئان تۇرمامدۇ؟ مەن ساڭا ھەرگىزمۇ يالغان ئېيتمايمەن، — دېدىم. مۇسا قارى ئەڭ ئاخىرقى بۇ سىرنىمۇ ماڭا ئېيتىپ بەردى. ئۇ بۇ سىرنى ماڭا سۆزلەپ بېرىشنى رەت قىلغان ۋاقىتتا، بۇ ھەققەتەن ئادەمنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرىدىغان ئاجايىپ بىر سىر ئىدى. ئۇ ماڭا سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن قارىسام بۇ ھېچقانچە ھەيران قالغۇدەك سىر ياكى ھېكمەت بولماستىن ئادەتتىكىلا بىر ئىش ئىكەن... مەن ئۆز ۋاقتىدا مۇسا قارىيغا بەرگەن ۋەدەمگە ۋاپا قىلىپ، تا بۈگۈنگە قەدەر ھېچكىشىگە ئېيتمىغانىدىم. ئاڭلىسام ئۆتكەن يىل مۇسا قارىي كېسەل بولۇپ، ساقىيالماي ۋاپات بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ «بالا باخشى» نامى بىلەن بىر قانچە يىل دەۋر سۈرۈپتۇ. ئانىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، باخشىلىقنى ئۆزلۈكىدىن تاشلاپ، دېھقانچىلىق بىلەن ھايات كەچۈرۈپتۇ.

مۇسا قارىي ئەسلىدە ۋىجدانلىق ياخشى بىر بالا بولۇپ، ئۇ ماڭا راست گېپىنى ئېيتقانىدى. ئۇ راستىنلا يالاڭ ئاياغ پۇتى بىلەن قىزدۇرۇلغان كەتمەننىڭ ئۈستىگە دەسسەيدىكەن.

ئەگەر ريماتىزم كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، پۇت-قوللىرى ئاغرىيدىغان، ئۇمۇرتقىلىرىنىڭ مەلۇم قىسمىغا سۆڭەك ئۆسۈپ قالغان ياكى بەدىنىنىڭ مەلۇم يېرىگە يەل تۇرۇپ قېلىپ، شۇ يېرى داۋاملىق ئاغرىيدىغان بىمارلار مۇسا قارىينىڭ ئالدىغا كېلىپ قالسا، جىگدە ياكى ئۆرۈكنىڭ قۇرۇق ئوتۇنلىرىنى يېقىپ، ئۈستىگە كەتمەننى قويۇپ راسا قىزدۇرۇش، كېسەلنىڭ بەدىنىدىكى ئاغرىق ئورۇننى يالىڭاچلاپ تۇشەك ئۈستىگە ياتقۇزۇش ئىشلىرىنى مۇسا قارىينىڭ ئانىسى بېجىرىدىكەن. ئۆزى بولسا «تاھارەت يېڭىلاش» ئۈچۈن قازناق ئۆيدىكى مۇستەھەپخانا ئىچىگە كىرىپ كېتىدىكەن. ئۇ يەردە قاچىغا بىر قانچە توخۇم چېقىلىپ، توخۇمنىڭ ئاق، سېرىقى ئايرىلاشتۇرۇلۇپ قويۇلىدىكەن، مۇسا قارىي بۇ توخۇمنى پۇتىنىڭ ئالقىنىغا قايتا-قايتا سۈۋايدىكەن. پۇتىنىڭ ئىسسىقلىق ھارارىتى بىلەن پۇت ئالقىنىغا سۈۋالغان توخۇم بىر قانچە مىنۇت ئىچىدە قاتىدىكەن. ئۆينىڭ تۈڭلۈكى يېپىلىپ، ئۆي قاراڭغۇ قىلىنغان بولغاچقا، پەقەت ئوچاقتىكى ئوتنىڭ يورۇقىلا ئۆينى غۇۋا يورۇتۇپ تۇرىدىكەن. ئانىسى لاخشىگىر بىلەن قىزدۇرۇلغان كەتمەننى قىسىپ ئوچاقتىن ئالغاندا، ئەسلىدىمۇ ئوتتا قىزارغان كەتمەن قاراڭغۇ ئۆينىڭ ئىچىدە تېخىمۇ قىپ-قىزىل كۆرۈنۈپ ناھايىتى سۈرلۈك ھالەت بارلىققا كېلىدىكەن. دەل مۇشۇ پەيتتە مۇسا قارىي ئۈنلۈك ئاۋازدا بىر نېمىلەرنى ئوقۇغان ھالدا، يالاڭ ئاياغ پۇتلىرى بىلەن سالماق مېڭىپ قازناق ئۆيدىن چىقىپ، كېسەلنىڭ يېنىغا كېلىدىكەن. مۇسا قارىينىڭ ئانىسى بولسا، كۆزنى يۇمۇپ بىردەم ئۇننىنى چىقىرىپ،

(ئاخىرى 82-بەتتە)

مەھەممەت تۇرسۇن باھاۋۇدىن

# يامغۇردىن كېيىن

(نەسر)

چۈشتىن كېيىن تۇيۇقسىز ھاۋا بۇزۇلۇپ، يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. دەسلەپ سىم-سىم ياغقان يامغۇر-ئۇزاق ئۆتمەي سەلگە، ئاخىرى بېرىپ مۆلدۈرگە ئايلاندى. مۆلدۈر ئالدىدا ئۇششاقراق چۈشۈۋىدى، بىر پەستىن كېيىنلا چىلاندەك، ياڭاقتەك چۈشۈشكە باشلىدى. مۆلدۈرگە توغرا كېلىپ قالغان دەرەخ يوپۇرماقلىرى بېغىشتىن ئۈزۈلۈپ چۈشتى. ياپيېشىل، غۇبارسىز يوپۇرماقلارنىڭ ۋاقىتسىز خازان بولۇشى كىشىنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇراتتى. ھە، راست، ھاۋانىڭ گۈلدۈرلىشى، بەزىدە چاقماق چېقىپ، ئاسماندا يالت-يۇت قىلىپ ئەگرى-بۈگرى نۇرسىزىقلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى مۆلدۈر بىلەن قوشۇلۇپ، غايەت شىددەتلىك، جۇشقۇن ۋە سېھرىي مەنزىرە ھاسىل قىلغانىدى. بۇ مەنزىرىلەر ئۇزاققا بارمىدى. مۆلدۈرمۇ، چاقماقنىڭ گۈلدۈرىمۇ توختىدى. ئاندىن ھاۋا ئاستا-ئاستا ئېچىلىپ، كۈن باشقىدىن زېمىنغا نۇرىنى چاچتى.

ياھ، بۇ قانداق گۈزەل مەنزىرە: ئاسمان گۈمبىزى گوياكى ھېقىقتىن ياسالغاندەك كۆك ۋە تىنىق ئىدى. تەبىئەتچۇ، قاراڭ، دەرەخلەرنىڭ يېشىل، بەزى سۇس يېشىل رەڭلىك يوپۇرماقلىرى باياتىنقى يامغۇر بىلەن يۇيۇلۇپ، كۈن نۇرىدا ياقۇتتەك تاۋلىنىپ تۇراتتى. تېخىمۇ رەڭدار، جىلۋىدار، جەزبىدار تۈسكە كىرگەن گۈلىستانلاردىكى رەڭمۇرەڭ گۈللەر كىشىنىڭ كۆڭلىنى مەھلىيا قىلاتتى. ئاسمان گۈزەل، تەبىئەت گۈزەل، ھاۋا سۈزۈك، پاكىز ئىدى. يامغۇردىن كېيىنكى ھاۋا ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ ئۆلۈككە جان بېغىشلىغۇچى نەپەسىدەك يېقىملىق ۋە راھەتبەخش ئىدى. دىماغلارنى غىدىقلاپ، تەنگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى. يامغۇر ۋە مۆلدۈردىن قېچىپ ئۇۋىلىرىغا كىرىۋالغان بوستاندىكى نەغمىچى قۇشلار ئەمدى شاخلاردىن شاخلارغا سەكرەپ، يېشىل ياقۇتتەك تاۋلىنىۋاتقان يوپۇرماقلار ئارىسىدا نەغمىسىنى باشلىدى. يامغۇردىن كېيىنكى سەلكىن شامالدا ئاستا سىلكىنىۋاتقان يوپۇرماقلارنىڭ شىۋىرلاشلىرى، قۇشلارنىڭ شوخ نەغمىسى بىلەن قوشۇلۇپ،

بوستانلاردا ئاجايىپ يېقىملىق، ئاجايىپ لىرىك بىر كۈي ئېقىمىنى ھاسىل قىلغانىدى.

يامغۇردىن كېيىنكى بۇ مەنزىرىگە قانماستىن تىكىلدىم، ئاسمان گۈزەل، تەبىئەت گۈزەل، ھاۋا تازا، جانلىقلار خۇش ناۋا ئىدى. يامغۇر تەبىئەتنى يۇيۇپ، بىر پەسىنىڭ ئىچىدە كائىناتنى ئاجايىپ پاكىز، رەڭدار، چىرايلىق، يېقىملىق تۈسكە كىرگۈزۈۋەتكەنىدى. تەبىئەتنىڭ مۆجىزىلىك، سېھىرلىك، گۈزەل ھالىتىگە باققىنىمچە چوڭقۇر تەپەككۇرغا چۆمدۈم:

كۈنلەردىن بىر كۈنى ئىنسانلارنىڭ دىلىغا شۇنداق شىددەتلىك يامغۇر يېغىپ، چاقماقلار چېقىپ، ئۇلارنىڭ دىلىدىكى غۇبارلارنى تازىلىۋەتسە، مۆلدۈر دىل دەرىخىنىڭ ئىللەتلىك يوپۇرماقلىرىنى بېغىشىدىن ئۈزۈپ تاشلىسا، ئىنسانلارنىڭ دىلى يامغۇردىن كېيىنكى تەبىئەتتەك گۈزەللىشىپ، پۈتۈن گەردى-غۇباردىن پاكلانسا، بۇ، مۆجىزە بولار ئىدى. شۇ چاغدا ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىك دوستلۇققا؛ ئاداۋەت مۇھەببەتكە، پىتنە خۇش خەۋەرگە، ھەسەد قوللاشقا، قايغۇ خۇشاللىققا؛ نەسلىك بەختىيارلىققا، پەسلىك غۇرۇرغا؛ ھارام ھالالغا، نامراتلىق بايلىققا، ھىيلىگەرلىك سەمىمىيلىككە، زوراۋانلىق مېھرىبانلىققا، ئۇرۇش تىنچلىققا، سۇيىقەست ئىلمىي مېھنەتكە ئايلىناتتى. شۇ چاغدىلا «ئىنسان ھەممە مەخلۇقاتنىڭ گۈل تاجىسى» بولاتتى.

مەن ئىنسانلارنىڭ دىلىغىمۇ شۇنداق بىر يامغۇر يېغىپ، ئۇلارنىڭ دىلىدا قىلچە غۇبار قالمىسا، ئىنسانلار جەمئىيىتى يامغۇردىن كېيىنكى گۈزەل تەبىئەتتەك پاكلانسا دەيمەن!

يامغۇردىن كېيىن...

1996-يىل 10-ئىيۇن، بېيجىڭ.

**مەسئۇل مۇھەررىر مامۇت زايىت**

ئوسمان قاۋۇل

# قۇياش، دەريا، ۋەتەن

(نەسىر)

## 1

قۇمساڭغۇ قىرغاقنى بويلاپ يۇقىرىغا ئۆرلىدىم، قۇياشنىڭ ئوتلۇق نۇرىدا ئالدىمدىكى قۇم دانىچىلىرى ئۇششاق مەرۋايىتلاردەك تاۋلىنىپ، ئەزىم دەريانىڭ شاۋقۇنىغا يەنىمۇ پاكلىق بېغىشلايتتى. يىراقتىن قارىسىپ كۆرۈنگەن ئون مىڭ يىللىق تارىخ گۇۋاھى — ھەيۋەتلىك تاغلار گويا ماڭا مېھرى بىلەن سالام بېرىۋاتقان سالاپەتلىك، ساددا دېھقان بوۋايغا ئوخشايتتى. مېنى بىردىن ئاجايىپ بىر جۇشقۇنلۇق تۇيغۇ چىرمىۋالدى.

ئېھ ئانا دەريا، قەدىمكى ئۆگەننىڭ ئەلۋەك ئېقىنى، سەن قانچىلىك قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەنسەن؟ سېنىڭ شاۋقۇنىڭغا قانچىلىغان مەردلەرنىڭ ئۇر-چاپ ساداسى سىڭگەندۇ-ھە؟ باغرىڭ قانچىلاپ مېھنەت ئىگىلىرىگە ئىللىق ۋەتەن بولغاندۇ؟!

ئىزغىرىن شامال يىراقتىكى ياپيېشىل شالزارلىقتىن نەمخۇش ھاۋانى ئۇچۇرۇپ كېلىپ دىماقلىرىمغا ئۇرغاندا، تېنىم ئەزەلدىن كۆرۈلمىگەن راھەتكە چۆمۈلدى. ئېھ، سەن تۇيغۇلىرىمغا ھۆرلۈك بېغىشلىغان ئېزگۈ ۋەتەنسەن!

مەن سېنىڭ بويلىرىڭنى ياخشى كۆرىمەن، سەن ماڭا بەخت ئاتا قىلغان ئانا ئۆگەنسەن!

مەن سېنىڭ شاۋقۇنىڭنى ياخشى كۆرىمەن، چۈنكى سەن ماڭا ناخشا ئېيتىشنى ئۆگەتكەن ئانا ئۆگەنسەن!!


«تارىم» ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا قوبۇل قىلىنغان ئەسەر

ماڭا ئۈمىد، ئىشەنچ بېغىشلاش پەقەت ساڭىلا تالىق. چۈنكى ئالەمدىكى بارلىق مېھرىبانلىقنىڭ مەنبەئى ساڭا پۈتۈلگەن.

## 2

دەريا ئېقىنىنى ئۆزگەرتكەن جايدا مېنىڭ نەزەرىم...

قۇم ئۇستى بېلىق كۆكسىدەك ئاقىرىشقا باشلاپ، شىرىق-شىرىق ئاۋاز چىقارغىدەك بولغاندا، قۇياش ئوتلۇق كۆزلىرى بىلەن مېنى مۇبارەكلىدى.

— ئوغلۇم، ئانالىڭ سېنى يەنە ئۆز قوينىغا ئالدى. ئەسەن بارلىق مېھرىڭنى، دەرد-ھالىڭنى ئاڭا تۆك!

مەن خۇشاللىق بىلەن ئەتراپىمغا قاراپ، ئىچىمگە ساپ ھاۋانى سۈمۈردۈم. تۇساتتىن كۆزلىرىم قىرغاقتىكى سۇتلۇك ئوت ئارىسىدا غۇچچىدە ئېچىلىپ كەتكەن ماماكاپ گۈلىنىڭ ساپسېرىق چېچەكلىگە چۈشتى. ئىزغىرىن شامال ئاڭا يېنىك يەلپۈنۈش ئاتا قىلىپ، ئۇنى ئېخمۇ جەزبىلىك كۆرسەتەتتى. ماماكاپ گۈلىنىڭ يېنىغا چۆكۈپ ئولتۇردۇم-دە، قەلبىمدىكى بارلىق ئارزۇ-ئارمان، دەردۇ پىغانىنى تۆكۈشكە باشلىدىم.

— ئېھ ئانا دەريايىم، سېنىڭ باغرىڭ نەقەدەر مېھرلىك ۋە كەڭ، ئەلمىساقتىن بۇيان سەن ئالەمنىڭ بارلىق ئازاب-ئوقۇبەتلىرىنى ئۆركىشىگە سىڭدۈردۈڭ! سەن شۇنچىلىك چىدامىلىقسەنكى، ئىككى يېقىڭدىكى بارلىق جانلىقنىڭ قايغۇ-شادلىقى ساڭا قوشۇلۇپ كەتتى. ئېھ ئانا دەريايىم... سەن يەنە شۇنداق چىدام بىلەن مىڭلارچە يىل مەۋجۇت بولىسەن. چۈنكى سەن ئەلنىڭ غەم-قايغۇسىغا ئەبەدىلىك ۋەتەنسەن!

ئورنۇمدىن تۇرۇپ يىراقلارغا نەزەر تاشلىدىم. تۇيغۇم ئاللىقاچان ئاپپاق-ئاپپاق بۇلۇتلار قېتىغا، قۇشلارنىڭ ئەركىن ۋە ھۆر قانات قېقىشلىرىغا، بېلىقلارنىڭ پىلتىڭلاپ ئۈزۈشىگە، ئانا قۇياشنىڭ كۈلۈپ بېقىشىغا مەھلىيا بولۇپ قالغانىدى..

خاسىيەتلىك شامالنىڭ ئىللىق يەلپۈنۈشى بىلەن يېنىك ئىغاڭلاپ تۇرغان نازاكەتلىك ياپيۇرزلار ۋە تىترەپ-تىترەپ توگۈلۈپ قالغان ئېشەك قومۇچلىرى كىچىك-كىچىك قۇم دۆۋىلىرى ئۇستىدە سەبىي ۋە شوخ باللىقىمدەك ئويناقشىپ تۇراتتى.

مەن شۇئان مەرھۇم ئاتامنىڭ يېقىملىق ناخشىسىغا بۆلىنىپ، كۆزلىرىنى بىچارىلەرچە مۆلدۈرلىتىپ ئاستا پۇشۇلداپ كېتىۋاتقان تاغىل ئۆكۈز ھارۋىسىدا قەدىمكى تۆگمەنگە ئۇن تارتقىلى ماڭغان چاغلىرىمنى ئەسلەپ قالدىم. ئېھ، نەقەدەر دىلبەر چاغلار ئىدى ئۇ-ھە؟! ئاشۇنداق خاتىرىلەر ماڭا ئاجايىپ روھىي ئازادىلىك ۋە رىغبەت، ئالدامچىلىقنى بىلمىگەن سەبىينىڭ پاكلىقىدەك بىغۇبارلىق ئېلىپ كېلىدۇ. ئېيتقىن ئانا دەريا، بۇنداق ئۇلۇغ دەقىقىلەرنى سەندىن ئۆزگە ماڭا كىممۇ ئاتا قىلار-ھە؟!

## 3

قىرغاق بويلاپ ئەگرى-بۈگرى ئىز قالدۇرۇپ مېڭىشنى داۋام قىلدىم. ئىزلىرىم گويا تەقدىرىمنىڭ نامەلۇم خەرىتىسىدەك ماڭا قانداقتۇر كەلمىشلەردىن بىشارەت

بېرىۋاتقاندەك ئىدى. كۆزۈم بوككىدە يالپۇز بىلەن پۈركىنىپ، بولدۇقلاپ سۇ چىقىۋاتقان بۇلاقتا چۆشكەندە شادلىقتىن يۈرىكىم يېرىلىپ كەتكىلى تاس قالدى. بۇلاق سۈيى شۇنچىلىك ساپ، شۇنچىلىك سۈزۈك ۋە شۇنچىلىك ھاياتبەخش ئىدىكى، ئۇنىڭدىن ئۇرۇلغان ھاۋا ئادەمنىڭ قەلبىگە ئۇدۇل بۇسۇپ كىرەتتى. ئۇششاق چېكىتلەر بىلەن قاناتلىرىنى پەردازلاپ يالپۇزنىڭ نازۇك بەرگىلىرى ئۈستىدە ئويناپ يۈرگەن خانقىزلار مېنى قىزغىن قارشى ئالغاندەك بىر تۇزۇپ كېتىپ، يەنە يالپۇزلارغا يېپىشتى. ھە، ئەسلىدە ئاشۇ مەززىلىك يالپۇز ھىدى بىلەن چىرايلىق ياپراقلار خانقىزلارنىڭ مېھرلىك ۋەتىنى ئىكەن-دە، دەپ ئويلىدىم.

ئەي گۈزەل ۋادا، تارتىملىق دەريا بويىي، سەن ھەتتا ئۇششاق جانىۋارلار ئۈچۈنمۇ قوينۇڭدىن تېگىشلىك جاي بېرىسەن. سېنىڭ باغرىڭ نەقەدەر كەڭ ۋە ئىللىق-ھە؟

دەريا ئۈستىدە قارلىغاچلار ساداقىتىن ئاجرىغان ئوقتەك ئۇچۇپ، تۇيغۇمنى يۇنىڭدىن مىڭ نەچچە يۈز يىللار ئىلگىرىكى كۆسەن خانلىقى زامانىسىغا ئېلىپ كەتتى. ئەنە قەھرىمان كۆسەن ئوغلانلىرى شىددەت بىلەن ئات چاپتۇرۇپ ياۋ ئۈستىدىن غالىپ كەلمەكتە. پاراسەتلىك ئالىم-ئۆلىمالار ئالدىدىكى ئۈچ مىڭ ئالتۇن كورسىتا ئولتۇرغان شاگىرتلارغا ئالەمنىڭ ئەسلى ماھىيىتى ھەققىدە تەپسىر ئېيتماقتا. ئىھ دانىشمەن كۆسەن ئەھلى... سېنىڭ تۆھپەڭ بىھېساب ۋە ئاجايىپتۇر. سەن ئويغان مىڭ ئۆيلەردىكى بۈيۈك سەنئەت نامايەندىلىرى ھېلىمۇ دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ پارلاق سەھىپىسى ئورنىدا ئەتىۋارلانماقتا...

ئانا دەريا، ساھىلىڭدىكى ئاشۇ بۇلاقنى خۇددى قەدىردان ئانامنىڭ مېھرلىك كۆزلىرىنى ياخشى كۆرگەندەك ئەتىۋارلايمەن.

بۇلاق بويلىرىدىكى خۇش پۇراق يالپۇزلىرىڭنى خۇددى ئانامنىڭ يېقىملىق تىنىقلىرىنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرىمەن.

ئۆركەشلەپ ئاققان چاغدىكى دولقۇنلۇق ناخشاڭنى خۇددى مېڭىلغان ئانىلارنىڭ قەدىمىدىن ئېيتىپ كېلىۋاتقان ئۇلۇغ ئەللەي ناخشىسىنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرىمەن.

ئۆركەشلىرىڭ ئۈكسۈمىسۇن، ئەزىزىم دەريا!

4

دەريا ئېقىنىنىڭ ئەگىلمىسىگە كەلگىنىمدە كۆن نۇرى پۈتكۈل جاھاننى كۆيدۈرگىدەك قىزىپ كەتكەنىدى. شۇنداقتىمۇ ئارىلاپ دەريادىن ئۇرۇلۇپ تۇرغان نەمخۇش شامال كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى. كۆڭلۇمدە تەبىئەت ئانىنىڭ بۇنداق ھىممىتىگە چەكسىز

مىننەتدارلىق بىلدۈردۈم.

تۈيۈقسىز ئالدىمدىكى قىرى قارىياغاچلار بىلەن قويۇق چىڭگىللىك قاپلاپ كەتكەن چاتقاللىق ئارقىسىدىن بىر نەچچە كىشىنىڭ ھە-ھۇ دەپ كۈچ ئىلىشۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى. چاتقاللىقنى ئەگىلىپ ئۆتتۈم. دەريانىڭ شوخ ئېقىنى بۇ يەرگە كەلگەندە خېلى چوڭقۇر قاينام ھاسىل قىلىپ يەنە شەرق تەرەپكە كەتكەن بولۇپ، پاتقاققا بىر ئۆكۈز پېتىپ قالغانىكەن. ئۈچ دېھقان ئۆكۈزنى قۇتقۇزۇپ چىقىش ئۈچۈن جان-جەھلى بىلەن تىركىشىۋېتىپتۇ. مەنمۇ ئۇلارغا ياردەملىشىپ، شاپىلاقتەك قاشقىسى بار كالتە مۈڭگۈزلۈك ئۆكۈزنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلدىم. ئىككى نەپەر دېھقان ئۆكۈزنىڭ قولتۇقى ئاستىدىن ئۆتكۈزۈلگەن بادىرىنى كۆچەپ ئالدىغا تارتتى. يۈزلىرى لايدىن تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن كەكە ساقال بوۋاي ئۆكۈزنىڭ مۈڭگۈزىگە چېگىلگەن ئارغامچىنى كۆچەپ سىلكىيتتى. بىز ئاخىرى ئۆكۈزنى قۇتقۇزۇپ چىقتۇق. ئۆكۈز يوغان كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ ھەممىمىزگە تەكشى قاراپ چىقتى ۋە بىزگە رەھمەت ئېيتقاندەك ئېغىر پۇشۇلداپ قويدى. بىز ئۇنى يېتىلەپ بېرىپ تېيىز ئېقىندا پاك-پاكىز يۇيۇپ چىقتۇق. تۈكلىرى پارقىراپ كەتكەن ئۆكۈز قىرغاقتىكى يۇمران چۆپلەرنى يالماپ، ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدى.

يۈزلىرىنى پاكىز يۇيۇپ بەلبېغىدا ساقىلىنى سىرىپ ئىرتىۋاتقان بوۋايغا قاراپ ھەيران قالدىم. ئۇ ئاتامنىڭ ئەڭ يېقىن بۇرادەرلىرىدىن بىرى ئىمىن ئاخۇن ئاكا ئىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئوسمانجان ئۇكام، — دەپ ئالدىمغا كەلدى ئۇ. ئۇنىڭ يىرىك، ئەمما ئىسسىق ئالىقانلىرىدىن مەرھۇم ئاتامنىڭ يالقۇنلۇق ئاتىلىق مېھرىنى سەزگەندەك بولدۇم. بىز ئۆكۈزنى چۆرىدەپ تۇرۇپ بىردەم قىزغىن پاراڭلاشتۇق. ئىمىن ئاخۇن ئاكام دەريا بويىدىن بىر پارچە يەر ئاچماقچى ئىكەنلىكىنى، ئىگىلىكنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، بىز كىچىك چاغلاردا تېرىپ يۈرگەن يەرلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىغانلىقىنى، دەريا ياقىسىدىكى يەرلەرنىڭ قايماقتەك ئېسىل يەرلەر بولسىمۇ، تاشلىنىپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ بۈگۈنمۇ شۇ مەقسەتتە بۇ يەرگە كېلىپ مېنى ئۇچرىتىپ قالغانلىقىدىن بەكمۇ خۇشال بولغانىدى. ئۇنىڭ سۆز ئارىلىقىدا يەرنىڭ ياخشىلىقى، خاسىيىتى ھەققىدە ئېيتقانلىرىدىن ئىمىن ئاكامنىڭ ئانا يەرگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى، يۈكسەك ئېتىقادىنى كۆرگەندەك بولدۇم. بىزنى ئاشۇ ئۆكۈزنىڭ پېتىپ قېلىشى ئاشۇنداق خاسىيەتلىك سۆھبەتكە نائىل قىلغىنىدىن چەكسىز خۇشال بولدۇم. بۇ ئادەم بىلەن ھايۋاننىڭ، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ، ئۇلۇغ زېمىننىڭ مۇھەببىتى ئىدى... ئىمىن ئاكا مېنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ قويۇپ، ياردەمچىلىرى بىلەن مەھەللە ياققا يۈرۈپ كەتتى. مەن ئۇلارغا چەكسىز مېھرىم بىلەن قارىغاچ يەنە دەريانىڭ يۇقىرىسىغا مېڭىشنى داۋام قىلدىم.

ئېھ، ئانا دەريا، مېھرى ئۇلۇغ، خاسىيەتلىك ئېقىن، سەن قانچە-قانچە ئىسسىق-سوغۇقنى بېشىڭدىن كەچۈرسەڭمۇ، يەنىلا باغرىڭ بىزگە شۇنچىلىك يۇمشاق، ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەس تۇيۇلىدۇ... سەن ئالەم بىنا بولغاندىن تارتىپ ئۆز خىسلىتىڭنى بىزگە ئۆگەتتىڭ، سېنىڭ شاۋقۇنۇڭ ئۈزۈلۈپ قالمىسۇن. ئەلۋەك سۆيۈك ھېچ تارتىلمىسۇن. سەن يەنە ماڭا ئوخشاش مىڭلىغان ئوغلانلارنى ئەللەي ئېيتىپ يېتىشتۈرۈپ چىققىن. قەلبىم مېھرىڭ ئۈچۈن مەڭگۈلۈك ۋەتەن، ئۇلۇغ دەريايىم!

5

كۆز ئالدىمدا ئىككى چېتى تىك قاقاس تاغلار بىلەن قورشالغان ھەيۋەتلىك ئېقىن ئىككى ياقىنى ئۆزىنى ئېتىپ كۆپۈكلىنىپ ئاقماقتا.

دەريانىڭ بۇ ھالىتىگە قاراپ، ئەركىنلىك ئىزدەپ كۆرەشنى توختاتماي ھۆررا توۋلاپ ماڭغان مىڭلىغان كۆرەش قەھرىمانلىرى ئېسىمگە كەلدى.

— توغرا، دەريانىڭ قىنىغا پاتماي ئېقىشى نېمىدىن؟

— كەڭلىك ئىزدەشتىن!

— توختاۋسىز شاۋقۇنى نېمىدىن؟

— ھۆرلۈككە ئىنتىلىشتىن!

......

خىيال قۇشۇم يەنە قەدىمكى پەرھاتنىڭ مىتىن ئۇرۇپ تاغ كېسىشىگە كەتتى. شۇنداق، پەرھات تەشكەن تاغ.

— پەرھاتنىڭ ئەسىرلەر بويى خەلق قەلبىدە ياشىيالىشى نېمە ۋەجىدىن؟

— شىرىن ۋەسلىگە يېتىش ئۈچۈن قىلغان قەيسرانە مېھنىتىدىن، پاك سۆيگۈگە بولغان ساداقىتىدىن!

ئەي قەدىمىي دەريا، سەن ئاشۇنداق پاك مۇھەببەت قەھرىمانلىرىنىڭ شانلىق ھاياتىغا، گۈزەل رىۋايەت تۇسىدىكى ئۇلۇغ قەسىدىلەرگە گۇۋاھسەن!

كۆز ئالدىمدا ئۇلۇغ شائىرىمىز نىمشېھىد ئارمىيە ئېلى داموللىنىڭ چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى گەۋدىلەندى. ئەنە ئۇنىڭ كەڭ چېكىسىدە مەرۋايىتتەك تەر تامچىلىرى يالتىرىماقتا، تارامۇشتەك مۇستەھكەم قوللىرىدا مەھكەم تۇتقان قەلىمى ئاستىدىن نازاكەت بىلەن مېڭىپ كۆچار مەلىكىسى شىرىن چىقىپ كەلمەكتە. شىرىن چىرايلىق كۆزلىرى بىلەن سۆيۈملۈكى پەرھاتنىڭ يولىغا تەلپۈنمەكتە، ئىشقى-پىراق دەستىدىن سارغايغان يۈزى قۇياشنىڭ ئوتلۇق نۇرىدا تېخىمۇ نۇرلانماقتا. ئېھ سۆيۈملۈك پەرىشتە، سەن نەقەدەر لىۋەن، نەقەدەر گۈزەل يارالغان-ھە؟ ئاشۇ لەتاپىتىڭ بىلەن سەن شەرقنىڭ تەڭداشسىز گۈزىلى بولۇشقا ھەققەتەن مۇناسىپسەن!!

ئىشق ئوتىدا تاۋلىنىپ، مۇسكۇللىرى بۆرتۈپ چىققان، قۇياشنىڭ يالقۇنلۇق تەپتىدىن تېرىلىرى مىستەك پارقىراپ كەتكەن جەسۇر ماچىن شاھزادىسى پەرھات پۈتۈن ئىشقى-يادى بىلەن تاغ كەسمەكتە. ئالەمنى تاڭ قالدۇرغىدەك ماھارىتى بىلەن تاملارغا رەسىم سىزماقتا. ئۇنىڭ مىتىنىنى تاغقا بىر ئۇرۇشى بىلەن قۇياشنىڭ يۈزىنى توسۇۋالغۇدەك تاش پارچىلىرى كۆككە تۇزغاقتەك تۇزىماقتا.

ئېھ، سۇ، ھاياتلىق مەنبەسى! سەن نېمىدېگەن ئۇلۇغ-ھە؟!

ئەنە سۇپسۈزۈك سۇ ئۆگەن دەرياسىنىڭ تەشنالىقتىن چاك بولغان قىنىغا شىددەت بىلەن قۇيۇلماقتا، بىراق پەرھات... پەرھات...

ئېمىشېھد ئۆكسۈمەكتە، تاغلار ئۆكسۈمەكتە... كۆسەن باغرى ئۆرتەنمەكتە، ۋەتەن ئۆرتەنمەكتە...

يۈرىكىم قېپىدىن چىقىپ كەتكەندەك بولۇپ كەتتى. دەريا شاۋقۇنىنىڭ دەھشەتلىك ئاۋازى ئىچىدە ئۆزۈمگە كېلىپ، تاملاردىكى پەرھاتنىڭ قولى بىلەن سىزىلغان بۈيۈك سەنئەت ناماياندىسىگە قارىدىم. كۆزۈم بېلىقتەك پىلتىڭلاپ، كىپىكتەك شوخ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان يېرىم يالىڭاچ ھالەتتىكى كۇچار قىزلىرىنىڭ بېشىدا چاقنىغان ئالتۇن ئوتۇغاتلىرى ئۈستىدە توختاپ قالدى. ئاھ سەنئەت تاجىسى، مەڭگۈلۈك ئابىدە، ئۇيغۇر ئەقىل-پاراستىنىڭ ئالتۇن مېۋىسى، سەن بولغاچقا بۈيۈكلۈك تاپتۇق ھەممىمىز! ساڭا تەگمىسۇن غۇبار!!

* * *

دۇنيانىڭ مۆجىزىسىنى باغرىغا سىغدۇرۇپ كەتكەن ئانا دەريايىم، سېنىڭ خاسىيەتلىك قوينۇڭ پۈتكۈل ئەس-يادىمغا مەڭگۈلۈك پارلاقلىق، ئاقلىق بېغىشلىغۇسى، سەن يۈرىكىمدە ھامان ھۆر ۋەتەنسەن! سەن بار، قۇياش بار ئەبەد، ھايات مەن پەقەت!

1996-يىل ئاۋغۇست، توقسۇ

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

ئامنەگۇل ھېكىم

# تەسىرات تامچىلىرى

(نەسىرلەر)

## كىچىككىنە تارىخ

— ھا... ھا... ھا...

تۇمان ئىچىدىن ئۆز كۆلەڭگىسىنى ئىزلەۋاتقان كىشىلەر بۇ چۇشىنىكسىز كۈلكىگە دىققەت قىلىپمۇ كەتمىدى، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ قىقاس-چۇقانى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى:

— سەن مېنىڭ كۆلەڭگەم، سەن مېنىڭ...

ھالەت ئۆزگەرمەيۋاتاتتى، لېكىن تارىخ ئىلگىرىلەۋەردى.

## پەرق

كىشىلەر سېنى كىچىك ئىنژېنېر دېيىشىدۇ. ئېھتىمالا بولمىسۇن، مەن سېنىڭ ئۇستا رەسسام بولۇپ قالغانلىقىڭنى بىلمەن، بالام.

ئېھتىمالا ئېشىكىمىزنىڭ ئالدىدىكى قىزغۇچ نۇرغا پۈركەنگەن تەبىئي توغراقلىقنى سىزماستىن، مەن كۆرۈپمۇ باقمىغان نەرسىلەر ئۇستىدە ئاۋارىچىلىك تارتىسەن؟ مېيىڭدا كۈلۈپ قويۇپ باش چايقاۋاتىسەنغۇ تېخى؟!

توغراقلىقتا يۈرگەن سەبىي قىز، كۆزلىرى ياشقا تولۇپ، قاياقلارغىدۇ ئەنسىزلىك بىلەن قاراۋاتقان بوۋاي... بۇلار ھەقىقەتەنمۇ ئۇنتۇلغۇسىز مەنزىرە ئەمەسمىدى؟! بىراق سەنزە...

## قىشتىكى قۇياش

ياپراقسىز دەرەخلەر قېلىن ھەم ئاپئاق يېپىنچىسىغا يۆگەنگەندە، قۇياش نۇرمانىزارلىقتىن دەستە-دەستە نۇرلىرىنى تۆكۈپ كۆتۈرۈلمەيدىغان بولدى. ئۆزى ئۈچۈن مۇنداق غەنىيمەت پۇرسەتنىڭ چەكسىز خورسىنىشقا ئايلىنىپ كېتىۋاتقانلىقى ئۇۋچى بوۋاينى تېرىكتۈرەتتى. شۇڭاپتا بوۋاي ماغدۇرسىز تېنىنى ئاران-ئاران سۆرەپ، كونا كەپىسىدىن چىقىپ، يىراقلارغا تويماي قاراۋاتاتتى. تۇساتتىن بىر ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بولدى:

— بوۋا، بوۋا، ماڭا قاراڭە.

بوۋاي قۇلاقلىرىغا ئىشەنمىگەندەك ئارقىسىغا ئۆرۈلدى. نەۋرىسى ئۇنىڭغا ئوۋ مىلتىقىنى تەڭلەپ تۇرۇپ ۋارقىرايتتى:

— قاراڭ، مەنمۇ مىلتىق ئاتالايمەن.

بوۋاي تېلىقىپ-تېلىقىپ كۈلدى. ھەتتا ئۇنىڭ تولغىنىپ، يىقىلىپ ئاستا-ئاستا كۆز يۇمۇشىمۇ كۈلكىگە ئوخشايتتى.

## چۈشىنىكسىز ئۇربىتا

كۆزلىرىڭنى، سېنىڭ كۆزلىرىڭنى خىيال قىلغىنىمدا شادلىق ئالىمىدە ياشاۋاتقاندەك بولىمەن. ئەپسۇس، ئەي گۈلچى، سەھەر گۈلىنىڭ بەرگىدىكى مەرۋايىتلارنى پەرقلەندۈرەلمەيسەن، پەرقلەندۈرەلمەيسەن.

تەقدىرىمىز شۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

مېنىڭ دۇنيالىقتا تىلەيدىغىنىم ئۆزىنىمۇ ئىپادىلىيەلمەيدىغان يۈرىكىڭنى كۆكۈم-تالقان قىلىۋېتەلەيدىغان قۇدرەت. سېنىڭ تىلەيدىغىنىڭ يۈكسەك ھەم مۇقەددەس ساخاۋەت.

**مەسئۇل مۇھەررىر يۈلتۈز تىيىپجان**

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 5-قۇرۇلتىيىنى تەبرىكلەيمىز!**

## ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 5-قۇرۇلتىيىدا سۆزلەنگەن سۆز

**ۋاڭ لىچۈەن**

ۋەكىللەر، يولداشلار، دوستلار:

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 5-قۇرۇلتىيى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەرنىڭ بىر قېتىملىق كاتتا يىغىنى. شۇنداقلا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت تۇرمۇشىدىكى چوڭ ئىش. مەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋەكالىتەن قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلغانلىقىنى ھەمدە ۋەكىللەرنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن!

يېقىندا ئېچىلغان مەملىكەتلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 6-قۇرۇلتىيى ۋە جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ 5-قۇرۇلتىيى ئېلىمىز ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ سوتسىيالىستىك يېڭى دەۋردىكى بۆلگۈچ ئىككى قۇرۇلتىيى بولغاچقا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشىگە سازاۋەر بولدى. قۇرۇلتاي داغدۇغىلىق ھەم قىزغىن ئېچىلدى. باش شۇجى جياڭ زېمىن، يولداش جۇرۇڭجى، چيەن چىچېن، دىڭ گۈەنگېنلار مۇھىم سۆز قىلدى. شىنجاڭ ۋەكىللىرى قۇرۇلتاينىڭ ئالاھىدە غەمخورلۇقى ۋە ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشتى. بۇ ئىككى قۇرۇلتاي ئەسىر ئالمىشىش پەيتىدىكى ئەدەبىيات-سەنئەت باھارىنىڭ پەيزىنى تولۇق نامايان قىلىپ، قۇرۇلتايغا قاتناشقان ۋەكىللەرنى غايەت زور ئىلھاملاندۇردى ۋە روھلاندۇردى، شۇنداقلا بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاينى ياخشى ئېچىشىمىزغا مۇھىم شارائىت يارىتىپ بەردى.

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەرگە ئوخشاشلا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر

مىللەت ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ خىزمەت مەركىزىنى يۆتكەش، پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى، ئاساسىي لۇشيەنى ۋە فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى قانات يايدۇرۇش داۋامىدا «ئەدەبىيات-سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش» يۆنىلىشى ۋە «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇردى. يېڭىچە دەم بىر ئەۋلاد ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەرنىڭ روھى ئۇرغىدى. ياش، ئوتتۇرا ياش ئەدەبىيات-سەنئەت ئىقتىساس ئىگىلىرى ئارقا-ئارقىدىن مەيدانغا كەلدى. ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر قوشۇنى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ زورايدى؛ ئەدەبىيات، دراما، كىنو-تېلېۋىزىيە، مۇزىكا، ئۇسسۇل، گۈزەل سەنئەت، فوتو سۈرەت، خەتتاتلىق، ئەلنەغمە، سېرك ۋە خەلق ئەدەبىيات-سەنئىتى قاتارلىق تۈرلەردىكى ئەسەرلەرنىڭ كۆپلىكى، شەكلى، ئۇسلۇبى، ئېقىملارنىڭ كۆپ خىللىقى، ژانىر، سيۇژىت، ئاساسىي تېمىسىنىڭ موللۇقى مىسلى كۆرۈلمىگەن سەۋىيىگە يەتتى. يېزا-قىشلاق، قىسىم، كارخانا، مەكتەپلەردە قانات يايدۇرۇلغان مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنىڭ كەڭلىكى ۋە سەۋىيىسىمۇ مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىگە يەتتى. 1989-يىلى 4-ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 4-قۇرۇلتىيى ئېچىلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەدەبىيات سەنئەت خىزمىتىدە يەنە يېڭى تەرەققىياتلار ھەم يېڭى نەتىجىلەر بارلىققا كەلدى. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى دەۋرىدە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىدىيە، ئەخلاق، مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنى بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش، بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش قەدىمىنى تېزلىتىپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش جەھەتتە جاپالىق ھەم قىممەتلىك ئەمگەك سىڭدۈرۈپ، مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى. ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى. ئۇ يىپەك يولى يېڭى مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم مەنزىرىسى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر قوشۇنى جۇڭگو سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەت قوشۇنىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشتىكى مۇھىم كۈچ. ئۇ پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ھۆرمىتى ۋە ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى.

پارتىيىمىز يېقىندا ئاچقان پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6-ئومۇمىي يىغىنىدا « سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدىكى قارار » نى ماقۇللىدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىمۇ « قارار » نى ئىزچىللاشتۇرۇش پىكرى ئوتتۇرىغا قويدى. يېقىندا، يولداش جياڭ زېمىن جۇڭگو ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مەملىكەتلىك 6-قۇرۇلتىيى ۋە جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مەملىكەتلىك 5-قۇرۇلتىيىدا ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمىتى توغرىسىدا مۇھىم سۆز قىلدى. ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەرنىڭ بۇ قېتىمقى كاتتا يىغىنى مەركىزىي كومىتېت ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ « قارار » ى، « پىكرى » ۋە يولداش جياڭ زېمىننىڭ مۇھىم سۆزىنى ئىزچىللاشتۇرغانلىق، ئەمەلىيلەشتۈرگەنلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاينى ئېچىشتا ھەم ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ « نىزامنامىسى » بويىچە ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى رەھبەرلىك بەنزىسىدە نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى ئېلىپ بېرىشنى، تېخىمۇ مۇھىمى، قۇرۇلتاي ئارقىلىق « دېموكراتىيە، ئىتتىپاقلىق، ئىلھاملاندۇرۇش، گۈللەندۈرۈش » ، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇشنى مەقسەت قىلدۇق. سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى مەزگىلىدە، بولۇپمۇ يېڭى ئەسىر يېتىپ كېلىش ئالدىدا، ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى داۋامىدا غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان بولغان تۆتلەشكەن، يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنى ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەشكە رىغبەتلەندۈرۈپ، يېڭى ئەسىردىكى ئۇلۇغۋار نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم تارىخىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان. ئىجتىمائىي، تارىخىي، جۇغراپىيىلىك ئورۇن، ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە پەۋقۇلئاددە ئەھۋال بولغاچقا، پارتىيە ۋە خەلق شىنجاڭدىكى ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىدىن زور ئۈمىد كۈتىدۇ. ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئەمەلىيىتى ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا تۆرتكە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. شۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشىنىمىزكى، ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرى بۇ زور ئۈمىدنى يەردە قويمايدۇ. سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ئۆزىنىڭ ئەڭ زور تۆھپىسىنى قوشىدۇ.

سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەت سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغاچقا، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىستىك ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى باشتىن-ئاخىر چىڭ تۇرىدىغان بىر توپ پىرىنسىپ قىلىپ، ئۇنىڭ سوتسىيالىستىك خاراكتېرى ۋە يۆنىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى بىلەن سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى بىردەكلىككە ئىگە،

چۈنكى سوتسىيالىزم خەلقنىڭ غايىسى، ئارزۇسى ۋە ھەرىكەت ئاساسى بولۇپ، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىشمۇ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلغانلىق، شۇنداقلا خەلقتىن ئىبارەت بىر ئومۇملۇق ئۈچۈن خىزمەت قىلغانلىق بولىدۇ.

سوتسىيالىستىك يېڭى دەۋردە، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ئاساسلىقى، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. سوتسىيالىزم ئۈچۈن قانچە ياخشى خىزمەت قىلسا، خەلق ئۈچۈن شۇنچە ياخشى خىزمەت قىلغانلىق بولىدۇ. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيىمىز ئەدەبىيات-سەنئەت سىياسىيغا تەۋە بولۇش كېرەك دەيدىغان شوئارنى ئىشلەتمەيدىغان بولدى. بۇ تامامەن توغرا. لېكىن بۇ، ئەدەبىيات-سەنئەت سىياسىيدىن ئايرىلىپ كەتسە بولىدۇ دېگەنلىك ئەمەس. سىياسىي ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزدا، ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئىدىيە-ھېسسىياتىدا كونكرېت مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ غەرب ئەللىرى ئىقتىساد، پەن-تېخنىكا جەھەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن بېسىم ئالدىدا ۋە غەربنىڭ ئىدىئولوگىيىسى سىڭىپ كىرىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا سىياسىي بىلەن كارى بولماسلىق، سىياسىيدىن يىراقلاپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئىتىدىكى مۇھىم بىر سىياسىي پىرىنسىپ.

ئەدەبىيات-سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىمىز دەيدىكەنمىز، چوقۇم ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى ۋە يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى، جۈملىدىن ماركسىزم-لېنىنىزملىق ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىسىنى، ماۋزېدۇڭنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىسىنى ۋە دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىسىنى يېتەكچى ئىدىيە قىلىشىمىز كېرەك. بۇمۇ 100 يىلغىچە تەۋرىنىشكە بولمايدىغان تۈپ پىرىنسىپ. دەرۋەقە، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەتنى راۋاجلاندۇرىمىز ۋە گۈللەندۈرىمىز دەيدىكەنمىز، چوقۇم ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ياراتقان بارلىق مەدەنىيەتنىڭ ئېسىل مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە، جۈملىدىن ھازىرقى سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن كېرەكلىك بولىدىغان ئەدەبىيات-سەنئەت نەزەرىيىسى قارىشى ۋە ئۇسۇلىغا ۋارىسلىق قىلىشىمىز ۋە ئۇنى قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك. لېكىن، ئەدەبىيات-سەنئەت بىر خىل ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىجتىمائىي ھادىسە، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەتنى راۋاجلاندۇرىمىز دەيدىكەنمىز، چوقۇم جۇڭگونىڭ يېڭى دەۋردىكى سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئىتىنىڭ ئالاھىدە تەرەققىيات قانۇنىيىتى بويىچە ئىش كۆرۈشىمىز كېرەك. غەربنىڭ توغرا ئەدەبىيات-سەنئەت نەزەرىيىسى، قارىشى ۋە ئۇسۇلى بولسىمۇ ئۇنى شۇ پېتى كۆچۈرۈپ كەلمەي، ئەھۋالنى پەرقلەندۈرۈپ، ئېنىق ئايرىشىمىز، تاللىشىمىز ۋە ھەزىم قىلىشىمىز

كېرەك. شۇڭا ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىنىڭ ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى ۋە يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى، جۈملىدىن ماركسىزم-لېنىنىزملىق ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىسىنى، ماۋزېدۇڭنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىسىنى ۋە دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش، بولۇپمۇ ماۋزېدۇڭنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات-سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتۇق» نى، دېڭ شياۋپىڭنىڭ «جۇڭگو ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىنىڭ 4-قۇرۇلتىيىدا قىلىنغان تەبرىك سۆزى» نى ۋە يولداش جياڭ زېمىنىنىڭ جۇڭگو ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مەملىكەتلىك 6-قۇرۇلتىيى ۋە جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مەملىكەتلىك 5-قۇرۇلتىيىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ۋەزىپىسى بار. بۇ ئۈچ سۆز پارتىيىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىسى، لۇشيەنى ۋە فاڭجېنىنى مەركەزلىك گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى. ئۇ پارتىيىمىزنىڭ ماركسىزم-لېنىنىزملىق ئەدەبىيات-سەنئەت نەزەرىيىسىگە قوشقان ئۆزگىچە تۆھپىسى بولۇپ، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىمىزنىڭ راۋاجلىنىشىدا ئۇزاققىچە يېتەكچىلىك رول ئوينىغۇسى. بۇ سۆزلەرنى ئۆگەنسەك ئەدەبىيات-سەنئەت جەھەتتىكى نەزەرىيىۋى سەۋىيىمىزنى ۋە پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت لۇشيەنى، فاڭجېنىنى ئىجرا قىلىش ئاڭلىقلىقىمىزنى ئۆستۈرەلەيمىز.

كەڭ ۋە قايناق رېئال تۇرمۇش ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ جېنى. بولۇپمۇ دەۋرنىڭ خوجايىنى بولغان خەلق ئاممىسىنىڭ رېئال تۇرمۇشى ھەر قانداق بىر دەۋردىكى يارامىلىق يازغۇچى، سەنئەتكارنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشىدىكى قېزىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان بۇلاق. سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى دەۋردە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئورتاق نىشان ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان رېئال تۇرمۇش سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئاساسىي تېمىسى، سيۇژېتى ۋە سەنئەت ئوبرازىنىڭ ئەڭ مۇھىم، ئەڭ چوڭقۇر مەنبەسى. دەرۋەقە، شۇنىمۇ ئىنكار قىلالمايمىزكى، ئىنسانىيەتنىڭ پائالىيىتى بولغانلىكى جايدا تۇرمۇش بولىدۇ. بەزى ئادەملەر قىلغۇدەك ئىش يوق، كۈندە بىكار يۈرسىمۇ، ئۇمۇ ئوخشاشلا بىر خىل تۇرمۇش. لېكىن، پۈتكۈل دەۋرنىڭ تەرەققىياتى بىلەن ھەقىقىي زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەمدە كەڭ خەلق ئاممىسى ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان تۇرمۇش سوتسىيالىستىك تارىخىي دەۋردە دەل سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت رېئال تۇرمۇشتۇر. بىر دەۋرنىڭ ئەڭ يېڭى بولغان ئەدەبىيات-سەنئەت ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت رېئال تۇرمۇشنى ئۆزى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئاساسلىق ئوبيېكت قىلىشى كېرەك. ئەلۋەتتە، مۇشۇنداق ئەدەبىيات-سەنئەتلا خەلق ئاممىسىنىڭ ئالقىشىغا، ياقتۇرۇشىغا ۋە كۆڭۈل بۆلۈشىگە ئېرىشىدۇ. شۇڭا ئەدەبىيات-سەنئەتچىلىرىمىز

تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھازىرقى زامان رېئال تۇرمۇشىنىڭ ئاساسلىق ئېقىمىغا، جەددىي ئېقىمىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن ئەڭ قويۇق مۇناسىۋەتنى ساقلاپ، خەلق ئاممىسى بىلەن ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولۇپ، دەۋرنىڭ ساداسى ۋە ئاساسىي ئېقىمىدىن ئورتاق ئىلھام ئېلىشى كېرەك. بولۇپمۇ ھازىرقى زاماندا ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئىنتايىن تېز ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتىدۇ. يېڭى شەيئىلەر ئارقا-ئارقىدىن مەيدانغا كېلىۋاتىدۇ، جەمئىيەت ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. بىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەتچىلىرىمىز، جۈملىدىن ئوبزورچىلىرىمىز، نەزەرىيەچىلىرىمىز دەۋرنىڭ ئۇچۇرلىرىنى سەزگۈرلۈك بىلەن ئىگىلەپ ۋە ئۇنىڭدىن ئىلھام ئېلىپ، رېئال تۇرمۇشنى دەۋرنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدا تۇرۇپ تەكشۈرۈپ ۋە ئۇنىڭغا نەزەر سېلىپ، سەنئەت شەكلى ئارقىلىق دەۋرنى تېزدىن سۈرەتلەپ، كۆزنى چاقنىتىدىغان دەۋر تۇرمۇشى ئارقىلىق مەڭگۈلۈك سەھىپىلەرنى قالدۇرۇشى كېرەك. شىنجاڭ كونا ۋە يېڭى يېپەك يولىدىكى مۇھىم ئورۇن بولۇش سۈپىتى بىلەن، ھازىر گەرچە تەرەققىيات جەھەتتە قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردىن خېلى ئارقىدا بولسىمۇ، لېكىن ماھىيەت جەھەتتە ئۇمۇ قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارغا ئوخشاشلا ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئىچكى-تاشقى شارائىتقا ئىگە بولۇپ، بۇنىڭدىن كېيىن تېز تەرەققىي قىلىش ئۈچۈن ئاساس سېلىپ بولدى. ئەدەبىيات-سەنئەتچىلىرىمىز بۇنداق تارىخىي پۇرسەتتە تېزدىن غەيرەتكە كېلىپ، ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرغان رايون ۋە تارماقلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىپ، ئۇنىڭدىن سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ چىنلىقىنى قېزىپ چىقىپ، يۈكسەك ئىدىيە ۋە سەنئەت قىممىتىگە ئىگە ئەسەرلەرنى يارىتىپ، يېڭى ئەدەبىيات-سەنئەتنى گۈللەندۈرۈشى كېرەك.

چېگرا رايونغا جايلاشقان كۆپ مىللەتلىك شىنجاڭدا مۇقىملىق باشتىن-ئاخىر ئىنتايىن مۇھىم تېما بولۇپ كەلدى. مىللەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشى، جەمئىيەت تەرەققىياتى، ئىقتىساد، مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشى، خەلقنىڭ بەختلىك تۇرمۇشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇقىم بىر مۇھىتنىڭ كاپالىتىگە موھتاج. بىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىمىز شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ئەڭ چوڭ ئىش دەپ بىلىپ، بۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق كۈچىنى چىقىرىشى ۋە تۆھپە قوشۇشى كېرەك. بۇ ھەم ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەرنىڭ تارىخىي بۇرچى ۋە ئىجتىمائىي بۇرچى. ھەم ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەرنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ئېھتىياجى. پاكىت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مۇقىم مۇھىت ۋە بىرلىككە كەلگەن ۋەتەن بولمىسا، مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى، خەلقنىڭ بەخت-سائادىتى بولمايلا قالماستىن، يازغۇچى، سەنئەتكارلارنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ياخشى شارائىتىمۇ بولمايدۇ.

ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئەدەبىيات-سەنئەت

مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت. ھەرقانداق بىر مەھسۇلات ئىشلەپچىقارغۇچىنىڭ خېلى يۇقىرى ساپاغا ئىگە بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن بىر خىل سۇبيېكتىپ شارائىت ھازىرلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەدەبىيات-سەنئەتتىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە مەھسۇلات ئىشلەپچىقارغۇچىنىڭ ئالاھىدە، كۆپ تەرەپلىمە ساپاغا ئىگە بولۇشنى تېخىمۇ تەلەپ قىلىدۇ. ئەدەبىيات-سەنئەت مەھسۇلاتى بىر خىل ئالاھىدە مەنىۋى مەھسۇلات. ئۇ ئىشلەپچىقارغۇچىدا بىر خىل ئېسىل مەھسۇلات ئىگىسىنىڭ بولۇشىغا تېخىمۇ موھتاج. مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى تەشكىللەپ ئۆتكۈزگەن ئەدەبىيات-سەنئەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ «بەش بىر قۇرۇلۇشى» ئېسىل مەھسۇلات ئىگىسىنىڭ يېتەكلىشىدىكى بىر خىل مەنىۋى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ئېسىل مەھسۇلات ئىگىسى يالغۇز ئېسىل مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشنىلا تەلەپ قىلماستىن، ئالدى بىلەن ئىشلەپچىقارغۇچىنىڭ ئېسىل مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرالايدىغان بىر قەدەر يۇقىرى ساپانى ھازىرلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمەتچىلىرىدە بىر قەدەر يۇقىرى بولغان ئىدىيىۋى، نەزەرىيىۋى سەۋىيە، ئالىيجاناب پەزىلەت، مول بىلىم، ۋايىغا يەتكەن بەدىئىي ئىپادىلەش ماھارىتى ۋە مەلۇماتىنىڭ بولۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماستىن، يەنە كۆپ خىل بىلىم ۋە ماھارەتنىڭ بولۇشىنى تېخىمۇ تەلەپ قىلىدۇ. مۇشۇنداق ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلەپچىقارغۇچىلىرىلا بىز ئۈچۈن زامانىمىزنىڭ ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيىلىك ئەسەرلىرىنى ئىشلەپچىقىرالايدۇ، دەۋرنىڭ ئابىدىسى ۋە ھاياتلىقنىڭ مەشئىلى بولالايدۇ. شىنجاڭدىكى ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرى ئىلگىرى كىشىنى زوقلاندۇرىدىغان كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغان بولسىمۇ، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئېسىل مەھسۇلاتلار يەنىلا بەك ئاز، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايدۇ، پۈتۈن مەملىكەتكە يۈزلىنىش، دۇنياغا يۈزلىنىش جەريانىدا جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ كۆپ ئىسمى-جىسمىغا لايىق مەھسۇلاتلار بىلەن تەمىنلىيەلمەيدۇ. شۇڭا شىنجاڭدىكى ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر ئېسىل مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن ئۆزلىرىدە ئەڭ تولۇق شارائىت ھازىرلىشى لازىم. بۇ يەردە مەن يەنە شۇنى ئوتتۇرىغا قويىمەنكى، ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى بولغان يازغۇچى، سەنئەتكار، ئوبزورچى، نەزەرىيىچىلەر ئۆزلىرىدە يۈكسەك غايە، مۇستەھكەم ئىرادە، توختىماي ئىلگىرىلەيدىغان ئېسىل خىسلەتنى يېتىلدۈرۈش لازىم. ھەرقانداق زەئىپلىك ۋە ھورۇنلۇق ئىجادىيەتنىڭ پائالىيەتچانلىقىنى بوغۇپ قويىدۇ ۋە تالانت ئامىلىنىڭ جارىي قىلدۇرۇلۇشىغا توسالغۇ بولىدۇ، خالاس. نەتىجىسى كۆزگە كۆرۈنگەن بارلىق ئالىملارغا ئوخشاش، پەقەت خەتەرلىك چوققىلارغا يامىشىشقا جۈرئەت قىلالىغان ۋە شۇنداق قىلىشنى خالىغان ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر ۋە نەزەرىيىچىلەرلا قاتمۇ قات توسالغۇلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، كىشلەر تەلپۈنىدىغان شانلىق مەنزىلگە يېتەلەيدۇ. سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى

ئەدىبلەر، سەنئەتكارلار، نەزەرىيىچىلەر مىللىتىمىز ئەجدادلىرىنىڭ شانلىق تۆھپىلىرىنى ئەسلەپ ۋە ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىپلا يۈرسە بولمايدۇ، بىز ئۆزىمىزنىڭ جاپالىق تىرىشچانلىقى ئارقىلىق ئالدىنقىلاردىنمۇ كۆپ، تېخىمۇ شانلىق نەتىجە يارىتالىساق، ئاندىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ شانلىق تۆھپىلىرىدىن پەخىرلىنىشكە ھەقلىقمىز. بىز ئالدىنقىلاردىن ئېشىپ كېتەلمىسەك ئۆزلۈكسىز ئىلگىرىلەۋاتقان بۇ دەۋرىمىزگە قانداق يۈز كېلەلەيمىز؟

ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ گۈللىنىشىدە ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئۆز تىرىشچانلىقىدىن باشقا، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى ئاچقۇچ. دۆلىتىمىزدە، سوتسىيالىستىك دەۋرىمىزدە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە گۈللىنىشى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدىن ئايرىلالمايدۇ، بۇ بىر مۇھىم شەرت. بۇنى ئۇزۇن مۇددەتلىك ئەمەلىيەت ئىسپاتلىغان. بىراق پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى، ھەرقانداق كەسپتە بولسۇن، ھەر ساھە، ھەر كەسىپنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتى بويىچە بولىدۇ. پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيىنىڭ فاڭجېنى، سىياسەتلىرى ۋە لۇشيەنى ئارقىلىق ھەرقايسى سەپلەردىكى ۋەزىپىلەرنىڭ ئورۇنلىنىشىغا تۈرتكە بولۇشتىن ئىبارەت. پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمىتىدىكى رەھبەرلىكمۇ ئوخشاش، پارتىيە ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەرگە بۇيرۇق چۈشۈرمەكچى ياكى ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىگە ئارىلاشماقچى ئەمەس. پارتىيە «ئىككى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش» يۆنىلىشى «ئېچىلىش-سايراش» فاڭجېنى، شۇنىڭدەك باشقا ئەدەبىيات-سەنئەت سىياسەتلىرى ئارقىلىق ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئىجادىيەت ئاكتىپلىقىنى جارىي قىلدۇرۇپ ئۇلارنى ئىجادىيەت ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت خىزمەت، ئۆگىنىش، تۇرمۇش جەھەتلەردە ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارغا ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا پايدىلىق بولغان شارائىت ۋە مۇھىت يارىتىپ بېرىدۇ. نورمال، ساغلام، جىددىي، شۇنداقلا ئىلمىي بولغان ئەدەبىيات-سەنئەت ئوبزورى ئارقىلىق ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىنى مۇھاكىمە قىلىپ ۋە ئۇنى يېتەكلەپ، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. يولداش جياڭ زېمىن ئېيتقاندەك: ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت تارماقلىرىدا خىزمەت قىلىدىغان كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرى ئىدىيە، سىياسىي ئىستىل جەھەتتە، تۇرمۇشتا، ئاما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈش جەھەتتە ئۈلگىلىك رول ئوينىشى لازىم. ئەدەبىيات-سەنئەت تارماقلىرىنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرى ئالدى بىلەن ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەردىن ئۆگىنىپ، تىرىشىپ كەسىپ ئەھلى بولۇپ، ئەدەبىيات-سەنئەت قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئۇسۇل بىلەن ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن

بىللە ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئىتىنى قوغداش، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش، خىزمەت، ئۆگىنىش جەھەتلەردە ئۇچرىغان قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشقا پائال ياردەم بېرىش لازىم. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ خىزمەتلىرىگە ئىزچىل ئەھمىيەت بېرىپ، كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە قوللاپ، يازغۇچى، سەنئەتكارلارنىڭ خىزمەت ۋە تۇرمۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ ۋە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. بۇنىڭدىن كېيىن ئاپتونوم رايونىنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ خىزمەتلىرىگە تېخىمۇ كۆپ قولايلىق شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ. بىز ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ يېڭى بىر نۆۋەتلىك رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ يېڭى ۋەزىيەتتە تىرىشىپ ئىشلەپ، ئالاقىلىشىش، ماسلاشتۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىشتىن ئىبارەت خىزمەت فۇنكسىيىسىنى پائال جارىي قىلدۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ نەتىجە يارىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىز ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى، ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشى، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئەسىر ئالمىشىدىغان پەيتتە مۇشۇنداق بىر ئەدەبىيات-سەنئەت كاتتا يىغىنىنىڭ ئېچىلىشى ئەدەبىيات-سەنئەت باھارىنىڭ 21-ئەسىر ئۈچۈن تېخىمۇ گۈزەل مەنزىل يارىتىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر، قولنى قولغا تۇتۇشۇپ، ئورتاق تىرىشايلى!

قۇرۇلتاينىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلىشىنى تىلەيمەن!

# ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەرنىڭ كاتتا مەركىسى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 5-قۇرۇلتىيى 1997-يىلى 11-يانۋار ئۈرۈمچىدە داغدۇغىلىق ئېچىلدى.

يىغىنغا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت، ھامىدىن نىياز، جانابىل، قېيۇم باھاۋۇدۇن، جۇشىڭتاۋ، ۋاڭ چۈەنيۇ، چېن دېمىن، ۋۇدۇنفۇ، مىجىت ناسىر قاتارلىقلار قاتناشتى.

قۇرۇلتاي شىنجاڭ خەلق سارىيىدا ئېچىلدى. يىغىن مەيدانىغا «دېموكراتىيە، ئىتتىپاقلىق، غەيرەتكە كېلىش، گۈللەندۈرۈش» دېگەن سۆزلەر يېزىلغان پىلاكات ئېسىلغانىدى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ جاي-جايلىرىدىن كەلگەن ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەرنىڭ ۋەكىللىرى ۋە ئۈرۈمچىدىكى ھەر ساھە، ھەرقايسى كەسىپلەردىن بولۇپ 2000غا يېقىن كىشى قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن قۇرۇلتايدا مۇھىم سۆز قىلدى (سۆزى ئايرىم بېرىلدى).

قۇرۇلتايدا جۇڭگو ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى تەشكىلىي ئالاقە بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋاڭ لىي جۇڭگو ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە ۋەكالىتەن، ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى مەھەممەتجان ئەمەت ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پەن-تېخنىكا جەمئىيىتىگە ۋەكالىتەن، شىنجاڭ ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ياۋ تېشەن شىنجاڭ ھەربىي رايونى پارتكومىغا ۋەكالىتەن، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ياڭ جېنخۇا شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىگە ۋەكالىتەن ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 5-قۇرۇلتىيىنى قىزغىن تەبرىكلىدى. گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى قاتارلىق 15 ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسمۇ قۇرۇلتايغا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى.

قۇرۇلتايىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى قەييۇم تۇردى رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى دۆەن تۇڭخۇا ئېچىلىش نۇتقى سۆزلىدى.

ئېچىلىش مۇراسىمى ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى قۇرۇلتايغا قاتناشقان 300دىن كۆپرەك ۋەكىل بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 5 - قۇرۇلتىيى 12 - يانۋار چۈشتىن بۇرۇن ئۈرۈمچى «كۇنلۇن» مېھمانخانىسىدا 2 - نۆۋەتلىك ئومۇمىي يىغىن ئۆتكۈزدى. يىغىنغا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن ئابلەت ئابدۇرېشىت، ھامىدىن نىياز، قىييۇم باھاۋۇدۇن، چېن دېمىن، مىجىت ناسىر، دەللىقان مامىقان قاتارلىقلار قاتناشتى. يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋەزىيىتى ھەم بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات نىشانى، ئىجتىمائىي تەرەققىيات نىشانى ۋە ئاساسلىق خىزمەت ۋەزىپىلىرى ھەققىدە توختالغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيىتىنى توغرا تونۇشى، مەسئۇلىيەتچانلىقى ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، سەنئەت ئەمەلىيىتى ئارقىلىق شىنجاڭنى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشلارغا تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشى لازىم.

ئابلەت ئابدۇرېشىت ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ خىزمىتى توغرىسىدا تۆۋەندىكى بىر نەچچە نۇقتىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى:

(1) ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرى نەزەرىيە ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، ماركسىزم - لېنىنىزم ئارقىلىق ئۆزلىرىنى قوراللاندۇرۇپ، توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك قاراش، مىللەت قارىشى ۋە سەنئەت قارىشى بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، ئۆزىنى جەمئىيەتكە لايىق «ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى» بولۇشى لازىم.

(2) مۇنەۋۋەر ئەسەر ئىجاد قىلىش ئېڭىنى تۇرغۇزۇپ، مۇنەۋۋەر ئەسەر ئىجاد قىلىش ستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈش كېرەك. «بەش بىر قۇرۇلۇشى» نى باشلامچى، «ئۈچ چوڭ ئەسەر» (رومان، كىنو - تېلېۋىزىيە ئەسىرى، باللار ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى) نى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ مۇنەۋۋەر ئەسەر ئىجادىيىتىنى چىڭ تۇتۇپ، ھەقىقىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىشىمىز كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنى تېزدىن يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرۈش ئۈچۈن، زۆرۈر بولغان خىراجەت سېلىنمىسىنى كۆپەيتىپ بېرىدۇ.

(3) ئەدەبىيات-سەنئەت ئوبزورچىلىقى ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت ئالماشتۇرۇشىنى كۈچەيتىپ، مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات-سەنئىتىنى ساغلام ۋە ئورتاق ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

(4) مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارىي قىلدۇرۇپ جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك يېڭى ئەدەبىيات-سەنئەت بەرپا قىلىش كېرەك. تەتقىقات خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، مېغىزى بىلەن شاكىلىنى پەرقلەندۈرۈپ، قەدىمكىنى بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، كونىدىن يېڭىنى يارىتىشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، ۋارىسلىق قىلىش ۋە پايدىلىنىش ئاساسىدا يېپيېڭى سوتسىيالىستىك مىللىي ئەدەبىيات-سەنئەت بەرپا قىلىشىمىز لازىم.

(5) ھەر مىللەت ئەدەبىيات-سەنئەتچىلىرى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭنىڭ ئىتتىپاقلىقى، مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك. ھەر مىللەت ئەدەبىيات-سەنئەتچىلىرى ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرى ئارقىلىق ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھەمنەپەس، تەقدىرداش، قەلبداش بولۇپ كۈرەش قىلىۋاتقان تارىخىنى، بىرلىكتە گۈزەل سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇۋاتقان قايناق تۇرمۇشىنى مەدھىيىلىشى، باراۋەرلىك بىلەن ھەمكارلىشىش، ئىناق ئۆتۈشتەك يېڭىچە مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى كېرەك.

(6) ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ئۆز قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ھەر مىللەت ئەدەبىيات-سەنئەتچىلىرى ئۈچۈن تىرىشىپ خىزمەت قىلىشى لازىم. ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ئىسلاھات يولىدا مېڭىپ، جەمئىيەتكە يۈزلىنىپ، قىزغىن مۇلازىمەت قىلىپ، ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنى ھەقىقىي تۈردە ھەر مىللەت ئەدەبىيات-سەنئەتچىلىرىنىڭ ئائىلىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشى لازىم. ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە جەمئىيەتلەر قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، ھەر مىللەت ئەدىب ۋە سەنئەتكارلىرى ئۈچۈن ھەر يىلى بىرقانچە ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشى، ئەمەلىي خىزمەت ئارقىلىق ھەر مىللەت ئەدەبىيات-سەنئەتچىلىرىنى ئۆز ئەتراپىغا ئىتتىپاقلاشتۇرۇشى لازىم.

ئومۇمىي يىغىندا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى قەييۇم تۇردى «ئىتتىپاقلىشىپ ئىلگىرىلەپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، يول ئېچىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى» دېگەن تېمىدا خىزمەت دوكلاتى بەردى ھەمدە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ نىزامنامىسى»گە تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارار ماقۇللاندى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 5-قۇرۇلتىيى كۈن تەرتىپلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنداپ، 14-يانۋار ئۈرۈمچىدە يېپىلدى. پروفېسسور، ئاتاقلىق رەسسام غازى ئەمەت شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق

ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى. لىۇ بىڭ، ھېيتەم ھۈسىيىن، شامىس قۇمار (قازاق)، ۋاڭ جۇڭمىڭ، ئابلىمىت سادىق، جۇتاۋ، پاتىخە مالىك (قازاق)، مەمتىمىن ھوشۇر، تۇيغۇن ئەخمىدى، سۇڭ جىگو، دۇنەدە (مۇڭغۇل)، ئادىل جۇماتۇردى (قىرغىز) قاتارلىق 12 كىشى مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلاندى.

قۇرۇلتاينىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قېيۇم باھاۋۇدۇن سۆز قىلدى. يېپىلىش مۇراسىمىغا ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن ئامىنە غاپپار، مىجىت ناسىر، ماۋدىخۋا، پاشا ئىشان قاتارلىقلارمۇ قاتناشتى.

قېيۇم باھاۋۇدۇن مۇنداق دېدى: بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاي يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، 6-ئومۇمىي يىغىن روھىنى، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ مۇھىم سۆزىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلغان، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىگەن، كەلگۈسىگە نەزەر تاشلىغان، ئىشەنچنى ئاشۇرۇپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەشكە چاقىرىق قىلغان، دېموكراتىيە، ئىتتىپاقلىق، ئىلھاملاندۇرۇش، گۈللەندۈرۈش قۇرۇلتىيى بولدى.

ئۇ ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىدىن مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: ھەر مىللەت ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرى توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشى، ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى ۋەتەننىڭ، مىللەتنىڭ، خەلقنىڭ تەقدىرى بىلەن زىچ باغلاپ، خەلقنىڭ مول تۇرمۇشى ئاساسىدا ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىشى، ئىدىيە، ئەخلاق جەھەتتىن تەربىيىلىنىشنى كۈچەيتىپ، كەسپىي قەدىرلەش روھىنى ۋە تۆھپە قوشۇش روھىنى جارىي قىلدۇرۇشى، سەنئەت جەھەتتە قېتىرقىنىپ چېنىقىپ، تېخىمۇ كۆپ مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش غايىسىنى ۋە قىممىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىشى لازىم.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مىجىت ناسىر 14-يانۋار چۈشتىن ئىلگىرى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى 5-نۆۋەتلىك كومىتېتى ھەيئەت رىياسىتىنىڭ يىغىنىدا ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ خىزمىتى توغرىسىدا سۆز قىلىپ، ھەر مىللەت ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىدىن مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: (1) نەزەرىيە ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ماركسىزمنىڭ يېتەكچىلىك رولىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؛ (2) سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىدىغان توغرا كەيپىياتنى ئەۋج ئالدۇرۇش لازىم؛ (3) ئىتتىپاقلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئۇيۇشقاقلىقىنى كۈچەيتىش لازىم. (4) پارتىيىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى بويىچە ئىش قىلىش كېرەك؛ (5) مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر ئىجادىيىتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك؛ (6) ئاز سانلىق مىللەت ئەدەبىيات-سەن-

ئەت خادىملىرى قوشۇنىنى زورايتىپ، ئۇلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەدەبىيات-سەنئەت ئالماشتۇرۇشنى پائال ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

تۆت كۈن داۋام قىلغان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 5-قۇرۇلتىيىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى 4-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى قاراپ چىقىلدى ۋە ماقۇللاندى. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ نىزامىسى» گە تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 5-نۆۋەتلىك كومىتېتى، ھەيئەت رىياسىتى ۋە شۆجىچۈسى سايلاپ چىقىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ شۆجىچۈسى لىۋ بىڭ، ھېيتەم ھۈسىيىن، شامىس قۇمار، ۋاڭ جوگمىڭ، ئابلىمىت سادىق قاتارلىق بەش كىشىدىن تەركىب تاپتى، لىۋ بىڭ شۆجىچۈنىڭ 1-شۆجىسى، ھېيتەم ھۈسىيىن، شامىس قۇمار، ۋاڭ جوگمىڭ، ئابلىمىت سادىق قاتارلىقلار شۆجىچۈنىڭ شۆجىسى بولدى.

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ نىزامنامىسى» گە ئاساسەن، لىۋ شاۋۋۇ، قەييۇم تۇردى، جۇسۇپ ماماي (قىرغىز)، شاكەن ئوڭالباي (قازاق) قاتارلىقلار شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 5-نۆۋەتلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ پەخرىي رەئىسلىكىگە تەكلىپ قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 5-قۇرۇلتىيى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەرنىڭ كاتتا مەرىكىسى، خىزمەتلەرنى ئەسلەپ ۋە يەكۈنلەپ، ئەدەبىيات-سەنئەتنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدا ئەستايىدىل كېڭەشكەن ئۆتكۈزۈلگەن كاتتا يىغىن بولدى. بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاي پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، جۇڭگو ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مەملىكەتلىك 6-قۇرۇلتىيى ۋە جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مەملىكەتلىك 5-قۇرۇلتىيىدىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى تولۇپ-تاشقان قىزغىنلىق بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىۋاتقان پەيتتە ئېچىلدى. شۇڭا بۇ قۇرۇلتاي ئىنتايىن مۇھىم، چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرى ئاپتونوم رايونىمىز ئەدەبىيات-سەنئەتچىلىرىنىڭ 1989-يىل ئۆتكۈزۈلگەن 4-قۇرۇلتىيىدىن بۇيان پۇختا قەدەم بىلەن راۋاجلىنىپ، خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىيات-سەنئەتچىلىرىنىڭ دەۋرىمىزدىكى ئىسلاھاتقا قاتنىشىپ، جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. ھەر مىللەت ئەدەبىيات-سەنئەتچىلىرى پارتىيىنىڭ «ئىككى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» يۆنىلىشى ۋە «ئېچىلىش-سايراش» فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئىختىساس ئىگىلىرى ۋە نادىر ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەت

ئىشلىرىغا مۇھىم تۆھپە قوشتى ھەم ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇشقا مۇستەھكەم ئۇل سالدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلىرىدە يۈز بەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەر ۋە قولغا كەلتۈرۈلگەن غايەت زور نەتىجىلەرنى ۋەتەنگە، خەلققە بولغان چەكسىز مۇھەببىتى بىلەن مەدھىيىلەپ، ئۆزگىچە سەنئەت ۋاسىتىسى ۋە شەكلى ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئالاھىدە تۆھپە قوشتى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى يۈكسەلدۈرۈپ، پارتىيە، خەلقنىڭ ماختىشىغا ۋە ئىشەنچىسگە ئېرىشتى.

يولداش جياڭ زېمىن: ئەدەبىيات-سەنئەت مىللەت روھىنىڭ مەشئىلى، خەلقنى جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشكە سەپەرۋەر قىلىدىغان سىگنال، دېگەنىدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق ھەم بۇرچ تۇيغۇسى ۋە ئىجادىي ئەمگىكى ئارقىلىق ھەر مىللەت ئاممىسى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت باغلاپ، ئاساسىي مۇقامنى ياڭرىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، كۆپ خىللاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، تىرىشىپ دەۋر تېپىلىرىنى يارىتىپ، مەزمۇنى ساغلام، مۇقامى يۇقىرى، دەۋرگە مۇناسىپ بولغان بەدىئىي ئىجادىيەتتە ھەقلىق يوسۇندا چىڭ تۇرۇپ، كىشلەرنى نادىر ئەسەرلەر بىلەن ئىلھاملاندۇرۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشكە ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىغا مەنىۋى جەھەتتە كۈچلۈك يار-يۆلەكتە بولۇشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە ھەر مىللەت ئەدەبىيات-سەنئەتچىلىرى شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ھەممىدىن مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، ئۇنىڭغا پۈتۈن كۈچ بىلەن ھەسسە قوشۇشى لازىم.

ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ئاممىۋى تەشكىلات. ئۇ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىلەن مۇناسىۋەت باغلايدىغان كۆۋرۈك ۋە رىشتە. بىز ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقى ھەم ھەر مىللەت ئەدەبىيات-سەنئەتچىلىرىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ يېڭى رەھبەرلىك ئاپپاراتى بىرلەشمىنىڭ «ئالاقىلىشىش، ماسلاشتۇرۇش، خىزمەت قىلىش» فۇنكسىيىسىنى تېخىمۇ تولۇق جارىي قىلدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىيات-سەنئەتچىلىرىنى زىچ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇلار بىلەن بولغان ئالاقىنى يەنىمۇ قويۇقلاشتۇرۇپ، مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ئىجاد قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك، كۆپ قاتلاملىق مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، ئەدەبىيات-سەنئەتنى ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلدۇرىدىغانلىقىغا تولۇق ئىشىنىمىز.

(ئۆز خەۋىرىمىز)

مۇھەممەت ئىمىن

# ھېسسىيات ۋە ئەدەبىيات

ھېسسىيات ئارقىلىق كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرۈش ئەدەبىياتتىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە ئىدىئولوگىيىنىڭ ئەڭ تۇپ، ئەڭ مۇھىم خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى. ئەدەبىياتنىڭ بۇ خۇسۇسىيىتى ئۇنىڭ ئاساسىي ئىپادىلەش ئوبيېكتى بولغان ئادەم بىلەن، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى رولىنىڭ پەرۋقۇلئاددىلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.
ئەدەبىيات ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى، بۇ ئەلۋەتتە خاتا ئەمەس، لېكىن ئەدەبىيات قانداق ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ؟ ئەدەبىياتنىڭ ئەكس ئەتتۈرىدىغىنى تۈرلۈك تۈمەن، مۇرەككەپ، گىرەلىشىپ كەتكەن ئىجتىمائىي تۇرمۇش پۈتۈنلۈكىدۇر. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ھەقىقىي ئەدەبىي ئەسەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۇرمۇش مەڭگۈگە ھادىسە بىلەن ماھىيەت، ئايرىملىق بىلەن قانۇنىيەت، بىۋاسىتىلىق بىلەن ئۇقۇم يۇغۇرۇلۇپ پۈتۈنلۈككە ئايلىنىپ كەتكەن ۋە گۈزەللىك خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان مۇكەممەل ئىجتىمائىي تۇرمۇشتۇر. بۇ تۇرمۇش پۈتۈنلۈكىنىڭ بىر مەركىزىي نۇقتىسى بار، ئۇ بولسىمۇ ئادەم. ئادەم بارلىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ يىغىندىسى، ئادەم تەبىئەت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرى بىلەن مۇناسىۋەت قىلىدۇ. شۇڭا ئادەم ۋە ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ئەدەبىيات ئىپادىلەيدىغان مەركەز ھېسابلىنىدۇ. ئەدەبىياتنىڭ باشقا ئىدىئولوگىيىلەردىن پەرقلىنىدىغان مۇھىم بەلگىسىمۇ، ئۇنىڭ ئادەمنى ۋە ئادەمنىڭ تۇرمۇشنى ئىپادىلەش مەركىزى قىلغانلىقىدا. پېرسوناژلار ئوبرازى يارىتىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەردىلا ئادەم مەركەز قىلىنىپ قالماستىن، بەلكى ئەپسانە، چۆچەك، مەسەل ۋە باشقا تەبىئەت مەنزىرىسى، ھايۋانلار ئوبرازى تەسۋىرلەنگەن ئەسەرلەرمۇ ئادەمنىڭ تۇرمۇشى بىلەن زىچ باغلانغان بولىدۇ. قەدىمكى ئەپسانىلەر توغرىسىدا ماركس ئېنىق چۈشەنچە بېرىپ ئۆتكەن، ئۇنىڭ قارىشىچە، قەدىمدىكى قىزىق ئەپسانىلەر «خەلقنىڭ خىيالىي تەسەۋۋۇرى ئارقىلىق بىر خىل ئاڭسىز سەنئەت ئۇسۇلى بىلەن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن تەبىئەت ۋە ئىجتىمائىي شەكىلنىڭ ئۆزى.» ئەھۋال ھەقىقەتەن شۇنداق. قەدىمكى

دەۋر ئەپسانە، رىۋايەت، چۆچەكلىرىنى ئەڭ قەدىمكى زامانلاردىكى ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى ئاڭسىز تۈردە بەدىئىي جەھەتتىن پىششقلاپ ئىشلىشى دېسەك بولىدۇ. يەنە ئالايلۇق، تۇرگىنىۋنىڭ «مومو» ۋە لېۋ تولستوينىڭ «ئات ھەققىدە ھېكايە» ناملىق ئەسەرلىرىدە يېزىلغىنى ئىت ۋە ئات بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، بۇ ھايۋانلارنى يېزىش ئارقىلىق يەنىلا پېرسوناژنىڭ روھىي دۇنياسى ۋەتەقدىرى كۆرسىتىپ بېرىلگەن. قەدىمدىن ھازىرغىچە تاغ-دەريالارنى تەسۋىرلەيدىغان نۇرغۇن شېئىر يېزىلدى، شۇنداقلا گۈل-گىياھ ۋە قۇشلارنىڭ ئوبرازى تەسۋىرلەنگەن نۇرغۇن رەسىملەر سىزىلدى. قارىماققا ئۇلارنىڭ ئادەم ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوقتەك كۆرۈنىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئىچىگە شائىر ۋە رەسسامنىڭ ھېس-تۇيغۇسى، ئىرادە-ئىستەكلىرى يوشۇرۇنغان. سەنئەتكارنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى تەبىئەت مەنزىرىسى تەبىئەتنىڭ ئۆزى ئەمەس، بەلكى كىشلەرنىڭ ئىدىيە ۋە ھېسسىياتى سىڭگەن «ئادەملەشكەن» تەبىئەتتۇر. شۇڭا ئادەم ۋە ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى يازغاندا، خاراكتېرى روشەن بولغان ئىندىۋىدۇئال ئادەمنى يېزىش كېرەك، بولۇپمۇ ئادەمنىڭ ئىدىيىسى، ھېسسىياتى، غايە ۋە ئارزۇسى، ئەخلاق-پەزىلىتى، خۇلق-مىجەزى قاتارلىقلارنى نۇقتىلىق تەسۋىرلەپ، ئادەمنىڭ مۇرەككەپ ئىچكى دۇنياسىنى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىش كېرەك. ئەدەبىياتتا دەل ئاشۇنداق جانلىق بەدىئىي ئوبرازلار يارىتىلغاندىلا، ئاندىن كىشلەرنى تەسىرلەندۈرگىلى، ھاياجانلاندۇرغىلى، كىشلەرنىڭ روھىنى پاكلاشتۇرغىلى، كىشلەرنىڭ روھىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگىلى، جەمئىيەت تارىخىنى ئىلگىرى سۈرگىلى، ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى جارىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى ئەڭ ئاساسىي ئۇسۇلى ئېپىك ۋە لىرىكىدىن ئىبارەت. لىرىكىلىق ئەسەرلەر كۈچلۈك سۇبيېكتىپ لىرىك تۈسكە ئىگە بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئىجادىيەت جەريانىدا لىرىك يازغۇچىلارنىڭ قەلبىدە ماگمىدەك چەكسىز كۈچلۈك سۇبيېكتىپ ھېسسىيات ئۇرغۇپ تۇرىدۇ، تەپەككۇر قۇشى رېئاللىقتا پەرۋاز قىلىدۇ، ھېسسىياتى جۇشقۇنلاپ تۇرىدۇ، بۇنداق بولغاندىكىن يازغۇچى-شائىرلارنىڭ تۇرمۇشنى سوغۇققانلىق بىلەن ئوبيېكتىپ ھالدا تەسۋىرلەپ، ئىدىيۋى ھېسسىياتىنى پۈتۈنلەي ئوبرازغا سىڭدۈرۈۋېتىشى ئانچە مۇمكىن بولمايدۇ. ئەكسىچە يازغۇچى-شائىرلار دائىم ئۆزىنى تۇتالماي، ئوبيېكتىپ قايتا ئىپادىلەشتىن چىقىپ ئۆزلىرىنىڭ ھېسسىياتىنى بىۋاستە ئىزھار قىلىدۇ، ئۆزلىرى ئۈمىد قىلغان غايىۋى مەنزىلنى بىۋاستە ئىپادىلەيدۇ. بىزنىڭ لىرىكىلىق ئەسەرلەر كۈچلۈك سۇبيېكتىپ لىرىك تۈسكە ئىگە دېگىنىمىز، لىرىكىلىق بەدىئىي ئەسەرلەر بەدىئىي ئوبرازنى كېرەك قىلمىسىمۇ بولىدۇ دېگەنلىك ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، لىرىكىلىق ئەسەرلەرمۇ ئوخشاشلا ئېنىق، مول بەدىئىي ئوبرازنى تەلەپ قىلىدۇ، پەقەت ھېسسىي ئوبراز

يارىتىشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ ھەمدە بەدىئىي ئوبرازنىڭ ئىچىدىن تارتىپ تېشىغىچە يازغۇچى-شائىرنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنىڭ شەربىتىگە تويۇنۇپ، كىتابخانلارغا ئىدىيىۋى ھېسسىيات شەربىتىنىڭ بەدىئىي ئوبرازىدىن تامچە-تامچە تېمىپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

شېئىر بولسا ھېسسىياتقا باي بولغان ژانىر. سىرتقى تۇرمۇش شائىرغا تەسىر قىلىدۇ-دە، شائىردا بىر تۈرلۈك ھېسسىيات پەيدا قىلىدۇ، شائىر قەلبىدىكى ھېسسىياتنىڭ دولقۇنلىنىشى سىرتقا شېئىر بولۇپ چىقىدۇ. شېئىردا ھېسسىيات ئىپادىلىنىدىغانلىقى كلاسسىك ئەسەرلەردىمۇ بايان قىلىنغان. «ھېسسىيات بولمىسا شائىر بولمايدۇ، شېئىرمۇ بولمايدۇ» (بېلىنسكى). گومورو مۇنداق دېگەنىدى: «شائىر ھېسسىياتنىڭ ئوغلى»، «شېئىرنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ھېسسىياتنى ئىپادىلەپ بېرىش.»، «ھېسسىياتنىڭ رېتىمى، كەيپىياتنىڭ رەڭدارلىقى شېئىر بولىدۇ، شېئىرنىڭ سۆزلىرى كەيپىياتنىڭ ئۆز-ئۆزىنى ئىپادىلىشىدۇر.» دېمەك، شېئىرنىڭ ھېسسىياتچانلىقى ئەڭ كۈچلۈك بولىدۇ، شېئىرلاردا مەنزىرىگە قاراپ ھېسسىياتنى ئىپادىلىگىلى بولىدۇ، شەيئىلەرنى ۋاسىتە قىلىپمۇ ھېسسىياتنى ئىپادىلىگىلى بولىدۇ، ئۆز كۆڭلىدىكىنى بىۋاسىتە ئىپادىلەشكىمۇ بولىدۇ. شېئىردا ھېسسىيات قايسى خىل ئۇسۇل بىلەن ئىپادىلەنگەن بولمىسۇن، ھەممىسىدە ھېسسىيات ئەڭ تولۇپ-تاشقان، ئەڭ تويۇنغان بولىدۇ. بۇ يەردە شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، شېئىردىكى ھېسسىيات بىلەن تەسەۋۋۇر بىر-بىرىدىن ئايرىلمايدۇ. شائىرنىڭ ھېسسىياتى مەۋج ئۇرغان چاغدا، شېئىر يېزىش ئىستىكى ئۇرغىغاندا، ئۇنىڭ ئوبرازلىق تەپەككۇرى مىسلىسىز جانلىنىدۇ، ئۇنىڭ نۇقتىئىنەزەرى پەزىبىر ئوبيېكتىپ پاكىتلار ئۈستىدىلا توختاپ قالماستىن، ئۇنىڭ پىكرى قاناتلىنىپ ئەركىن، دادىل خىيال ۋە تەپەككۇر تۇغۇلىدۇ. شائىر ئاشۇ كۈچلۈك ھېسسىياتنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئوبيېكتىپ پاكىتلارنى تەسۋىرلەش بىلەن چەكلىنىپ قالسا يېتەرلىك بولمايدۇ. ئەركىن، دادىل تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇردىن پايدىلانغاندىلا ئاندىن كۈچلۈك ھېسسىياتنى تولۇق ئىپادىلەپ چىقالايدۇ، ھېسسىيات تەسەۋۋۇر ئۈچۈن قانات پەيدا قىلىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچتۇر. ھالبۇكى، ھېسسىياتمۇ چوقۇم تەسەۋۋۇردىن ئىبارەت قاناتنىڭ ياردىمى بولغاندىلا پەرۋاز قىلالايدۇ، شۇڭا شېئىر ئىجادىيىتىدە ھېسسىيات بىلەن تەسەۋۋۇر تەڭ تۇغۇلىدىغان قوشكېزەكلەردىن بولۇپ، ھېچقايسىسى بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ.

لىرىكىلىق ئەسەرلەرگۇ ھېسسىياتقا باي بولىدىكەن، ئەمدى باشقا ئەدەبىي ژانىرلارنىڭ بەدىئىي ئوبرازلىرىمۇ ھېسسىياتقا باي ۋە تويۇنغان بولامدۇ؟ ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ، پۈتكۈل ئەدەبىيات-سەنئەت ھېسسىيات ئارقىلىق كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرىدۇ. لېۋ تولستوي بەدىئىي ئىجادىيەتكە مۇنداق تەبىر بەرگەنىدى: «كۆڭلىدە بىر مەزگىل ياشىغان ھېسسىياتنى ئويغىتىش، بۇ ھېسسىياتنى ئويغاتقاندىن

كېيىن ھەرىكەت، لىنىيە، رەڭ، ئاۋاز ھەمدە سۆزلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئىپادىلىنىدىغان ئوبراز ئارقىلىق بۇ ھېسسىياتنى تارقىتىپ، باشقىلارغىمۇ ئاشۇنداق ھېسسىياتنى باشتىن كەچۈرگۈزۈش — مانا بۇ بەدىئىي ئىجادىيەت پائالىيىتى.» (لېۋتولستوي: «سەنئەت توغرىسىدا»، خەنزۇچە نەشرى، 47-بەت) كېيىن پېلىخانوۋ تولستوينىڭ سۆزىنى تۈزىتىپ مۇنداق دېگەنىدى: «ياق، سەنئەت كىشىلەرنىڭ ھېسسىياتىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. ئەمما بۇ ئابستراكت ئىپادىلەش بولماستىن، بەلكى جانلىق ئوبراز ئارقىلىق ئىپادىلەش بولىدۇ.» («ئادرېسسىز خەتلەر، سەنئەت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش»، خەنزۇچە نەشرى، 4-بەت) پېلىخانوۋ تولستوينىڭ سۆزىنى ئاشۇنداق تۈزەتكەن بولسىمۇ، سەنئەتنىڭ كىشىلەرنىڭ ھېسسىياتىنى ئىپادىلىشى كېرەكلىكىنى ئىنكار قىلمىدى. ئەمەلىيەتتە، بەدىئىي ئىجادىيەتتە ھېسسىيات بولماي مۇمكىن ئەمەس. خۇددى لۇشۈن ئېيتقاندەك: «ئىجادىيەتتە ھېسسىيات بولۇشى لازىم، ھېچبولمىغاندا ئاز-تولا ئىسسىقلىق تارقىتىشى لازىم». شۇنىڭ ئۈچۈن، بەدىئىي ئىجادىيەت جەريانىدا ھامان يازغۇچىنىڭ ھېسسىيات دولقۇنلىرى ھەمراھ بولىدۇ. ھېسسىيات ئىنساننىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىگە بولغان بىر خىل پسىخىك ئىنكاسىنى كۆرسىتىدۇ. تۇرمۇشتا كىشىلەر بىرەر شەيئىگە ئۇچراشسا ھېسسىياتى قوزغىلىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، ئىجادىيەت جەريانىدىمۇ يازغۇچى-سەنئەتكارنىڭ مېڭىسىدە ھەرىكەتلىنىپ تۇرغان جانلىق ئوبرازلار ھەقىقىي ئادەم، ھەقىقىي مەنزىرە، ھەقىقىي ئىش-ھەرىكەت ئۇنىڭ ئەتراپىدا بولۇۋاتقاندەك، تۇغۇلۇۋاتقاندەك ھالەت يۈز بېرىدۇ، بەلكى تېخى ئىجادىيەت جەريانىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، يازغۇچىنىڭ پىكىر يۈرگۈزۈشى، تەپەككۇر قىلىشى ۋە تەسەۋۋۇر قىلىشى بىلەن ئۇنىڭ كاللىسىدا پىشىپ يېتىلگەن پېرسوناژلار ئوبرازى ۋە مەنزىرە ئوبرازىنىڭ راۋاجلىنىشى، ئۆزگىرىشى ئارقىسىدا يازغۇچىنىڭ ھېسسىياتىمۇ ئۇنىڭ قەلبىدە قوزغىلىش ياساپ ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ، ئۇلار ياكى ئۆزلىرى ياخشى كۆرگەن باش قەھرىمانلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئۈچۈن خۇشاللىقىدا مەجنۇنانە كۈلكە، شادلىقا ئەسىر بولىدۇ، ياكى ئۇلار ئۆزلىرى ھېسداشلىق قىلىدىغان ئاساسىي قەھرىمانلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتى، قۇربان بولۇشى ئۈچۈن كۆز يېشى قىلىدۇ. ياۋ شۆيىن مۇنداق دېگەنىدى: «مەن ‹باھادىر شاھ لى زىچىڭ› رومانىنىڭ 1-ۋە 2-تومىنى يېزىش جەريانىدا، دائىم دېگۈدەك ئۆزۈم تەرىپىدىن قوراشتۇرۇلغان ۋەقەلىكلەر تۈپەيلىدىن كۆزلىرىمدىن ياش قۇيۇلۇپ، دېمىم سىقىلغۇدەك ھاياجانلىنىپ كېتەتتىم-دە، قەلەمنى تاشلاپ قويۇشقا مەجبۇر بولاتتىم، كۆڭلۈم سەل-پەل ئارامىغا چۈشكەندىن كېيىن يەنە يېزىشنى داۋاملاشتۇراتتىم.» دېمەك، ئوبيېكتىپ تۇرمۇش ئوبرازلىرىنىڭ تۈرتكىسى بولمىسا، ھېسسىيات تۇغۇلمايدۇ. ھېسسىيات ۋەقە، ھادىسە، نەرسىلەردىن تۇغۇلىدۇ، لېكىن يازغۇچىنىڭ ھېسسىياتى تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئۇ پاسسىپ ھالەتتە تۇرماستىن، ئۆز نۆۋىتىدە بىر خىل ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ سۈپىتىدە تۇرمۇش

ئوبرازلىرىنىڭ بۇنىڭدىن ئۇنىڭغا ئۆتۈش، تاشقىرىسىدىن ئىچكىرىسىگە كىرىش ھەرىكىتىگە تۈرتكە بولىدۇ. مانا بۇ ھېسسىياتسىز مەنزىرە تەسۋىرى بولمايدۇ، دېگەن گەپنىڭ ئۆزى. بۇ شۇنداق دېگەنلىككى، يازغۇچىدا ھېس-تۇيغۇ پائالىيىتى بولمىغان چاغدا، ئۇنىڭ مېڭىسىدىكى ئوبرازلار ئۆزلىكىدىن يۆتكەلمەيدۇ، بىرىكمەيدۇ، ئۆزگەرمەيدۇ ۋە يېتىلمەيدۇ. پەقەت يازغۇچىنىڭ ھېسسىياتى قوزغالغان، ئۇرغىغان چاغدىلا، ئوبرازلارمۇ ھېسسىي كۈچىنىڭ تۈرتكىسىدە يۆتكىلىدۇ، بىرىكىدۇ، ئۆزگىرىدۇ ۋە يېتىلىدۇ. قىسقىسى، يازغۇچىنىڭ ھېسسىياتى بەدىئىي ئىجادىيەتتە كەم بولسا بولمايدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ۋە بىرىكتۈرگۈچى كۈچ ھېسابلىنىدۇ.

بىز ئادەتتە ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئىدىيىسىگە مۇئامىلە قىلىشتا، ئۇنى قېپىلىغاچ ئىپادىلىنىپ چىقىدىغان ئابستراكت ئىدىيە، نوقۇل ئىجتىمائىي ئىنقىلاب مەسىلىسى ۋە ئېقىۋاتقان سىياسىي شوئار دەپ چۈشىنىۋالساق بولمايدۇ. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئىدىيىسى ھېس-تۇيغۇ خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان ئىدىيىدۇر. خۇددى بېلىنىسكىي ئېيتقاندەك: «سەنئەت ئابستراكت پەلسەپىۋى ئىدىيىنى سىغدۇرمايدۇ، ئەقلىي ئىدىيىنى تېخىمۇ سىغدۇرمايدۇ: ئۇ پەقەت شېئىرىي ئىدىيىنىلا سىغدۇرىدۇ، بۇ شېئىرىي ئىدىيە — ئەقىدە ئەمەس، ھېكمەتلىك سۆز ئەمەس، بەلكى ياشناپ تۇرغان قايناق ھېسسىيات، قىزغىنلىق»، بېلىنىسكى بۇ يەردە دەۋاتقان «ھېسسىيات، قىزغىنلىق» ئالاھىدە بىر ئۇقۇم بولۇپ، يازغۇچى تۇرمۇشتىن چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرگەن ۋە يازغۇچىنى قاتتىق تەسىرلەندۈرگەن، يازغۇچىنىڭ ھېس-تۇيغۇلىرى تامچىلاپ تۇرغان ئىدىيىدۇر. ئۇنىڭدا ئەقلىي پەزىلەتمۇ، قىزغىنلىققا ياتىدىغان مۇھەببەت مېھرىمۇ بار، ئۇ ھېسسىيات بىلەن ئىدىيىنىڭ يۇغۇرۇلمىسى ياكى بىر خىل ھېسسىيات خاراكتېرىنى ئالغان ئىدىيىدۇر. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئىدىيىسى مۇشۇنداق شېئىرىي تۇيغۇلۇق ئىدىيە بولغانلىقتىن قۇپقۇرۇق ئىجتىمائىيەت ئۇقۇمى بولۇپ قالمايدۇ. شۇڭا بەزى مۇرەككەپرەك ئەسەرلەرنىڭ ئىدىيىسىنى ئاددىي، تەييار سۆزلەر بىلەن ئېنىق چۈشەندۈرۈپ كەتكىلى بولمايدۇ. بىر قېتىم بىر ئادەم گيوتېدىن «فائۇست» ئوپېراسىنىڭ باش تېمىسى نېمە دەپ سورايدۇ، گيوتې بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشنى رەت قىلىدۇ، چۈنكى گيوتېنىڭ قارىشىچە، ئۇنىڭ «فائۇست» دېگەن ئەسىرىدە ئىپادىلەنگەن تۇرمۇش ئىنتايىن مۇرەككەپ، مول، پارلاق بولۇپ، بۇنداق تۇرمۇش كۆرۈنۈشىنى تارايتىپ، كىچىككىنە بىر ئىدىيە سىزىقى بىلەن چۈشەندۈرۈپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. «فائۇست» ئوپېراسى دۇنياغا كەلگىلى بىر يېرىم ئەسىردىن ئاشتى، ئۇنىڭ ئىدىيىسىنى يەكۈنلەپ چىققان تەتقىقاتچىلار ئاز ئەمەس، لېكىن تېخىچە ھېچكىم ئۇنى ھەممە ئادەم قانائەتلەنگۈدەك يەكۈنلەپ چىقالىغىنى يوق. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئىدىيىسىدىكى چۈشىنىشكە بولىدىغان، ئەمما سۆز بىلەن ئىپادىلەپ بېرىشكە بولمايدىغان ئەھۋالنى دەل ئەدەبىي ئەسەر ئىدىيىسىنىڭ ھېس-تۇيغۇلۇق خۇسۇسىيىتى بەلگىلىگەن. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەسەرنىڭ

ئىدىيىسى شېئىرىي ھېس - تۇيغۇلۇق بولۇش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئۇ ئەسەردىكى ئوبراز ۋە ئوبراز سىستېمىسى بىلەن زىچ بىرلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئەسەرنىڭ ئىدىيىسى، خۇددى ئادەمنىڭ نېرۋا تومۇرلىرى بەدەندىكى قان بىلەن گۆشكە سىڭىپ كەتكەندەك، ئەسەردىكى تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى ئىچىگە سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ. ئەسەرنىڭ ئىدىيىسى ھەرگىز ئەسەردىكى ئوبرازلاردىن ئاجرىلىپ تۇرىدىغان، ئوپئوچۇقلا ۋارقىراپ چىقسا بولۇۋېرىدىغان ئابستراكت شوئار ئەمەس. «شۈبھىسىزكى، سەنئەت ئالدى بىلەن سەنئەت بولۇشى، ئاندىن مەلۇم دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي روھى ۋە خاھىشىنىڭ ئىپادىسى بولۇشى كېرەك. بىر كوپلېت شېئىرنىڭ ياخشى ئىدىيىگە تولۇپ كەتكەنلىكىدىن، زامانىمىزدىكى مەسىلىلەرنى قانداق كۈچلۈك ئەكس ئەتتۈرگەنلىكىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭدا شېئىرىي ھېس - تۇيغۇ بولمىسا، ئۇ ياخشى ئىدىيە ھېچقانداق مەسىلىنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ، ئۇ چاغدا بىزنىڭ كۆرىدىغىنىمىز ناھايىتى ناچار ئىپادىلەنگەن ياخشى ئۇرۇنۇشتىن باشقا نەرسە بولمايدۇ» (بېلىنسكى).

بىز ھېسسىيات ئامىلىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى ئورنىنى تەكىتلىگىنىمىزدە، ئەينى ۋاقىتتا ئەقلىي ئامىلنىڭ ئىجادىيەت جەريانىدىكى رولىنىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز لازىم. شۇنى كۆرۈش كېرەككى، تۇرمۇشتا، سەۋەبسىز مۇھەببەت بولمايدۇ، سەۋەبسىز نەپرەتمۇ بولمايدۇ، خۇشاللىق، غەزەپلىنىش، مۇڭلىنىش، شادلىنىش، مۇھەببەت، نەپرەت قاتارلىق ھەر خىل ھېسسىيات ھامان كىشىلەر ئەقلىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ، بەدىئىي ئىجادىيەت جەريانىدىمۇ شۇنداق بولىدۇ. يازغۇچىنىڭ ھېسسىياتى مەقسەتسىزلا، ئۆز - ئۆزىدىن پەيدا بولۇپ قالمايدۇ، بەلكى ئاڭلىق، مەقسەتلىك پەيدا بولىدۇ. بۇئاڭلىقلىق ۋە مەقسەت ئەقلىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ. شۇڭا يازغۇچىنىڭ ئىجادىيىتىدىمۇ ئەقلىنىڭ تىزگىنى بولمىسا بولمايدۇ. لېكىن ئىجادىيەت جەريانىدىكى ئەقلىي ئامىل، ئادەتتە، يەككە - يىگانە ھالدا رول ئوينىمايدۇ، ئەقىل ھېسسىياتنىڭ ئاساسى سۈپىتىدە ھېسسىيات ئامىلىنىڭ ئىچىدە بولىدۇ. بۇنىڭدىن بىز شۇنى قىياس قىلالايمىزكى، ئىجادىيەت جەريانى ئىچىدىكى ئەقلىي ئامىلمۇ بىر خىل قىپيالىڭاچ ھالدىكى مەۋجۇتلۇق ئەمەس، بەلكى ھېسسىيات ئاملى بىلەن گىرەلەشكەن، جىپسىلاشقان بولىدۇ. ئىجادىيەت جەريانى ھېسسىياتنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىدۇ. ئەقىل بولسا، ھېسسىياتنى ئاستىرتتىن قېلىپقا سېلىپ تۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ.

**مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم**

**تۇرسۇنمۇھەممەت ئىمىن**

# پروزىچىلىقىمىزدىكى ساتىرىك ئەسەرلەرگە بىر نەزەر

«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1995-يىللىق 3-سانىغا بېسىلغان «ئەدەبىياتىمىز ۋە تىلىمىزنى ئاسرايلى» ناملىق ماقالىدە «باشقىلارنىڭ خاتىرىسىدىكى سۈرەتلەرنى خالىغانچە ئېچىپ كۆرۈشكە ھېچقانداق ھەققىمىز يوق، ئەمما باشقىلار بىزنىڭ كۆرۈپ بېقىشىمىزنى ئۆتۈنگەنىكەن، ئەلۋەتتە ئۇنى كۆرۈپ چىقىپ، ئۆزىمىزنىڭ پىكرىنى بېرىشكە تامامەن ھەقلىقمىز» دېيىلگەن. شۇنىسى ئېنىقكى، بىزنىڭ ئالدىمىزدا تۇرغىنى قانداقتۇر بىر غايىۋانە ئادەمنىڭ خۇسۇسىي ئەلبۇمى بولماستىن، بەلكى يازغۇچى ماخمۇت مۇھەممەتنىڭ «خاتىرەمدىكى سۈرەتلەر» ناملىق پوۋېستى، يەنى بىزنىڭ پروزا ئىجادىيىتىمىزدىكى يىرىك ئەسەرلەر تۈرىگە ياتىدىغان، بەلگىلىك سالماقتا ئىگە، مۇكەممەل بىر تىپ يارىتىلغان، ئۆزىنىڭ ساتىرىك خۇسۇسىيىتى بىلەن كىشىدە كۈلكە قوزغايدىغان، مىللىتىمىزدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ناچار ئىللەتلەرنى ئېچىپ تاشلىغان، بايلاجىنى قامچىلاش ئارقىلىق كىتابخانىغا بەدىئىي زوق ئاتا قىلىدىغان ئەسەر.

ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىمىزدا «ئەجەل ھۇدۇقۇشىدا»، «پادىشاھ سامورايىلىرى ئېغىر ھالسىرايدۇ» (ل. مۇتەللىپ)، «رودىپاي» (ز. قادىرى) قاتارلىق بىر قىسىم ئەسەرلەر يۇمۇر ۋە ساتىرا ئارقىلىق ئوبراز يارىتىشنىڭ يېڭىچە يولىنى ئېچىپ بەرگەنىدى. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، بۇ يول تۈرلۈك تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تازا كېڭىيەلمىدى.

بۈگۈنكى ئەدەبىياتىمىزغا نەزەر سالىدىغان بولساق، يازغۇچى مەتمىن ھوشۇرنىڭ «ئالتۇن چىشلىق ئىت»، «بۇرۇت ماجىراسى» قاتارلىق بىر تۈركۈم ساتىرىك ھېكايىلىرى جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدىكى كۈلكىدىن ئىبارەت بۇ قامچا ئاستىغا ئېلىشقا تېگىشلىك تەرەپلەرنى تولىمۇ ماھىرلىق بىلەن ئاشكارىلاپ، كىتابخانلىرىمىزغا بەدىئىي زوق بېغىشلاپ، ئۇلارنى ھوزۇر ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئەگەر بىز بۇ جەھەتتىن ئاختۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق، باشقا يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ ياكى ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى قىستۇرما ئېپىزوتلاردىمۇ بۇ خىل ساتىرىك ئامىللارنى

كۆپلەپ ئۇچرىتىمىز. سۆزىمىز مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئىختىيارسىز ھالدا شۇنى ئەسكە ئالىمىزكى، روسىيە ئەدەبىياتىنىڭ گىگانت نامايەندىلىرىدىن بولغان گوگول ئۆزىنىڭ «ئۆلۈك جانلار» رومانىدىكى كىشىنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغان ۋەقە ۋە پېرسوناژلار ئارقىلىق چارروسىيەدىن ئىبارەت يېرىم كاپىتال، يېرىم فېئودال ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىنىڭ ئاجايىپ تىپلىرىنى يارىتىپ، ئەينى چاغدىكى روسىيە ھاياتىدىن قاتتىق كۈلگەن بولسا، «بۇرۇن» ناملىق پوۋېستىنىڭ ئالدىنقى ئىككى بابىدا تولىمۇ كۈلكىلىك، ئادەم ئۇخلىسىمۇ چۈشىگە كىرمەيدىغان، مۇنداق بىرقارىماققا ھەتتا قىلچە تورمۇش ئاساسى يوق ۋەقە ۋە بىر قىسىم ئۇششاق ئېپىزوتلار ئارقىلىق روسىيە ئەمەلدارلىرىنىڭ تىپىك ۋەكىلى مايور كوۋالىيۇنىڭ ھاماقەتلەرچە قىلىقلىرىنى بايان قىلىپ، ئاخىرىدا روسىيە ئەمەلدارلىرىنىڭ تەمەخورلۇقى، ئەخمەقلىقى، ئەمەل كويىدا ھەر خىل يۇندىخورلۇقلاردىن باش تارتمايدىغانلىقى ۋە ھاكازالارنى قاتتىق سۆككەن.

بۇ خىل ساتىرىك ئەسەرلەر توغرىسىدىكى سۆزىمىزنى گوگولنىڭ مۇنۇ بىر جۈملە سۆزىگە يىغىنچاقلىساق كۇپايە بولار: «كۈلكە ئۇلۇغ ئىش. ئۇ جاننىمۇ ئالمايدۇ، مالنىمۇ ئالمايدۇ، ئەمما ئەيىبدار ئۇنىڭ ئالدىدا باغلاپ قويۇلغان توشقاندەك تىپىرلايدۇ.»

بىز ساتىرىك ئەسەرلەرنىڭ ئەينى تارىخىي شارائىتتىكى ئىجتىمائىي ئۇنۇمىنىڭ زور بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدىكەنمىز ئۇ ھالدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تورمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ساتىرىك ئەسەرلەر ئۈستىدە ئەتراپلىق ئويلىنىپ (يېنىكلىك قىلماي)، ئۇنى مۇھاكىمە قىلىشنىڭ تولىمۇ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز.

ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، يازغۇچى ماخمۇت مۇھەممەتنىڭ «خاتىرەمدىكى سۈرەتلەر» ناملىق پوۋېستىدىكى بايلاجى ئوبرازى ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان ياسالما ئوبراز بولماستىن، بەلكى ئاپتورنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى ئۇيغۇر تورمۇشىنى ۋە بۇ مىللەتنىڭ مۇشۇ شارائىتقا مۇناسىپ ھالدا شەكىللەنگەن پسىخىكىسىنى چوڭقۇر كۆرسىتىپ، ئىجادىيەتكە قەدەم باسقانلىقىنىڭ مەھسۇلى. نۆۋەتتىكى ئەدەبىيات-سەنئەت مۇنبىرىمىزگە نەزەر سالىدىغان بولساق، بىر قىسىم سەھنە ئەسەرلىرى (بۇنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى قىسقا ئېتوتلاردىن ئىبارەت)، ساتىرىك شېئىرلاردىن باشقا پروزىنىڭ يىرىك ژانىرلىرى بولغان پوۋېست-رومانلىرىمىزدا بۇ خىل ئاملىلار كەمدىن-كەم ئۇچرايدۇ. ۋەھالەنكى بىزنىڭ بۈگۈنكى تورمۇشىمىز بۇ خىل ساتىرىك ئەسەرلەرگە تولىمۇ مۇھتاج!

«ئەدەبىياتىمىزنى ۋە تىلىمىزنى ئاسرايلى» ناملىق ماقالىدە يەنە «بەزى يازغۇچىلار ئۈچۈن (ئەتىبارلىق تېما) بولۇپ بەرگەن ئاتالمىش (مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى) مەزمۇن قىلىنغان بۇ ئەسەردىكى باش قەھرىمان بايلاجى...» دېگەن جۈملە ئۇچرايدۇ.

ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ «ئەتىبارلىق تېما» بولۇپ قېلىش

مەسلىسگە كەلسەك، بۇنىڭ سەۋەبى بەكمۇ ئاددىي. دۆلەت ۋە خەلقنىڭ بېشىغا زور بالايى-ئاپەتلەرنى ياغدۇرۇپ بىزنىڭ مەنىۋى دۇنيايىمىزدا بىھساب قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلغان، كونكرېت ئۇيغۇر تۇرمۇشىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇكىي داۋالاپ ساقايتقىلى بولمايدىغان يىغىندى كېسەل بەخشەندە قىلغان بۇ پاجىئەلىك تارىخىي جەريانىنى مېنىڭچە قانچە يازسا ۋە قانچە سېستىسا ئەرزىيدۇ. چۈنكى بۇ تارىخىي ئازاب كىشىلەر قەلبىدە ئۇڭايلىقچە داۋالاپ ساقايتقىلى بولمايدىغان جاراھەت پەيدا قىلغان. شۇ تارىخىي جەرياندا ئازاب تارتقان پېشقەدەملىرىمىز ئۇ كۈنلەرنى ھازىرمۇ كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ ھەسرەت ۋە ئەلەم بىلەن ئەسلەپ تۇرىدۇ.

مېنىڭچە، نۆۋەتتە مۇتلەق كۆپ ساندىكى جامائەتچىلىك ئېتىراپ قىلىۋاتقان بىزنىڭ مىللىي پسىخىكىمىزدىكى ئاجىزلىقلارنى تېماتىكا جەھەتتىن تېخىمۇ كەڭ دائىرىگە، ھەتتا بىر قانچە يۈز يىللىق تارىخىي دائىرىگە كېڭەيتىپ يېزىشقا تامامەن بولىدۇ. ئەگەر بىز ئۆزىمىزدىكى ئاجىزلىقلارنى بىر كېسەل سۈپىتىدە تونۇپ يېتەلىسەك، بۇ خىل كېسەلنى داۋالاشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى كۈندىن-كۈنگە روناق تېپىۋاتقان بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا، جۈملىدىن بۇ ئەدەبىياتنىڭ ساتىرىك تۈرىگە مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۆزىمىزنىڭ مىللىي ئاڭ ھالىتىمىزنى، پسىخىك (روھى) ھالىتىمىزنى ۋە بۇ جەھەتتىكى ئاجىزلىقلىرىمىزنى قامچىلاش ئارقىلىق ئەسەرنىڭ ساتىرىك خۇسۇسىيىتىنى كۈچەيتكىلى، شۇنىڭدەك تۈرلۈك يارىماسلىقلار ئۈستىدە كۈلۈش، بەلكى ئاچچىق كۈلۈش، كۈلۈش ئىچىدە ئويلىنىش، ئويلىنىش ئىچىدە بۇ خىل يارىماسلىقلاردىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى ئىزدەش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

گوركى: «تىل سەنئىتى خاراكتېر ھەم تىپ يارىتىش سەنئىتىدۇر» دېگەن ئىدى. گوركىنىڭ بۇ سۆزىدىن شۇ نەرسە ئېنىقكى، ئەسەرنىڭ جېنى ئوبرازدا، ئوبرازنىڭ جېنى تىلدا. ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئوبراز يارىتىشتا تىل ئىنتايىن مۇھىم. ئەسەر تىلىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك چىقىشى ئۈچۈن بىز ئەدەبىياتقا جان ئاتا قىلغۇچى ئىستىلىستىك ۋاستىلەرگە مۇراجىئەت قىلىمىز. بۇ جەھەتتە قانچىكى ماھىرلىق بىلەن ئىش قىلالىساق، ئەسىرىمىزگە شۇنچىلىك جان كىرگۈزەلەيمىز. شۇنداق ئىكەن، ماقالە ئاپتورى «تىلىمىزنى ئاسرايلى» دېگەن بۇ شوئار ئارقىلىق بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ تىل جەھەتتىكى ئۆلچىمى ئۈستىدە گەپ قىلىشى كېرەك ئىدىكى، ھەرگىزمۇ ئۇنىڭدىكى گراماتىكىلىق، فونېتىكىلىق ۋە ياكى بىر قىسىم ئىملا خاتالىقلىرىدىن خالىي بولمىغان قۇرلار ئۈستىدە ئىزدىنىپ يۈرمەسلىكى كېرەك ئىدى. دۇرۇس، گراماتىكىلىق، فونېتىكىلىق خاتالىقلار، ئىملادىكى خاتالىقلار ئەسەرگە بەلگىلىك نۇقسان يەتكۈزىدۇ، لېكىن بىر پۈتۈن ئەسەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ماقالە ئاپتورى تىلغا ئالغان «ئۇيېلىشلىقراق»، «ئاكام ئاداش» (ئىلى رايونىدا «ئاكام ئاداش»، «ئۇكام ئاداش» دېگەن سۆزلەر بىرقەدەر ئومۇملۇققا ئىگە بولۇپ، ئىلپەتچىلىكنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى يوق دېگەن

مەندە قوللىنىدۇ)، «باشلىق جېنى» (ئەسلى باشلىق جىنى بولسا كېرەك) ئۈستىدىكى مۇھاكىمە ھەرگىزمۇ بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ تىل جەھەتتىكى تەلىپىگە ئائىت مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرەلمەيدۇ، «ئۇيغۇر تىلىدا ئا، ئە تاۋۇشلىرى ئې، ئى تاۋۇشلىرىغا ئاجىزلىشىدۇ، ئەمما ئى تاۋۇشىغا نۆۋەتلەشمەيدۇ» مەسىلىسى بولسا، گراممانتىكا ۋە فونېتىكىدىن ئاز-تولا خەۋىرى بار ھەرقانداق بىر ئۇيغۇر كىتابخان ئۈچۈن ئېنىقلا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئىملا خاتالىق مەسىلىسى. ئالايلى، بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا، ئۇنىڭ ئۇنداق جىنى بار، بۇنىڭ بۇنداق جىنى بار، دەپ سۆرەتلەش دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇغۇ! بۇنىڭدىن باشقا ئەگەر بىز سەممىي پوزىتسىيە بىلەن ئادىل باھا بېرىدىغان بولساق، ئەسەردىكى «ئەدەبىي پەيزى»، «چاقچاقوپ»؛ «ماختاشوپ»، «چاپتۇرۇپ» قاتارلىق سۆزلەر ئەسلى ئەسەر ئاپتورىنىڭ سۆز ئىشلىتىش جەھەتتىكى ماھىرلىقىنى ياكى ساتىرىك ئەسەرلەردە سۆز-ئاتالغۇلاردىمۇ بىر خىل ساتىرىك خۇسۇسىيەت بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدىغان سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ.

ماخمۇت مۇھەممەت ئۆزىنىڭ «خاتىرەمدىكى سۆرەتلەر» پوۋېستى ئارقىلىق ئاشۇ كۈلكىلىك يىللاردا كىشىلەر بايقىمىغان ياكى تېخى تولۇق ھېس قىلىپ بولالمىغان نۇقتىلارنى بەدىئىي ۋاسىتە — ئوبراز ئارقىلىق يورۇتۇپ بەرگەن، ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئاچچىق كۈلگەن. ئۇ قولىغا قەلەم ئالغان دەسلەپكى يىللاردىلا ئۆزىنىڭ ساتىرىك ئەسەرلىرى بىلەن ئۆزىگە خاس يول تۇتۇپ، ئالغا ئىلگىرىلەشكە جۈرئەت قىلغانىدى. ئۇنىڭ ساتىرىك ئەسەرلىرىنىڭ دەسلەپكى نامايەندىلىرى سۈپىتىدە «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1985-يىللىق 7-سانىدا ئېلان قىلىنغان «دات» ھېكايىسىنى كۆرسىتىش مۇمكىن. ئاپتور بۇ ھېكايىسىدە ھەرخىل قاتلامدىكى ھوقۇقدارلار ئارىسىدىكى نەپسانىيەتچىلىكنى ياش مۇخبىرنىڭ سەرگۈزەشتىسى ئارقىلىق ئاجايىپ كېلىشتۈرۈپ مەسخىرە قىلىدۇ. ئەنە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ۋە ئەپچىل قۇرۇلمىغا ئىگە، تىلى ئۆتكۈر، ۋەقەلىكى رەڭگارەڭ، يېشىمى كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان ھەجۋىي ھېكايىلىرى ئارقا-ئارقىدىن جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ، ئۇيغۇر كىتابخانلىرى ئارىسىدا قىزىقىش، غۇلغۇلا قوزغىدى. «سالام يەتكۈزۈش»، «تۆت قېتىملىق تېلېفون»، «ئىككىنچى نوتۇق»، «پروتوتىپنىڭ غەزىپى»، «شېخىل بايرىمى»، «ئۆزى كەتكۈزگەن»، «كىم ھەل قىلدى» قاتارلىق ھېكايىلىرىنى شۇلار جۈملىسىدىن دېيىشكە بولىدۇ.

يازغۇچى ماخمۇت مۇھەممەتنىڭ ساتىرىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئەسەرلىرى بىرمۇنچە ئەدەب-ئوبزورچىلىرىمىز ۋە كىتابخانلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ، ئۇلارنىڭ مۇلاھىزىسى ۋە ئىنكاسلىرىغا نائىل بولدى. يازغۇچى مەتتىمىن ھوشۇر «پروزىچىلىقىمىزنىڭ 10 يىلى» ناملىق ماقالىسىدە ئۇنىڭ ئەنە شۇنداق ھېكايىلىرىگە يۇقىرى باھا بەرگەن. بۇنىڭدىن باشقا بىرمۇنچە نادىر ھېكايىلىرى ھەققىدە «ئاز ۋە ساز يېزىلغان ھېكايىلەر»

(ئاپتورى سارەم ئىبراھىم)، «ئاق تەسۋىرمۇ ئاجىز ئەمەس» (ئاپتورى ھېلىم موللايېۋ)، «كېلىشتۈرۈپ ئۇرۇلغان تۆت شاپىلاق» (ئاپتورى ئەنۋەر ئابدۇرېھىم)، «ئۆزى كىچىك، تەربىيۋى ئەھمىيىتى چوڭ ھېكايە» (ئاپتورى ئابدۇراخمان روزى)، «كۆرۈپ قالغاندىن كېيىنكى پاراڭلار» (ئاپتورى ئەكبەر سالى) قاتارلىق بىرمۇنچە ئوبزور-ماقالىلەر ئېلان قىلىندى.

شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدىكى، ماخمۇت مۇھەممەتنىڭ ھەجۋىي ھېكايىلىرىدا تۇرمۇشنىڭ كەڭ سەھنىسىدە بىر-بىرىگە ئۇرۇلۇپ-سوقۇلۇپ يۈرگەن ھەرقىسما ئادەملەرنىڭ ۋەكىللىرى ئۆز خۇسۇسىيىتى ۋە كەچۈرمىشلىرى بىلەن كۆز ئۆڭمىزدە نامايەن بولىدۇ. قاراپ باقايلى: باشقىلارنىڭ غەم-قايغۇسىدىن ئۆزىگە خۇشاللىق تاپىدىغان خۇشمۇھەممەت («خۇشمۇھەممەتنىڭ خۇشاللىقى»)؛ ئۆز خىزمەتداشلىرىنىڭ تېخنىكىلىق ئەمگەكلىرىنى ئەمەس، بەلكى سەۋەنلىك، ئاجىزلىقلىرىنى تەكشۈرۈشكە ئادەتلەنگەن كەسپىي بۆلۈم خادىمى مەتناسىرخان («تەكشۈرگۈچى»)؛ باشقىلار بىلەن كېلىش-بېرىش قىلىش ۋە بۇنى ئاشكارا ھالدا كۆتۈرۈپ چىقىشقا خۇشتار ئىلمىي خادىم زەيدۇللا زەينۇللا («ئىككى تىلەك»)؛ مەنمەنلىكنى مازار ۋە نەزىرلەردىمۇ نامايىش قىلىشتىن يالتايمايدىغان سۆلەتۋاز رەھمەت كېرىم («نەزىر كۆلكىسى»)؛ خۇي-مىجەزىگە يارىشا ئىشى ئوڭدىن كەلگەن ھەرقانداق ئادەمنى خۇشامەتچى دەپ سانايدىغان «خىزمەتدىشىم» («ھەيرانلىقتا ھەيرانلىق»)؛ ئۆستۈرۈش يولىدا ھېچقانداق رەزىللىكتىن يانمايدىغان نىزامەت («تەدبىر»)؛ كوندۇزى ئادەم، ئاخشىمى ئىت غازى ۋالەك («غازى ۋالەك»)؛ نۆۋىتى كەلسە ۋاپادار، ھالال جۇپتىنىمۇ قار سانايدىغان مەمەدان تۇرسۇن شاماخۇن («دەسسەش كېرەك»)؛ جان بېقىش ھەلەكچىلىكىدە ھەر يىلى سىياقىنى بىر قېتىم ئۆزگەرتىپ تۇرىدىغان لېتىپ بۇغالتىر («مايمۇن يىل») قاتارلىقلار بىز ياشاۋاتقان جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدا كۆزىمىزگە ئېنىق تاشلىنىپ، نەزىرىمىزدە كىنو لېنتىسىدەك ئۆتۈپ تۇرىدىغان ھايات كۆرۈنۈشلىرى ئەمەسمۇ؟

يازغۇچى ماخمۇت مۇھەممەت كېيىنكى يىللاردا قەلەمدىكى ساتىرىك ئالاھىدىلىكنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ۋە تىل بىلەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يولىدا ئىزدەندى. ئۇنىڭ «نەزمەت كۈلەڭگىنىڭ ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلىرى»، «ئاخىرقى كۈلكە»، «ئەمەلباي خۇشتارۇپنىڭ تەرجىمھالى»، «خاتىرەمدىكى سۈرەتلەر» قاتارلىق پوۋېستلىرى ئەنە شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ماخمۇت مۇھەممەت ياراتقان بۇ «ئىبرەت ئەينەكلىرى» — ساتىرىك ئەسەرلەر تۇرمۇشنىڭ كىشىلەر ئادەتتە كۆز بىلەن كۆرەلمەيدىغان، ئوڭاي ھېس قىلالمايدىغان تەرەپلىرىنىڭ سۈرەتلىنىشى. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، يازغۇچى ماخمۇت مۇھەممەت ئۆزىنىڭ ساتىرىك ئەسەرلىرى بىلەن يېڭى زامان ئۇيغۇر پروزىسىدا تېگىشلىك ئورۇنغا

ئىگە بولۇشى لازىم. بۇ نۇقتىنى ھېچكىم ئىنكار قىلمىسا كېرەك، ئەلۋەتتە.

ئۆز نۆۋىتىدە شۇ نەرسىنىمۇ ئېتىراپ قىلىمىزكى، ماخمۇت مۇھەممەتنىڭ «خاتىرەمدىكى سۈرەتلەر» پوۋېستى بەدىئىي جەھەتتە بەزى نۇقسانلاردىن خالىي ئەمەس. يەنى پوۋېستنىڭ قۇرۇلمىسى تازا مۇكەممەل ئەمەس. بەزى زۆرۈر بولمىغان ئېپىزوتلار ئۇچراپ قالىدۇ. بۇ ھال ئوبرازنىڭ مۇكەممەل تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈشىگە، ئۇنىڭ يارقىنلىق دەرىجىسنى ئاشۇرۇشقا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، گەرچە بۇ ئەسەردە قامچىلانغان ئوبرازدا بىزنىڭ مىللىي پسىخىكىمىزدىكى ئاجىزلىقلار مەلۇم دەرىجىدە يورۇتۇلغان بولسىمۇ، مەن يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەنىدەك كۈلۈش، بەلكى ئاچچىق كۈلۈش، كۈلۈش ئىچىدە ئويلىنىش، ئويلىنىش ئىچىدە بۇ خىل نادانلىقلاردىن قۇتۇلۇشنىڭ چىقىش يولىنى ئىزدەش چىقىش نۇقتا قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن شۇ خىل خۇمسىلىقلارنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن پېرسوناژلارنىڭ تەقدىرىنى ھەل قىلىش جەھەتتىكى يېتەكچى ئىدىيە ئەسەردە ئېنىق ئىپادىسىنى تاپالمىغان. يەنە بىرى، يازغۇچى ماخمۇت مۇھەممەتنىڭ مەيلى «خاتىرەمدىكى سۈرەتلەر» پوۋېستىدا بولسۇن، مەيلى باشقا ئەسەرلىرىدە بولسۇن، بەھۇدە سۆز ئويۇنى، سۆز-جۈملىلەرنىڭ ئەسەردىكى ئاساسىي خاھىشقا مۇناسىپ بولمىغان ھالدا شاخلاپ كېتىش ئەھۋاللىرى ئۇچرايدۇ.

مەن يۇقىرىدا «ئەدەبىياتىمىز ۋە تىلىمىزنى ئاسرايلى» ناملىق ماقالىنى ئوقۇغاندىن كېيىنكى ئويلىغانلىرىم بويىچە ھازىرقى پروزىچىلىقىمىزدىكى ساتىرىك ئەسەرلەرگە نەزەر ئاغدۇرۇپ، ئۆزۈمنىڭ كۆز قاراشلىرىنى قويۇپ ئۆتتۈم. مېنىڭچە، ئىلمىي مەسىلىلەردە مۇنازىرىنىڭ بولۇشى نورمال ئەھۋال. تەبىئىيكى، مېنىڭ كۆز قاراشلىرىممۇ بەزى يېتەرسىزلىكلەردىن خالىي بولماسلىقى مۇمكىن. شۇنداق بولسىمۇ بىر كىتابخان بولۇش سۈپىتىم بىلەن يازغۇچىلىرىمىزنىڭ «ئىللەت تۈزەلمىگىچە، مىللەت تۈزەلمەس» دېگەن دانا ھېكمەتنى ئېسىدە چىڭ تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرى ئارقىلىق مىللىي پسىخىكىمىزنى يېتىلدۈرۈش يولىدا كۆپلەپ ئەجىر سىڭدۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

**مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم**

# ئالتۇن روجەك

تەھرىر ئىلاۋىسى:

ئاپتور ھەم كىتابخانلىرىمىزنى ئېلىمىز ئەدەبىياتىدىكى نادىر ھېكايىلەر بىلەن تونۇشتۇرۇش مەقسىتىدە بۇ سەھىپىنى ئاچتۇق. تەرجىمانلىرىمىزنىڭ بىزنى ئەسەر بىلەن تەمىنلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

## ئىككى ھېكايە

قاينام دۆلەتى تەرجىمىسى

لىڭ كېشىن

### چۆكنەم بولۇپ قالدى

لاۋيۈي چەت ئەلگە سەپەرگە چىقىش ۋاقتىدا جېك ئەپەندىگە بىر يۈرۈش بېغىررەڭ ساپال چاي قاچىسىنى سوۋغات قىلىپ ئاپىرىش قارارىغا كەلدى. جېك ئەپەندى ئامېرىكىلىق مەشھۇر خەنزۇشۇناس بولۇپ، لاۋ يۈي بىلەن نۇرغۇن قېتىم خەت يېزىشقانىدى. تېخى دىدار كۆرۈشمىگەن بولسىمۇ، لېكىن لاۋيۈي بىلەن ئۆزىنى ئۇزۇن يىللىق دوست ھېسابلايتتى.

لاۋيۈيمۇ مەشھۇر ئالىم بولۇپ، تۆھپىسى ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئۇنىڭ بۇ قېتىم چەت ئەلگە چىقىشىمۇ جېك ئەپەندىنىڭ تەكلىپى بىلەن بولغانىدى.

— شۇنچە يىراق يەردىن ھېچقانچە پۇلغا يارىمايدىغان بىر نېمىنى كۆتۈرۈپ بېرىپ سوۋغات قىلسىڭىز، تولىمۇ ئاددىي بولۇپ قالامدۇ؟ — دېدى لاۋيۈينىڭ ئايالى ئۇنىڭغا.

لاۋيۈي ئۇندىمەي چىنە-چەينەككە قاراپ قويدى، لاۋيۈي ئۇلارنىڭ ھەققەتەن چىرايلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماقتا ئىدى، چەينەك دەرەخ سىياقىدا، ئالتە چىنىسى بولسا دەرەخنىڭ يوپۇرمىقى سىياقىدا تولىمۇ جانلىق قىلىپ ياسالغان بولۇپ، دەرەخ قوۋزاقلىرىنىڭ ئۆرۈش سىزىقلىرى ۋە يوپۇرماقنىڭ سىزىق-تومۇرلىرى قەۋەتلا ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ رەڭگى قەدىمىيچە ۋە نەپىس ئىدى. گەرچە باھاسى ئەرزان بولسىمۇ، لېكىن جېك ئەپەندى تۇرماق لاۋيۈينىڭ ئۆزىمۇ ئۇنىڭغا قارىغانسېرى مەھلىيا بولماقتا ئىدى.

لاۋيۈي ئويلايتتىكى، خەنزۇ مەدەنىيىتىگە پىششىق جېك ئەپەندىنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرمەي قېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

لاۋيۈينىڭ خوتۇنى بولسا ئۇنىڭ ئورنىغا پۇللۇقراق بىر نېمە ئېلىشنى تەۋسىيە قىلاتتى، ئەمما بۇنىڭغا لاۋيۈي ئۇنىمايتتى، قىممەت نەزەرىيىسى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇ چۈكنەم بىر نېمە ئىدى.

ئامېرىكىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن لاۋ يۈي چىنە-چەينەكلەرنى چىقىرىۋېدى، جېك ئەپەندى دېگەندەك ئالامەت خۇشال بولۇپ، ئۇنى قولدىن چۈشۈرگۈسى كەلمەي، ئارقا-ئارقىدىن «ئاۋكەي» دەپ كەتتى.

زىيارەت ئاخىرلاشقان چاغدا جېك ئەپەندى لاۋيۈينىڭ ئالدىغا چىرايلىق بىر تېرە چامادانىنى قويدى:

— ئاڭلىسام دۆلىتىڭلاردىكى ئالىم ۋە يازغۇچىلارنىڭ ھەممىسى قەلەم ئالماشتۇرۇۋېتىپتۇدەك، مەنمۇ سىزگە بىر قەلەم سوۋغات قىلدىم، قانداق؟ — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

لاۋ يۈي چامادانىنى ئېچىپ تۇرۇپلا قالدى. جېك ئەپەندى دەۋاتقان قەلەم بىر ئالىي دەرىجىلىك ئېلېكترونلۇق مېڭە ئىدى. لاۋ يۈي بەك قىممەت باھالىق سوۋغات ئىكەن، دەپ ئالغىلى ئۇنىمىۋىدى، جېك ئەپەندى ئازراق رەنجىگەندەك قىلىپ:

— سىز بەرگەن سوۋغاتنى مەن قوبۇل قىلدىم، ئەمما مەن بەرگەن سوۋغاتنى سىز قوبۇل قىلغىلى ئۇنىمايۋاتىسىز، مېنى دوست ھېسابلىمايدىغان ئوخشىمامسىز؟ — دېدى.

— ياق، ياق، ئۇنداق ئويدا ئەمەسمەن، — دېدى لاۋيۈي ۋە سوۋغاتنى ئاران تەسلىكتە قوبۇل قىلدى. قوبۇل قىلدىيۇ، سالمىقىنىڭ ناھايىتى ئېغىرلىقىنى پەملەپ، كۆڭلىدە بىئاراملىق ھېس قىلدى.

ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن لاۋ يۈي دوستلىرىغا ئېلېكترونلۇق مېڭىنى كۆرسىتىۋىدى، دوستلىرى بۇ قەلەم كەم دېگەندە يىگىرمە مىڭ يۈەن خەلق پۇلىغا يارايدۇ، دېيىشتى.

لاۋ يۈينىڭ خوتۇنى بولسا تاپا-تەنە قىلىپ كەتتى:

— قارىڭا خەققە، نەچچە تۈمەنگە يارىغۇدەك نەرسىنى بېرىپتۇ، سىزچۇ، ئاران بىرەر يۈز كويغا يارىغۇدەكلا ھجىر چىنە-چەينەك ئېلىپ باردىڭىز. تولىمۇ چۈكنەملىك بولدى بۇ.

لاۋ يۈي ئاغزىدا خەقنىڭ كۆزدە تۇتقىنى پۇل ئەمەس، دوستلۇق دېسىمۇ، لېكىن يەنىلا كۆڭلى يېرىم ئىدى.

— بۇنداقچىزە جېك ئەپەندىنى چۈكنەم ئادەم دەپ قاپتىمەن-دە؟

— خەق سىز ئېلىپ بارغان سوۋغاتنى ناھايىتى قىممەتلىك ئاسار-ئەتىقە ئىكەن دەپ قېلىپ سىزگە شۇنداق قىممەت نەرسىنى سوۋغات قىلدىمۇ يا؟ — دېدى ئۇنىڭ خوتۇنى يەنە.

— ياق، ياق، — دېدى لاۋ يۈي ئۇنىڭ بېشىنى چايقاپ، لاۋ يۈي شۇنداق دېدىيۇ، لېكىن مۇبادا شۇنداق دەپ قالغان بولسا، ھەقىقەتەن چاتاق بولغىنى دەپ، شۈبھىلىنىپ قالدى.

ئارىلىقتا ئىككى يىل ئۆتۈپ جېك

ئەپەندى جۇڭگوغا زىيارەتكە كەلگەندە
لاۋ يۈيىنى كۆرۈپ، قىزغىن قۇچاقلىشىپ
كۆرۈشتى:

— سىز ماڭا سوۋغات قىلغان چىنە--
چەينەكلەر بەك ياخشىكەن. مېنىڭ بىر
ھەمراھىم كۆرۈپ قېلىپ، ئۈچ مىڭ دوللار
بېرەي، ماڭا سېتىپ بەرگىن دەپ تۇرۇۋال-
دى، قارىڭا ئۇنىڭغا، چىنە-چەينەكنى
كۆرۈپ بىر كۆك كۆزى يەنمۇ كۆكىرىپ
كېتىپتۇ، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

— سىز سېتىۋەتتىڭىزمۇ؟ — دېدى
لاۋ يۈي دەرھال.

— نەدىكىنى. ئۇ دېگەن ئادەتتىكى
سوۋغات ئەمەس، ئۇ دېگەن مېنىڭ دوستۇم-
نىڭ كۆڭلى تۇرسا، ئۇنى ساتامدىغان.
ئۇلگىرى مەن چايغا ئانچە ئامراق ئەمەستىم.
ھېلىقى چىنە-چەينەككە ئىگە بولغاندىن
كېيىن چايغا ئامراق بولۇپ قالدىم. مېنىڭ
ھېلىقى ھەمراھىممۇ پات-پات كېلىپ چاي
ئىچىپ كېتىدۇ. ئۇ ماڭا ئاشۇنداق چىنە-چەي-
نەك بىلەن چاي ئىچسە، ئىنتايىن ئۇزاق
تارىختا ئىگە جۇڭگو مەدەنىيىتىنى تېتىغاندەك
بولىدىكەن، دەيدۇ...

لاۋ يۈينىڭ ئۇنىڭغا بۇ چىنە-چەينەك-
نىڭ نەرقى بىرەر يۈز كوي، دوللارغا
سۇندۇرۇلغاندىمۇ ئون نەچچە دوللار، دەپ
ئېيتىۋەتكۈسى كەلدىيۇ، جېك ئەپەندىنىڭ
خۇشاللىقىنى قىن-قىنىغا پاتماي كېتىۋاتقانلىق-
نى كۆرۈپ ئاخىر ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

ئەگەر ئېيتىپ قويسام، ئۆزۈم راستلا
چۆكىنەم بولۇپ قالىدىكەنمەن، دەپ
ئويلىدى ئۇ.

ۋاڭ جۇنخيۇەن

## پىكاپتىن چۈشمەيدىغان ئەمەلدار

كىشلەر شاڭجۇاڭ كەنتىنىڭ دوقمۇشىدا
غۇجمە كىلىشىپ قالغان بولۇپ، بىر پىكاپ
ئوتتۇرىدا مىدىر-سىدىر قىلالماي قالغانىدى؛
گەپمۇ ھەر خىل، گاھى-گاھىدا ھۇيت--
ھۇيت قىلغان ئاۋازلارمۇ ئاڭلىنىپ قالاتتى.

— ھىم، يارىسى ساقايغاندا ئاغرىقنى
ئۇنتۇپ قاپتۇ دېگەن شۇدە، مەنسەپدار
بولۇۋېلىپ ئەمدى بىزنى كۆزگە ئىلمەيدى-
غان بولۇپ كەتكىنىنى تېخى!

— پىكاپىغا چاپلىشىۋېلىپ قانداق
سۆلەتۋازلىق قىلغىنى بۇ، ئەينى يىللاردا
كۆپچىلىكنىڭكىنى يېگەندى، ئەمدى
بۇرنىدىن بۇلاق قىلىش كېرەك!

— جىم بولۇڭلار! — پىكاپ دېرىزىسىگە
يېقىن كېلىپ تۇرغان پىشقەدەم ياچېيكا
شۇجىسى توۋلىدى، ئۇنىڭ گۈرۈلدەپ چىققان
ئاۋازىدىن ھەممەيلەن جىمجىت بولۇپ قالدى.

پىشقەدەم ياچېيكا شۇجىسىنىڭ ئىچى
گويا ئۆركەشلەۋاتقان دېڭىزدەك بولۇپ،
روھىي ھالىتى تولىمۇ مۇرەككەپ ئىدى.

ئۇ پىكاپىتىكى ھېلىقى «ئەمەلدار» نى ئەسلەپ كەتتى — ئۇنىڭ نېمە مەنسەپ تۇتقانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ! دۆلەت رەھبەرلىرىمۇ ئۇنى يوقلاپتىكەنمىش، بۇ ھالدا ئۇنىڭ مەنسىپىنى تۆۋەن دېگىلى بولاتتىمۇ؟ ئەمەلىيەتتە، پىشقەدەم ياچېيكا شۇجىسى ئاخىر ئۇ توغرۇلۇق ئازراق ئۇچۇر غىمۇ ئىگە بولغان. ئۇ جۇڭگونىڭ بۈيۈك غەربىي شىمالىدىكى مەلۇم تەتقىقات بازىسىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرىدىن بىرى بولۇپ، ناھايىتى داڭلىق مۇتەخەسسىس ئىكەن. بىراق شاگىرتلىقلارنىڭ ئۇنىڭ قانداق مۇتەخەسسىس بولۇشى بىلەن نېمە كارى، يەنىلا ئۇنى «ئەمەلدار» دەيتتى خالاس. «ئەمەلدار» كىچىكىدىلا يېتىم قالغانىدى، كوللېكتىپقا تايىنىپ جان بېقىپ، ئالىي مەكتەپكە چىقىپ ئوقۇغان. ئەمدىلا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغاندا «تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن» ھېلىقى ھەرىكەتكە توغرا كېلىپ قالغان ـ دە، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىز ـ دېرەكسىز يوقاپ كەتكەنىدى. پەقەت بۇنىڭدىن ئون نەچچە يىل ئىلگىرىلا پىشقەدەم ياچېيكا شۇجىسى بىلەن ئالاقىلىشالىغان.

«ئەمەلدار» پىشقەدەم ياچېيكا شۇجىسىغا ئۇزۇلدۈرمەي خەت يېزىپ، كەنتتىكى چوڭلارغا بولغان ئىززەت ـ ئىكرامىنى ۋە سېغىنىشلىق ھېسسىياتىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى.

«ئەمەلدار» ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ كەنت ئاھالە كومىتېتىغا ئۈچ قېتىم پۇل ئەۋەتىپ «ئۈمىد قۇرۇلۇشى» غا بولغان كۆڭلىنى ئىزھار قىلدى.

«ئەمەلدار» نىڭ ھەر قېتىملىق خېتىدە ئۇنىڭ قەلبى ئىپادىلىنەتتى، چۈشۈمدىمۇ شاگىرتلىقنىڭ چىملىقىدا ئېغناپ يۈرگەنلىرىم ئايان بولىدۇ، دەيتتى ئۇ.

شۇڭا پىشقەدەم ياچېيكا شۇجىسى ۋە پۈتۈن كەنتتىكىلەر «ئەمەلدار» نىڭ يوقلاپ كېلىشىنى قايتا ـ قايتا ئۈتۈنگەنىدى. ئىشتىمىشلەرگە قارىغاندا، «ئەمەلدار» ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى تارتىپ چىقىرىلىپ كۆرەش قىلىنغان ئاشۇ يىللاردا، خوتۇنى ئامالسىزلىقتىن زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالغانىكەن، شۇنىڭدىن بېرى «ئەمەلدار» تەنھا ياشاپ كېلىۋېتىپتىمىش. ئۇنىڭ بويتاق ئۆتۈۋاتقانلىقىدىن شاگىرتلىقلارنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ بىئارام بولدى. لېكىن «ئەمەلدار» خەتلىرىدە ھامان ناھايىتى ئالدىراشلىقىنى، سالامەتلىكىنىڭمۇ ئانچە ياخشى ئەمەسلىكىنى ئېيتاتتى، شۇنداقلا ئۆزۈم تېخى شاگىرتلىقلارنىڭ بارالمىغىنىم بىلەن يۈرىكىم ھەر كۈنى شاگىرتلىقلارغا بېرىپ بىر ئايلىنىپ كېلىدۇ، دەيتتى... بۇنى ئاڭلىغان شاگىرتلىقلارنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ، ئۇ «ئەمەلدار» نى تېخىمۇ سېغىناتتى، «ئەمەلدار» نىڭ يولىغا تېخىمۇ قارايتتى!

مانا بۈگۈن «ئەمەلدار» غا كەنتكە كېلىپ يوقلاش پۇرسىتى ئاخىر كەلدى — ئۇ جەنۇبتىكى مۇھىم بىر ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن مەخسۇس پىكاپىغا ئولتۇرۇپ كېلىدىكەن، شۇيەجۇدىن

ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا يۇرتقا كېلىپ يوقلايدىغان، بىراق كۆپ دېگەندىمۇ يېرىم كۈنلا تۇرالايدىكەن.

— يېرىم كۈن دېسە يېرىم كۈن بولسۇن! — پېشقەدەم ياچېيكا شۇجىسى شاگىرتلارغا بۇ خۇش خەۋەرنى يەتكۈزگەندە ئىچىدە ناھايىتى ئەپسۇسلانغان بولسىمۇ، لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن، كۆرۈشمىگىلى شۇنچە يىل بوپتۇ، «ئەمەلدار»نىڭ شاگىرتىغا بولغان مېھىر-مۇھەببىتى ئۈچۈن ئۇنى كۆپچىلىك بىرەر قېتىم كۆرۈۋالسىمۇ بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن رازى بولىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. شۇ سەۋەبتىن، گويا بايرام بولغاندەك، شاگىرتلار خۇشال-خۇراملىققا چۆمۈپ، بۇ «ئەمەلدار»نى ئوبدانراق بىر كۈتۈۋالايلى دېگەن يەرگە كەلگەنىدى.

لېكىن پىكاپ ئالدى بىلەن كەنت سىرتىدىكى چوڭ-كىچىك، ئەگرى-توقاي يوللاردا بىر ھازا ئايلىنىپ يۈرگەندىن كېيىن يەنە شاگىرتىڭ كەنتنى بىر ئايلىنىپ ئاندىن كەنتكە كىرىپ كەلدى. پىكاپ كەنتتە ئاستا ئالغا سىلجىيتتى، ھېلىقى «ئەمەلدار» بولسا پىكاپنىڭ دېرىزىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ، تونۇمىغان كىشىلەرگە كۈلۈمسىرەپ قوللىرىنى پۇلاڭلاتسا، تونۇشىدىغان كىشىلەرنى ئۇچراتقىنىدا كۈلۈمسىرىگەن ھالدا «دوقمۇشقا بېرىڭلار، پاراڭلىشىمىز» دەيتتى. پىكاپ بولسا توختىماي، ئاۋۋالقىدەكلا تولىمۇ ئاستا ئىلگىرىلەپ شاگىرتنى بىر ئايلىنىپ چىقتى. پىكاپ دوقمۇشقا كېلىپ توختىغاندا، كۆپچىلىك پىكاپنى مىدىر-سىدىر قىلالمىغۇدەك قىلىپ قورشىۋالدى. پېشقەدەم ياچېيكا شۇجىسى قاتارلىق پىكاپ دېرىزىسىگە چاپلىشىپ تۇرغان بىر نەچچەيلەن «ئەمەلدار» بىلەن توختىماي پاراڭ سېلىشماقتا ئىدى. يەنە «ئەمەلدار»نىڭ لوڭگە بىلەن يېشىنى سۈرتۈۋاتقانلىقىمۇ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. پىكاپنىڭ شوپۇرى بولسا تېخىمۇ ئالدىراش: ئۇ سۈرەت ئاپپاراتىنى پىكاپ دېرىزىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ تۇرغان «ئەمەلدار»غا ۋە دېرىزە سىرتىدا تۇرۇشقان پېشقەدەم ياچېيكا شۇجىسى ۋە باشقىلارغا، ئاندىن كېيىن توپلاشقان كىشىلەرگە توغرىلاپ چاس، چاس قىلىپ سۈرەت تارتىش بىلەن بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇزاققا بارمايلا، پىكاپ دۈت، دۈت قىلىپ سىگنال بېرىپ، قايتىش ئۈچۈن «خوش، خوش» دېگەندەك قىلدى.

شاگىرتلار «ئەمەلدار»غا ئامراق ئىدى ھەم «ئەمەلدار»نى سېغىنغانىدى. پېشقەدەم ياچېيكا شۇجىسىدىن باشقا يەنە بىرمۇنچە ئائىلىلەر «ئەمەلدار»نى تازا بىر مۇڭدىشىشقا ئېلىپ قالىمىز دەپ توخۇلىرىنى سويۇپ، گۆشلىرىنى تەق قىلىپ قويغانىدى. لېكىن «ئەمەلدار» غىزا يېمىسىمۇ، كۆپرەك تۇرمىسىمۇ بوپتۇ دەيلى، ئۇنىڭ تىرىشىپ-تىرمىشىپ پىكاپ دېرىزىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ كۆپچىلىك بىلەن قىزغىن كۆرۈشكىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئادەمنىڭ تازا قورسىقىنى كۆپتۈرۈدىغىنى ئۇنىڭ باشتىن-ئاخىر پىكاپ

ئىچىدىكى ئورنىدىن ئايرىلمىغىنى بولدى! شۇ سەۋەبتىن تۈز شاگجۇاگۇلىقلار ئىچىگە پاتمىغان ئاچچىقىنى چىقىرىشقا باشلىغانىدى...

پىشقەدەم ياچىيكا شۇجىسى كۆپچىلىكنىڭ ئاغزىنى باسقاندىن كېيىن پۈتۈن يۈزى كۆز يېشى بىلەن يۇيۇلغان «ئەمەلدار»غا قاراپ، ھەم يالۋۇرغاندەك، ھەم بۇيرۇق بەرگەندەك، ئاستا ئاۋازدا تاپىلدى:

— ئاغىنە، دوستۇم! شاگجۇاگۇلىقلارنى چۈشەنگىن، پىكاپىڭدىن چۈشۈپ، يۇرتداشلار-غا خوش دەپ قويساڭچۇ!

«ئەمەلدار» ئىنتايىن ئەمەلنىڭ بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى ۋە شوپۇرغا قاراپ قول ئىشارىتى قىلدى.

ھايال ئۆتمەي شوپۇر پىكاپتىن

.

بىرەيلەننى ھاپاش قىلىپ چۈشتى.

يۇرتداشلار بۇنى كۆرۈپ ھەيرانۇ ھەس بولۇپ قېلىشتى — ئۇ «ئەمەلدار»-نىڭ ئۇستۇنكى ئەزاسىلا بار ئىدى!

شوپۇرنىڭ كۆزىدىن تارام-تارام ياش تۆكۈلمەكتە ئىدى، ئۇ پىشقەدەم ياچىيكا شۇجىسىغا قارىدى:

— پىشقەدەم مۇتەخەسسىس ئالدىنقى يىلى ئۇستىخان راكىغا گىرىپتار بولۇپ قالغانىدا ئىككى پۇتى كېسىۋېتىلگەن! — دېدى ئۇ.

— ئاھ!

شاگجۇاڭ كەنتىنىڭ دوقمۇشىدا بىردىنلا كۆتۈرۈلگەن يىغا ھەممە يەرنى بىر ئالدى.

(خەنزۇچە «تاللانغان مىكرو ھېكايىلەر مەجمۇئەسى» نىڭ 1997-يىللىق 2-سانىدىن)

**مەسئۇل مۇھەررىر ئۇسمانجان ساۋۇت**

# ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار

## قايغۇلۇق خەۋەر



مەزمۇنغا باي لىرىك شېئىرلىرى ۋە بىر قىسىم نەسرىي ئەسەرلىرى بىلەن كەڭ كىتابخانلارغا تونۇلغان ئىقتىدارلىق شائىر ئەركىن نىزامى كېسەل سەۋەبى بىلەن 1996-يىلى 17-دېكابىر 56 يېشىدا غۇلجىدا بەختكە قارشى ۋاپات بولدى.

ئەركىن نىزامى 1940-يىلى ئاتۇشتا تۇغۇلغان. 1947-يىلىدىن 1951-يىلغىچە باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان. 1951-يىلى ئائىلىسى بىلەن قورغاس ناھىيىسىگە كۆچۈپ چىقىپ، باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتكەن. 1956-يىلىدىن 1959-يىلغىچە شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئاتۇشتا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1961-يىلى سول لۇشيەنىنىڭ تەسىرىدە چەتكە قېقىلىپ، خىزمەتتىن ئايرىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن 1979-يىلى خىزمىتى ئەسلىگە كەلگەنگە قەدەر غۇلجىدا ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن، خىزمىتى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن غۇلجا شەھەرلىك 16-ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە غۇلجا شەھەرلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپىدە ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن.

ئەركىن نىزامى كىچىكىدىنلا ئەدەبىياتقا قىزىققانتى. ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا چەت ئەللەرنىڭ كۆپلىگەن ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ، دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ بىر قىسىم نەمۇنىلىرى بىلەن تونۇشقان. لۇشۈن، گومورۇ، زونۇن قادىرى، ل. مۇتەللىپ، ت. ئېلىيېۋ قاتارلىق كۆپلىگەن ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى بېرىلىپ ئوقۇغان. بۇ ئۇنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان قىزىقىشىنى كۈچەيتكەن. ئۇنىڭ شۇ چاغلاردا يازغان شېئىرلىرى ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە ساۋاقداشلىرىنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى قوزغىغانىدى. ئۇنىڭ تۇنجى شېئىرى — «بايرام قىلىۋاتىمىز» 1957-يىلى «شىنجاڭ ياشلىرى» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان. شۇنىڭدىن تارتىپ تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر ئۇنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى گېزىت-ژۇرناللاردا 100دىن ئارتۇق شېئىر، نەسر، ناخشا تېكىستلىرى ۋە «ئادەمنىڭ قىممىتى» قاتارلىق 10 نەچچە پوۋېست، ھېكايە، ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغان. 1996-يىلى ئاپرېلدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن «كەچكۈز چېچەكلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىنغان.

ئەركىن نىزامى ھايات ۋاقتىدا شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، غۇلجا شەھەرلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئىدى.

بىز شائىر ئەركىن نىزامىنىڭ ۋاپاتىغا چوڭقۇر قايغۇمىزنى بىلدۈرىمىز.

# ئاپتورلارغا خەت

• ھۆرمەتلىك قەلەمكەش دوستلار!

1997 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 15 ـ قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، شياڭگاڭ ۋەتىنىمىز قوينىغا قايتىپ كېلدى، ئارمىيىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى خاتىرىلەندى. شۇڭا بىز ئاپتورلىرىمىزنىڭ مەزمۇنغا باي بۇ خاسىيەتلىك يىلدا ئىدىيىۋىلىكى چوڭقۇر، بەدىئىيلىكى يۇقىرى، دەۋرنىڭ ئاساسىي مۇقامىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، كۈچلۈك بەدىئىي جەلپكارلىققا ۋە تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە، ئامما ياقتۇرىدىغان ئېسىل بەدىئىي ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ئىجاد قىلىپ، 1997 ـ يىلى قانات يايدۇرۇلىدىغان ئەھمىيەتلىك پائالىيەتلەرگە ئۆزلىرىنىڭ سەرخىل ئىجادىيەت مېۋىلىرى بىلەن قاتنىشىشىنى تەشەببۇس قىلىمىز. ژۇرنىلىمىز 1997 ـ يىلى ئاساسىي مۇقام ياڭرىتىلغان بەدىئىي ئەسەرلەرگە، بولۇپمۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدىكى ئېسىل ئەسەرلەرگە تېخىمۇ كەڭ قۇچاق ئاچىدۇ.

تارىخىي بۇرچ تۇيغۇسى كۈچلۈك، مەسئۇلىيەتچان ئەدىبلەر توغرا ئىجادىيەت ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، قايناق تۇرمۇشقا، ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، تارىخقا، جەمئىيەتكە، خەلققە، ئەۋلادلارغا مەسئۇل بولۇپ، ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ئۈستىدە ئەستايىدىللىق بىلەن ئويلىشىپ، جانلىق، تەسىرلىك دەۋر تېپىلىرى يارىتىلغان، ئۇلۇغ يېڭى دەۋرىمىزنى، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان خەلقىمىزنى، ئىنتىپاقلىقنى، مۇقىملىقنى مەدھىيىلەيدىغان نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىش ئارقىلىق خەلق ئاممىسىغا كۈچلۈك ئىلھام بېرەلەيدۇ. ژۇرنىلىمىز ئۇلارنىڭ 1997 ـ يىلدا ئىجادىيەت قىزغىنلىقىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ، يېڭى نەتىجىلەرگە ئېرىشىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

يولداش جياڭ زېمىن: «جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈشنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يىلتىزى جۇڭگو خەلقىنىڭ تارىخنى يارىتىش پائالىيىتىدە»، «خەلقىنىڭ تارىخنى يارىتىش پائالىيىتى جەريانىدا سەنئەت ئىجادىيىتى ئېلىپ بېرىش، خەلقىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش تەرەققىياتى جەريانىدا سەنئەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك» دېگەنىدى. زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ قاينام ـ تاشقىنلىق قۇچىقى ئىقتىدارلىق قەلەم ئىگىلىرىنى چىللىماقتا. بىز ئۇلارنىڭ ئاشۇ ئۇلۇغ ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، ژۇرنىلىمىزنى خەلققە كۈچلۈك مەدەت ۋە ئىلھام بېغىشلايدىغان، كىشىلەرنى ئالغا ئېتىشقا، تۇرمۇشنىڭ قىياپىتىنى يېڭىلاشقا ئۈندەيدىغان جانلىق، تەسىرلىك، تىپىك ئوبرازلار يارىتىلغان، مۇقامى ئۈستۈن، بەدىئىي قىممىتى يۇقىرى ئەسەرلەر بىلەن كۆپلەپ تەمىنلەپ، 1997 ـ يىلدىكى ئەھمىيەتلىك پائالىيەتلەرگە مول سوغا تەقدىم قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

قەلەمكەش دوستلىرىمىزنىڭ تېنىگە سالامەتلىك، ئىجادىيىتىگە مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمىز.

**«تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى**



ھامىدىن نىياز، مە-
جىت ناسىر ۋەكىللەر
بىلەن سۆھبەتتە



ئاپتونوم رايونلۇق ئەدە-
بىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەش-
مىسى ٥-نۆۋەتلىك ھەي-
ئەت رىياسىتى ئەزالىرى




ھەر مىللەت ۋەكىللىرى
قىزغىن سۆھبەتتە



گۇرۇپپا مۇزاكىرىسە-
دىن كۆرۈنۈش

ئابلىز ئابدۇللا فوتوسى




تارىم

《塔里木》文学月刊（维吾尔文） TARIMA MONTHLY LITERATURE JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

编　辑：《塔里木》编辑部
出　版：新疆人民出版社
排　版：《博格达》 电子排版中心
印　刷：新疆新华印刷厂
发　行：乌鲁木齐市邮局
国外发行：中国国际图书贸易总公司
订阅，零售：各地邮局所

1997-يىل 3-سان (433-سان). 47-يىل نەشرى.
تۈزگۈچى: «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى.
ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22-قورۇ، تېلېفون نومۇرى: 4516214
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى. «بوغدا» ئېلېكترونلۇق
مەتبەئە مەركىزىدە تىزىلدى. شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ.
جۇڭگو كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ.
مەملىكەت بويىچە ھەممە جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ.

国际标准刊号：ISSN 1002—9044
国内统一刊号：CN 65—1010/I
国外代号：M 4461
邮发代号：58—66　定价　4·00元

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:
مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرى:
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋەكالەت نومۇرى: M 4461
پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 66-58، باسما تاۋاق: 10، باھاسى 4.00 يۈەن

邮政编码：830000　پوچتا نومۇرى:

广告许可证：新工商广字 00528139 号